ISSN 1002-9044

# تارىم

12

1994

ISSN 1002-9044

12>

9 771002 904009

## ئىمىن تۇرسۇن

## ئىجادىيىتى مۇھاكىمە

## يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



تون كىيدۈرۈش









قەييۇم تۇردى، ئوبۇل ئىسلام، ئابلىز ئاتاۋۇللا، مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن (ئوڭدىن سولغا) لار سۆز قىلماقتا.





[illegible] گۈل تەقدىم قىلماقتا

[illegible] سوۋغا تەقدىم قىلىش

# تارىم

باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇ-
سالام توختى، ئابدۇرۇسۇل
ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي،
ئارسلان، ئالىمجان ئىسمائىل،
ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنئاي
ھۈسەيىن، خالىدە ئىسرائىل،
زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى،
مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختەر
مەخسۇت، ئوسمانجان ساۋۇت،
ئىمىن تۇرسۇن.

ئايلىق ئەدەبىي ژورنال

44-يىل نەشرى

12

1994

# بوستاندا


## نەسرىي ئەسەرلەر

جالالدىن بەھرام ...... قۇملۇقتىكى ئاتەش (پوۋېست) ...... 13
ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ...... ئىككى نەسىر ...... 55
نۇرگۈل يۇنۇس ...... ئېتىقاد شۇنداق تۇغۇلىدۇ (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... 64
ئالتۇنگۈل رەجەپ ...... شاپائەت پەرىشتىسى (ھېكايە) ...... 73
ئالمىجان رەجەپ ...... يىتكەن ئايال (ھېكايە) ...... 80

## شېئىرلار

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ...... يېشىل قارىغاي ...... 4
توختىمۇھەممەت تۇردى ...... غەزەللەر ...... 4
ياسىن زىلال ...... قۇتلۇقنامە ...... 7
ماھمۇد زەيدى ...... مۇبارەك ...... 8
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ...... كۆيۈمدە بار ياڭقۇنلۇق مېھىر ...... 8
مۇھەممەت روزى ...... سەن قەلبىمنى يورۇتقان قۇياش ...... 10
مامۇت زايىت ...... ئاق-قارا سۈرەتلەر ...... 44
مۆمىن سەپىرى ...... ئۆمۈر ئارخىپىدىن تەرمىلەر ...... 48
ئۆمەرجان سىدىق ...... تۇرپان ...... 49
ئابدۇرېھىم زۇنۇن ...... بەك يىراقتىن كۆيلىدىم سېنى ...... 50
ئەكبەر ئىمام ...... دوقمۇشتىكى كەچلىك بازار ...... 51
ھوشۇر ئەھەت ...... ئەينەك ئالدىدا ...... 52
ئەركىن داۋۇت ...... ئەزىز يۇرتۇم گۈزەلسەن، گۈزەل ...... 52
ئەخمەتجان تۇرۇپ ...... سەھرادىكى بۇلاق كۈيلەيدۇ ...... 89
ئابدۇكېرىم ئەبەي ...... گادىرماش خىياللار ...... 91
ئابدۇلئەھەت داۋۇت ...... بېھىش ئەنداز ئالغان دىيارىم ...... 92
مۇھەممەتجان يۈسۈپ ...... مۇھەببەت شۇنداق ...... 93

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

قەييۇم تۇردى ...... ئاتاقلىق ئەدىب ئىمىن تۇرسۇن ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز ...... 94
ئابلىز ئاتاۋۇللا ...... ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ تىلشۇناسلىق، تىل-يېزىق ساھەسىدىكى تۆھپىلىرى مەڭگۈ قەدىرلىنىدۇ ...... 98
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ...... نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى تۆھپىكار ئۇستاز ...... 102
ئابدۇرۇپ پولات ...... يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى توغرىسىدا ...... 104
ئەكبەر قادىر ...... قەدىرلىنىدىغىنى خاسلىقتا ئىگە خاراكتېر ...... 114

## مەسەل- ساتىرىلار


م. سادايى.............. مەسەللەر.............................. 121
تۇرغان شاۋۇدۇن.............. ئىككى مەسەل.............................. 122


## كىتابخانىلاردىن خەت


پازىل قادىر.............. كۆكۆل سۆيگۈسى.............................. 125
ئابلىز مەتىمىن.............. كېچىكىپ يېزىلغان ماقالە.............................. 128


## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


پېشقەدەم شائىر مۆمىن سەپىرى.............................. 129


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ئاندرېي موروۋا.............. چوڭ چىركاۋ (ھېكايە).............................. 131


## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن


ئابلىكىم كېرەم.............. ئىككى ھېكايە.............................. 133
رىزىۋانگۈل ئابلىز.............. پەرزەنت ۋە مۇھەببەت (ھېكايە).............. 134
ھىمىت ياسىن.............. بىر سەھرالىقنىڭ شەھەردە كۆرگەنلىرى (ھېكايە)... 137
گۈلبەھرەم جاپپار.............. تەلەپ (ھېكايە).............................. 139
ئوسمانجان ئابدۇرېھىم، ئىدرىس مەتسېيت، ئېزىزجان ھوشۇر، غوجىمۇھەممەت قابىز، ئابدۇلئەھەت ھەسەن، مەخمۇت مۇھەممەت، ئېلى ئابدۇقادىر، نۇرمۇھەممەت خېلىل، ئەمەتجان مۇھەممەت.............................. (شېئىرلار).............. 140


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


ئىمىن تۇرسۇن ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى... 145
قايغۇلۇق خەۋەر.............................. 147
1994 - يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجە.............................. 149


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ
مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن

ئابدۇرېهىم ئۆتكۈر

## يېشىل قارىغاي

ئاھ، يېشىل قارىغاي، بوغدا قارىغىيى،
ئىلھامىم سەن بىلەن قاقىدۇ قانات.
بىلمەيمەن قايسى كۈن سىنىڭ ئۈتۈگىنى،
ئىچىمگە سالدىكىن ئۇ تەگرى-بايات.

جاھاندا دەل-دەرەخ تۈرلىرى كۆپتۇر،
لېكىن مەن بىرگىنە سىنى سۆيىمەن.
دەسلەپكى سۆيگۈمدەك ئىختىراس بىلەن،
مەن پەقەت بىرگىنە ساڭا كۆيىمەن.

كۆيىمەن شۇ سىنىڭ ئۇز قامىتىڭگە،
« ئىلىق » تەك تىك تۇرار جاسامىتىڭگە.
كۆيىمەن قىش-يېزى سۇلماي، سۇلاشماي،
مەردانە ياشىغان جاسارىتىڭگە.

قۇياش ئەركىلىتىپ سۆيگەندە كۈندۈز،
مەغرۇرلىنىپ ئاڭا ئېرىپ كەتمەيسەن؛
قار-بوران ياۋۇزلۇق قىلغان كېچىلەر،
ئېگىلىپ، تىز پۈكۈپ، سۇنۇپ كەتمەيسەن.

تىك تۇرۇپ ياشىغاچ، قامىتىڭ تۈپتۈز،
تۈزلۈكۈڭ ھەممىدىن ئۇزلۇقىڭ سىنىڭ.
ھۆسنۈڭ قانچە ئۇز، خىسلىتىڭ شۇنچە،
گۈزەللىك تاجىدۇر تۈزلۈكۈڭ سىنىڭ.

مەردانىلار خىسلىتى تۈزلۈك بولغاندەك،
كورلارغا يول باشلار ھاسا تاياقمۇ تۈز؛
سۈكۈنات ئىچىدە مىڭ يېنىپ ئېرىپ،
زۇلمەتنى قوغلىغان شام چىراغمۇ تۈز؛
مەسچىت مۇنارىمۇ تۈز،
چىركاۋ تۇۋرۇكىمۇ تۈز.
قۇياشىڭ يەتتە قات ئاسماننى تېشىپ،
يەر ئۆزرە چېچىلغان نۇرلىرىمۇ تۈز.

.چاقماق ئەگرى بولغاچ، ئۆمرى بەك قىسقا،
يالت قىلىپ كۆرۈنەر ھەم ئۆچەر شۇدەم.
تۈزلۈكۈڭ بىلەن سەن ئەي يېشىل قارىغاي،
ئەسىرلەر ياشايسەن بولۇپ مۇكەررەم.

سۆيىمەن ھەممىدىن شۇ تۈزلۈكۈڭنى،
چىدام-غەيرەت بىلەن چىن ئۇزلۇقۇڭنى.

توختىمۇھەممەت تۇردى

## غەزەللەر

### 1

يۇرەكتە بىر شىرىن پىژ-پىژ، كۆڭۈلنىڭ ھىچ ئارامى يوق،
ئەقىل شاھىمۇ قورشاۋدا، ئارام چىللاشقا چامى يوق.

ئېرىققان ھېسلىرىم قايناپ خىيال دەرياسىغا ئاتتى،
چىقىشقا ئۇشبۇ دەريانىڭ تېيىز-دۆڭرەك تارامى يوق.
چۈشۈمدە بىر پەرى زالدا ئۇسسۇل ئوينار ئېتىپ قاشنى،
چاۋاك چالسامۇ پەرۋاسىز كىرىپ كەتكەي سالامى يوق.
سوۋۇپ سەزگۈم مەيۈس تۇرسام تۇتۇپ گۈل ئۇ گۈزەل كەلگەي،
گۈلنى ئۇپكىچە غايىب بولۇر، چۈشنىڭ داۋامى يوق.
سىرىمنى كۆچۈرۈپ خەتكە ئەۋەتتىم كۆپ قۇياش، ئايدىن،
قۇرۇق ياندى ئۇلار دائىم، جاۋابەن سۆز كالامى يوق.
مۇھەببەت سازىغا سالدىم ساداقەتتىن ئېشىپ زەرتار،
چالايكى، ئەھلى ئاشىقنىڭ بۆلەك بۇندىن مۇقامى يوق.
ئەگەر ئۇ دىلرەبا بولسا ھۆسنىنىڭ تەختىگە سۇلتان،
ۋاپا ئىقلىمىدا مەندەك ئۇنىڭ سادىق غۇلامى يوق.
ۋىسال جامىدا مەي بەرسە ساداقەت ساقىسى قۇيغان،
كۆيۈشكە رازى ت.تۇردى، ئۇ ياردا ئىنتىقامى يوق.

2

كەپتىرىم كەلدى مانا، باقتىم ئۇزاق پەرۋازىغا،
ئەگدى، قوندى بۇرۇنقى پەغىزىگە-جازىغا.
ئولتۇرۇپ پەغەزدە بىر پەس جۇلغىدى، تۈك تاشلىدى،
ئېھتىمال، زوقلاندى ئۇ يۇرتىنىڭ باھارى-يازىغا.
يادىگار بولسۇن دىبان بەرگەن ئۇنى بىر يىل بۇرۇن،
چەت-يىراق جايدا تۇرۇشلۇق تۇغقىنىم نۇرغازىغا.
ئانا يەر مېھرى دىلىدا لەك ئۇرۇپتۇ ھەر ۋاقىت،
بەك سېغىنغاندەك قىلۇر باقسام ئۇنىڭ ئەلپازىغا.
ئۆگزىگە چۈشكەنچە ئۇنلەپ كەتتى ئۇ بۇق-بۇق ئېتىپ،
مېنمۇ تۇتتى يىغا سالسام قۇلاق ئاۋازىغا.
سۇ ئەمەس، ئىچتى ھۇلاقتىن جان ھۇزۇرى-بەھرىنى،
ئالدى ئۇندىن كۈچ، جۇلانى پەرلىرىگە-بازىغا.
خۇددى چۈشكەندەك ساماغا بىر كۆۋۈكنى چۆرگىلەپ،
ئەيلىدى ئىزھار ئەقىدە دوستلىرى، ھەمرازىغا.
مەن ئاڭا باققانچە غەرق بولدۇم خىيال دەرياسىغا،
بىر ئۇلۇغ خىسلەتنى جا ئەيلەپتۇ ئۇ ئۇبرازىغا.
بىر كىچىك جانىۋار مۇقەددەس سۆيگۈدىن بەردى بىلىم،
ئېھتىرامدا ئەگدى باش ت.تۇردى ئۇ ئۇستازىغا.

3

ئولتۇراتتى باغدا گۈلقىز، چۈشتى ئالما توك قىلىپ،
چۆچىدى (قىزنىڭ يۈرەكى كەتتى شۇ تاپ پوك قىلىپ).
نە بوران يوق، نە كىشى، چۈشمەيتتى ئالما پىشمىسا،

قارىدى ئەتراپقا قىز تەشۋىش، گۇمانىنى موك(1) قىلىپ.
كۆردى قىز، بەرنا يىگىت چاپچىپ تۇراتتى شورىدىن،
ياندۇرۇپ دىل سىرلىرىنى كۆزلىرىدە توك قىلىپ...
كۈنسېرى ئايلاندى سىرلىق كۆز خىيالغا قىز ئۈچۈن،
گاھى جىمغۇر، گاھىدا سۆزلەپ كېتەر شوك-شوك قىلىپ.
قىز ئايىغى تېزلىدى، ئۆيگە كىرەر، باغقا چىقار،
پىشمىغان ئالما ئۈنى قويدى ئەجەپ سوك-سوك قىلىپ.
قىز چۈشەندى، ئەسلىدە ئۇ ئالمىنى يەرگە ئەمەس،
كۆلگە ئوخشاش قەلبىگە ئاتقانىكەن چولتوك قىلىپ.

## 4

ئاڭلىدۇق، يۇرتتا ئاتالدى «باقباي» دەپ نامىڭىز،
قىلدى كۆپلەرنى جەلپ بايلىقتا قوچقان «شان» ىڭىز.
راستلا بايسىز، پىرقىرايسىز نەچچە ئون مىڭ كوي بىلەن،
تاغ، قوتاندا ئاشتى يۈزدىن قوي، كالا، ئات سانىڭىز.
ساتقىلى تەخلەپ قويۇلغان خىلمۇ خىل مال، ياغ، گۆرۈچ...
ھەق دېسەك بايلىق كېنىدۇر ھويلىڭىز، ئۆي-خانىڭىز.
سىز ئېلىپ ساتقان گىلەم ئاشقاندۇ مىڭدىن ھەقاچان،
باقمىدى بىرنى سېلىپ ئۆيگە، بىراق جانانىڭىز.
ئالدىرايسىز پۇل ئۈچۈنلا سومكىدا زاغرا، كۆمەچ،
پايلىماس ئىسسىق تاماققا نەپسى پۇل شەيتانىڭىز.
جۈپتىڭىز نىمكەش كىيىمدە قالدى كۆپ تويدا چېنىپ،
بولدى بۇمۇ يۇرت ئىچىدە «ساددا باي» ئۇنۋانىڭىز.
يېيىشى كۈندە قورۇق نان، ئىچىشى يوبدان، ئۇماچ،
ئولتۇرار باغلاپ لېۋى گەز بەش بالا دىل-جانىڭىز.
كۆرسە راھەت پەيزىڭىزنى كۆككە يەتمەسمۇ بېشى،
باي بالام بار، دەپ قۇۋانغان شۇ ئانا غەمخانىڭىز؟
مەلىڭىزدە كەمبەغەل بىچارىلەرغۇ ئاز ئەمەس،
بولمىدى شەپقەت چېيىغا بىرىمۇ مېھمانىڭىز.
بالىڭىز پارتام سۇنۇق دەپ كەلدى مەكتەپتىن تالاي،
تاممىدى قەترە بۇغۇنلار بەختىگە ئېھسانىڭىز...
«باي» سۆزى سىزگە لەقەم، روھىي گادايسىز، ئەي ئاكا،
تولمىدى مەردلىك ساخاۋەت شەربىتىگە جامىڭىز.
قالدىڭىز پىكرىمدە سىز كارۋانغا ئوخشاش بى نىشان،
يۈكىڭىز — پۇلغا پەۋەس ئىشكاپ بىلەن ھەميانىڭىز...

(1) موك — كۆپ، تولا مەنىسىدە.

5

يۈرەك بىتاپ چېچى سۇمبۇل، قېشى قۇندۇز پىراقىڭدا،
سۆزى كەۋسەر، يۈزى ئەنۋەر، كۆزى يۇلتۇز پىراقىڭدا.
تېنىم قاقتەك قۇرۇر ئاتەش خىيالىڭ چۈشسە يادىمغا،
تېگىپ باقسامۇ كۆكسۈمگە بىكاردۇر مۇز، پىراقىڭدا.
جامالىڭ چەشكە باي خامان، ئۆزۈم ئاچ مىسلى كۆك كەپتەر،
كېتەلمەي كۆكتە ئەگىمەن داۋام گۈلئۈز، پىراقىڭدا.
سېنى بىر كۆرمىسەم، يارەب، كېچە تاڭ ئاتمىقى مۇشكۈل،
قۇياشمۇ پاتمىقى مۇشكۈل كۆيۈپ كۈندۈز، پىراقىڭدا.
كۆزۈڭ چەشمەسىدىن تەشنا كۆڭۈل سۇ ئىچمىسە زارمەن،
گېلىمدىن ئۆتمىگەي كۈنلەپ تۇزۇڭ ئاش-تۇز، پىراقىڭدا.
ئەجەب سەيلى خۇمار بولدۇم چېچەك ئاچقاندا گۈلباغلار،
كۆڭۈلسىز ئۆتتى يىگانە گۈزەل نورۇز، پىراقىڭدا.
قىزىلگۈل ئاشىقى بۇلبۇل بىلەن ئەيلەشتى دىل ئىزھار،
ئۆزۈم بىر چەتتە ئەسرارسىز غېرىپ يالپۇز، پىراقىڭدا.
ت. تۇردى ئىشقى مېھنەتتىن ۋىسال گۈلشەنى كۈلگەي دەر،
ئۆتەي تاقەتنى يار ئەيلەپ كۈتۈپ يالغۇز پىراقىڭدا.

ياسىن زىلال

## قۇتلۇقنامە

ئۆرگۈلدى پەلەك،
چۆرگۈلدى پەلەك.
تويۇڭدۇر بۈگۈن ئەدىب پاك تىلەك.
باغلاردىن ئۈچتى مىڭلاپ كېپىنەك،
بۇلبۇلدىن سالام يوللىدى چېچەك،
قۇتلۇق مۇبارەك، ئۇتلۇق مۇبارەك.

تارىم-يورۇڭقاش، ئېرتىش بىلەن قاش،
خانتەڭرى-بوغدا، سايرام ۋە باغراش،
تا ئىلچى، قەشقەر، قورغاس ۋە باغداش
كۈلمەكتە خەندان قوۋمى قېرىنداش،
بۇ بىر مۇئەمما-دىلداش، دىلى ياش،
تاشتى كۆزۈمدىن مىڭلاپ گۆھەر تاش.

تويۇڭنى قىلدۇق يەتمىش يېشىڭدا،
ئاچچىق كەچمىشلەر ئاپئاق بېشىڭدا،
تاغلارغا تەققاس سۇباتلىق قەددىڭ،
دەريا تولغانمىش پىنھان يېشىڭدا.
ئەل كۈلسە كۈلدۈڭ، ئەل دەپ پۈكۈلدۈڭ،
زالىم زاماندا ئەل دەپ سۆكۈلدۈڭ.
ئۆلمەس ئەقىدەڭ،
ئۆچمەس قەسىدەڭ.
ئاق بەتكە ئىسسىق قاندەك تۆكۈلدى،
دىللارغا ھۆرمەت نامىڭ پۈتۈلدى.
شائىر مۇسابەڭ ئۈچۈن مۇبارەك،
يۈرەك-باغرىمدىن پۈتۈن مۇبارەك.

سەن تۈندە بىدار، كۆزۈڭدە ناھار،
چۆللەرنى كەزدىڭ، مېھرىڭدە ئەنھار.

بوغدانى قۇچتۇڭ، بېشىڭدا ئاق قار،
روھىڭدا ھەر تاڭ قۇياش نۇرلىنار،
مىڭ بارىكاللا ساھىبى قەلەم،
تەشەككۈر ساڭا ئەزىز-مۆھتەرەم.

ئەل ئەسلى ئاقىل، ئەل ھۆكمى ئادىل،
ئەلنى سۆيگەننىڭ مۇرادى ھاسىل،
سەن ئەلنى سۆيدۈڭ ئەي ئەقلى كامىل،
ئەل بولدى قايىل مەۋلانا پازىل.
ئاھ، كىم شۆھرەتكەش بىچارە سائىل،
كىم بولسا پەسكەش-لەببەيگە مايىل.

سەن پاك قەلەمكەش، غەمكەش،
ئەلەمكەش،
ئەل قىلدى ئاخىر شۆھرەتكە نائىل.

مىسكىن خىيالدا، روھىم سوئالدا،
نە سوۋغا مەندەك بەختى ھىلالدا.
ئۇتقىن قولۇمنى، بەرگىن ئۇدۇمنى،
يۇياي يولۇڭنى ئابى زىلالدا.
قاچان كىم دېسە مېنى ئۇستازىم،
ئالدىڭغا بېرىپ قىلمەن تازىم!

**ماھمۇت زەيدى**

## مۇبارەك

تىلشۇناس، شائىر ئاكا ئىمىن تۇرسۇن،
مۇبارەك يەتمىش يېشىڭ، قۇتلۇق بولسۇن.
قەلەمنى دۇلدۇل قىلىپ يېرىم ئەسىر،
ئۆرلىدىڭ، توستى يولنى بوران-چاپقۇن،
كەينىڭدە قالدى نى-نى جاپا-توسقۇن.

يولۇڭدا جۇرئەت تولپار، كۆزۈڭ دۇربۇن،
قەلبىڭدە ئەل ئۈمىدى چاچتى يالقۇن.
بىللارغا سىرداش بولۇپ «ھەۋەس» بىلەن،
غەزەلگە ئاشىقلارنى قىلدىڭ مەمنۇن،
نەزمەڭگە ئەۋلادلارنى ئەتتىڭ مەپتۇن.

«تارىمدىن تامچە» ساناپ سەن ئۆزۈڭنى،
دەرياغا چۆكتۈڭ خۇددى غەۋۋاس بولۇپ.
يەتمىش ياز، يەتمىش ئاياز، «سەپەر سەزگۈڭ»
بىز ئۈچۈن قالدى ياخشى مىراس بولۇپ.
ئوقۇيمىز كىتابىڭنى ئىخلاس قويۇپ.

ئوقۇسام «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى
ۋە ياكى زەللىنىڭ كىتابىنى.
قەلبىمگە نەقش ئۇيدى ھەر ۋاراقى،
ئاڭلىدىم بوۋىلىرىم خىتابىنى،
سۈمۈردۇم ھېكمەتلەرنىڭ شارابىنى.

«كەلىلە ۋە دەمنە»، «مىڭ بىر كېچە»
ماڭا كۆپ ئەقىل بەردى بۈگۈنگىچە.
تەرجىمەڭ ئەدەبلەرگە بولدى ئۆرنەك.
مول ئىلھام ئالدىم ئۇنى ئوقۇغانچە،
گۈل ئاچتى دىل بېغىمدا ھەر بىر غۇنچە...

ئىجادىڭ مەشئەل كەبى يېنىپ تۇرسۇن،
بېشىڭغا بەخت قۇشى كېلىپ قونسۇن.
سەنئەتكار خەلقىم بىلەن ياشا مەڭگۈ،
ھەر كۈنۈڭ، ھەر قەدىمىڭ گۈلگە تولسۇن،
كېيىنكى ئۆمرۈڭ ئۇزۇن-ئۇزۇن بولسۇن!

**ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر**

## كۆيۈمدە بار يالقۇنلۇق مېھىر

1

سەن ئۈنجى بېغىمغا باسقاندا ئاياغ،
چىقاردىم تەختىمگە سېنى ئاۋايلاپ.
سەن كۆڭۈل ئۆيۈمنى قىلغاچ خوش پۇراق،
كۆي قوشتۇم كۆلكەڭگە دەريا-دەريالاپ.

مەن كىيىپ شادلىقنىڭ تاجىنى شۇدەم،
تەبەسسۇم ئەيلىدى مەڭزىمدە قۇياش.

مەن سېنى مەڭگۈلۈك بىلىپ پەرىشتەم،
سېنىلا بەختىمگە ئەتكۈزدۈم باغاش.

مەن كۈتكەن ۋىسالغا چۆمۈلدى يۈرەك،
مۇھەببەت ھەممىنى قىلدى بىزگە تەل.
ئەمما سەن يوشۇرغان غەيرىي بىر تىلەك،
بەختىمگە ھايالسىز باشلاپ كەلدى سەل.
يوقالدى بارلىقىم چېچىلدىم قۇمدەك،
سەن كەتتىڭ روھىمنى يىراق يېتىلەپ.
چىڭ قامال ئەيلىدى مېنى بىر تىترەك،
مۇھەببەت سەپىرىم ئۈزۈلدى بىر-بىرلەپ.

بولسامۇ مەن بۇدەم ئازابنىڭ قۇلى،
ئىشەنچىم قۇياشى پارلايدۇ ھامان.
بەك ئۇزۇن ھاياتنىڭ سېھىرلىك يولى،
مەن ئۈچۈن بىر كۈنلەر يەيسەن پۇشايمان.

2

ئۆركىمە، ئەي قىزچاق مەندىن غەرەزسىز،
مەن مۇشۇ تۇپراقنىڭ غەمكىن شائىرى.
يۈرسەممۇ قۇم كەبى چېچىلىپ رەتسىز،
كۆيۈمدە نۇرلىنار ھايات سەھىرى.

مەن ئۇيناق ئىلھاملار دېڭىزى ئىچرە
ئۈزىمەن كاراپتەك توسقۇننى يېرىپ.
ھارغىنلىق بويىنغا سالمايمەن گىرە،
ياشايمەن جاراڭلىق چۇقانلار سېلىپ.

كۆيۈمدە بار ئوتلۇق، مۇقەددەس سېھىر،
تەشۋىشلىك چۈشلەرنى قوغلايمەن يىراق.
كۆك سۈيگەن تاغلاردىن سورايمەن مېھىر،
ئويغۇلۇق تۈنلەرگە ياقىمەن چىراق.

كۆزۈمدىن بىھۇدە تۆكۈلمەيدۇ ياش،
كۆيلىرىم يىغلايدۇ ئەلنى باسسا غەم.
ھاياتنىڭ شادلىقى ئاتار ماڭا قاش،
ھەر گىياھ، ياپراقتا بار مېنىڭ كۈلكەم.

سېھىرلىك تۈيۈلماس ماڭا تىلسىمات،
ئېڭىمدا تۇرغاچقا ئۈمىدىم يورۇپ.
تۇتىمەن كۆڭلۈمنى شۇڭلاشقا مەن شاد،
ئېچىلار كۆيۈمدە داتلاشقان قۇلۇپ.

ئۆركىمە، ئەي قىزچاق، مەندىن غەرەزسىز،
كۆيۈمنى تىڭشىۋال شادلىنىپ قېنى.
ناۋادا سىرداش بوپ قالساق ئىككىمىز،
ئىشقىڭنىڭ تىلىكى قىلسەن مېنى...

3

مەن كۈتتۈم كىملەرنى بىلمەيمەن پەقەت،
خىيالچان كۆزلىرىم يىراق تاشلىنار.
يوقالغان تۇرسىمۇ مەندىن مۇسىبەت،
بىخلانغان كۈلكەمدە ئازاب يالتىرار.

بىر مۆڭلۈق سېغىنىش باغاشلار مېنى،
لېۋىمدە قىمىرلار ئاچچىق لىرىكا.
ئىزغىرىن شاماللار كېزەر بېغىمنى،
شاۋقۇنسىز ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ دەريا.

بولسىمۇ كۆڭلۈمنىڭ ئىشكى ئوچۇق،
كەلمەيدۇ نۇرلىنىپ بىرەر مېھمىنىم.
قاپلىغان تۇرسىمۇ يىللارنى ئۇزلۇق،
مېڭىشنى بىلەلمەي يۈرەر ھېسلىرىم.

يېقىملىق شۇۋىرلاپ ئەتراپتا بۇلاق،
تەشۋىشلىك قەلبىمگە تەسەللى ئىستەر.
ئۈمىدكە مېھرىنى چاتقان بىر قىياق
سۆيگۈمگە رەڭ بېرىپ يېقىملىق كۈلەر.

4

ئۆكسىمە ئەي خىلۋەت دەريا ساھىلى،
ھېلىھەم سەن ماڭا كەگرى ئارامگاھ.

تەلپۈنەر ساڭىلا سۆيگۈم خىيالى،
ئەزىزدۇر سەندىكى ھەر تۈپ گۈل-گىياھ.

مۆكۈلنىپ تۈنلەردە بويلىسام سېنى،
كۆيۈمگە كۆي قاتقان سەندىكى دەريا.
تەنھالىق ئازابى قىينىسا مېنى
يۇلتۇزۇڭ مەن ئۈچۈن تۆككەن نۇر-زىيا.

تۆكۈلگەن باغرىمغا سەندە بار مېھرى،
تۈنجى رەت سۆيگۈدىن ئېچىلغان چېچەك.
چېچىلغان قوينۇڭغا ياشلىقىم ھېدى،
قۇت تاپقان سېنىڭدە كۆپ ئىزگۈ تىلەك.

يولۇڭدا بار مېنىڭ گۈلگۈن ئىزلىرىم،
ئۆگەتكەن سەن ماڭا شەپقەت-نەپرەتنى.
يوقلىپ پەيزىڭدە كۆڭۈل كىرلىرىم،
چۈشەندىم ھەقىقىي پاك مۇھەببەتنى.

ئۆكسىمە ئەي خىلۋەت دەريا ساھىلى،
ئىسمىدىن قانداقمۇ ئۆچۈرەي سېنى.
سەن سەبىي ياشلىقنىڭ ئازادلىق يولى،
سەن ۋىسال سارىيى، سۆيگۈمنىڭ جېنى.

5

باش قويدى تاغلارغا ئاداققى قۇياش،
كەلمەكتە شىددەتتە گۈگۈم لەشكىرى.
يوقلىپ كۆزلەردىن گۈلگۈن زىيالار،
ساقىدى كۆڭلۈمنىڭ شادلىق ئەختىرى.

قارىيىپ ئەتراپنىڭ گۈزەل سىماسى،
بىر ھارغىن سادالار يايماقتا قانات.
مۈڭ باسقان يۇرتۇمنىڭ كەڭرى دالاسى،
ئۇيقۇلۇق ھېسلاردا قىلماقتا پارات.

مەن شۇ تاپ پەرىشان ئۆيلارغا چۆمۈپ،
تۇرىمەن سۆكۈتلەر شارابىدا مەس،
مەگزىمنى سۆيمەكتە ئاچچىق بىر شامال،
ئۇ مېنىڭ سىردىشىم، سۆيگۈنۈم ئەمەس.

باقمەن ئۇپۇقتا خىيالىم چىگىش،
سۆيگۈنۈم يىراقتا كۆڭلۈم غەشمۇ يا؟
بەلكىم دىل غەشلىكىم يېشىلەر ھامان،
ھېلى تۈن پەردىسى چاچسا نۇر-زىيا...

6

ئوخشاتمىغىن مېنى ئاي ۋە قۇياشقا،
مېنىڭ ئەلۋەك، تال-تال يېپەك نۇرۇم يوق.
مەندە ئۆلمەس شائىرانە تىلەك بار،
بېرەلمەيمەن پەقەت شامدەك يورۇقلۇق.

ئوخشاتمىغىن مېنى زەمزەم بۇلاققا،
تەشنالىقتا ياتار سۇسىز ئېرىقىم.
كۆزلەرگىمۇ چېلىقمايدۇ كۆلۈمدە
ئەتىۋارلاپ باققان ئاپئاق بېلىقىم.

ئوخشاتمىغىن مېنى گۈزەل جايلارغا
مەندە بارى بىر قەدىمىي خارابە.
تارىخىمنى ۋاراقلىساڭ بىر-بىرلەپ،
بوران ئۇچۇپ تۇرار چەكسىز چۆلۈمدە.

ئوخشات مېنى بىر پاناھسىز سەبىيگە،
سۆزلەپ بېرەر قىسمەتلىرىم رىۋايەت.
سۆكۈتلەرگە چىرمىشىمەن چۈشۈمدە،
ئىزلەپ كۆڭلۈم سۆيگەنلەرگە شاپائەت.

**مۇھەممەت روزى**

## سـەن قـەلبىمنى يورۇتقان قۇياش

### قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا

قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا،
گۈزەللىكى، زىننىتى بار ئۆزگىچە.
سۆيگۈ ئۇنىڭ مەڭگۈ پاتماس قۇياشى،
بولماس پەقەت تۈپرىقىدا تۈن كېچە.

قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا،
گۈزەللىكى، زىنىنتى بار ئۆزگىچە.
سۆيگۈ ئۇنىڭ مەڭگۈ پاتماس قۇياشى،
بولماس پەقەت تۈپرىقىدا تۈن كېچە.

قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا،
غورۇرۇمنىڭ يېمىرىلمەس تېغى بار.
ئادالەتنى سۆيگەن ۋەتەن ئوغلىغا،
نېمەتلەرگە تولغان مېھرىم بېغى بار.

قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا،
تىلەك ئۇنىڭ ئاسمىنىنىڭ بۈركۈتى.
يۇغۇرۇلۇپ پاك سۆيگۈنىڭ لېيىدا،
كامال تاپقان جاسارىتى، جۈرئىتى.

سولسا يۇمران غۇنچىسى گەر ئارزۇنىڭ،
قاپلار قەلبىم كۆكىنى مۇڭ تۇمانى.
چېچىپ ئۈمىد نۇرۇقىنى قايتىدىن،
سۈرەر غالىب ئىرادىنىڭ بورانى.

قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا،
بار پەزىلەت رەقىبىگە جۇدۇنى.
تۇتۇپ نەپرەت قىلىچىنى جەڭگاھتا،
ئاتلىنىدۇ ۋىجدانىمنىڭ قوشۇنى.

ھەقىقەتنىڭ شامى ئۆچۈپ، قۇترىسا
نادانلىق ھەم تەلۋىلىكنىڭ زۇلمىتى.
ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىدۇ گۈلدۈرلەپ،
چاقماق چېقىپ، سۈرلۈك قەھرىم بۇلۇتى.

قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا،
كۆرگىن چاقماق ياللۇنىنى كۆزۈمدىن.
كۆرگىن ئۆرتەپ داغلىغۇچى تەپتىنى،
قېنىم ئۇرغۇپ تۇرغان مېنىڭ يۈزۈمدىن.

قەلبىم گويا پايانى يوق بىر دۇنيا،
گۈزەللىكى، زىنىنتى بار ئۆزگىچە.
ھايات ئىشقى ئۇنىڭ پاتماس قۇياشى،
بولماس پەقەت تۈپرىقىدا تۈن كېچە.

## ئەسسالام، ئۇستاز

زوقلانغان كۆزۈمدىن ئۆزۈپ ئالدىڭ ياش،
ئەسسالام ئۇستازىم، ئۇلۇغ بۈزرۈكۋار.
سەن گويا قەلبىمنى يورۇتقان قۇياش،
شاگىرتلىق، پەرزەنتلىك مۇھەببىتىم بار.

شاھانە مۇنبەردىن چېچىپ دۇر-كۆمۈش،
ئۆتكۈزدۈڭ ساق ئوتتۇز باھارنى-قىشنى.
نەۋقىران پەسلىمگە بېرىپ سۆيۈنۈش،
ئۆگەتكەن سەن دەسلەپ ئادەم بولۇشنى.

سوقماقلىق يوللاردا قالسام تەمتىرەپ،
نۇر چاچتى ماياكتەك تەلىمىڭ گويا.
ياماشتىم چوققىغا سەن تۇرغاچ يۆلەپ،
يۇلدۇزۇڭ ھەم يولۇمغا ئۇنسە شومبۇيا.

جىلمايدى ئالدىمدا ئىقبال پەرىسى،
مۇشكۇلات تېغىدىن ئۆتكەندە ھالقىپ.
بولدۇم مەن گوياكى ھەسەل ھەرىسى،
سەن كەبى گۈللەردىن گۈللەرگە بالقىپ.

ئەۋلادلار بەختىگە بېرىمەن بەدەل،
ئىھ، ئۇزۇن تۈنلەردە ئولتۇرۇپ بىدار.
بىمىننەت تۆھپەمدىن شادلىنىدۇ ئەل.
ئاچىدۇ ۋە يەنە كېلىچەك دىدار...

تۇغۇلدۇم ئانامدىن ئانا تۇپراقتا،
ۋە لېكىن قايتىدىن تۇغدۇڭ سەن مېنى.
مەڭگۈلۈك سۆيگۈدىن ۋىسال قۇچماقتا،
ياراتتىڭ جەننەتتەك بەخت گۈلشىنى.

زوقلانغان كۆزۈمدىن ئۆزۈپ ئالدىڭ ياش،
ئەسسالام ئۇستازىم، ئۇلۇغ بۈزرۈكۋار.

سەن گويا قەلبىمنى يورۇتقان قۇياش،
ساڭا پاك پەرزەنتلىك مۇھەببىتىم بار.

## تىنىقىمدا يۇرتۇم ھىدى

زۇمرەت رەڭ دېڭىزدەك يەلپۈنگەن دالا،
بىر يارقىن قۇياشنى تۇغدۇ سەھەر.
ھاياتنىڭ شادلىقىن سۇبھى شامىلى،
يوللايدۇ كۈندۈزدىن چۈشۈمگە قەدەر.

ئېگىز تاغ قاپتىلى گىياھسىز ئەمەس،
ئۇ يەرنىڭ زىننىتى ئاق چېچەك ياتتاق.
ئوتتۇنچى ناخشىسى ئاقىدۇ پات-پات،
دېرەك يوق نەي چالغان چوپاندىن بىراق.

سۇس دولقۇن يارىتىپ يىراقتا دەريا،
بىر قەدىم قىسسىنى سۆزلەر بىتىنىم.
قوشماق ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن چىملىقتا،
بۇ كۆيگە ئامراق قۇش يازىدۇ ئىسمىم.

ھەر تىنىق چاچىدۇ تۇپراق ھىدىنى،
يۈرەككە بىھوشلۇق سۈيى ئېقىتىپ.
بوۋاقنىڭ كۆكسىدە ئەنجۈر ياپرىقى،
شاد كۈلكە بېرىدۇ ناخشىلار ئېيتىپ.

مەن ئاشۇ زېمىندا تۇغۇلغان ئىدىم
ھەر ئۇچۇم تۇپراقتا كىندىك قېنىم بار.
مەن گەرچە يىراقتا تۇرسامۇ لېكىن،
يۇرتۇمغا قوياشتەك مۇھەببىتىم بار.

## قارىغاي

ئېلىپتەك قەددىڭگە مەھلىيا كۆڭۈل،
شەنىڭگە قەسىدە ئوقۇيدۇ ھەر ئان.
ھېكمەتلىك، ھىممەتلىك ئېگىز تاغلارنىڭ،
زۇمرەتتەك باغرىدا قىلسەن جەۋلان.

جاسارەت، گۈزەللىك ساڭا مۇجەسسەم،
بەستىڭنى پۈكەلمەس قەھرىتان ئاياز.
تۇرسەن ياشىرىپ قار دېڭىزىدا
بۈركۈتلەر ئۈستۈڭدە قىلىدۇ پەرۋاز.

جەسۇرلۇق، مەردلىكنىڭ سىمۋولى ئۆزۈڭ،
مەردلەر ئۆلگە ئالار ھېكمەتلىرىڭدىن.
ھۆسنۈڭدىن گۈزەللىك كەتمەس يىل بويى،
جەزبىلىك بەرق ئۇرار ياپراقلىرىڭدىن.

پەسىللەر ئالمىشىپ كەلگەندە ۋاقتى،
گۈل-گىياھ، چىنارلار تاشلايدۇ خازان.
پەقەت سەن ياپېشىل گۈل-تاجىڭ بىلەن،
تۇرسەن يوقاتماي تۇرقۇڭنى ھامان.

مەۋج ئۇرار كۆكسۈڭدىن مۇھەببەت گويا،
ياڭرىتىپ جۇشقۇنلۇق ئۆزگىچە ناۋا.
تارقىلار بەستىڭدىن مېھرىگىيادەك،
جان بەخش، شىپالىق سۈزۈك، ساپ ھاۋا.

كامالەت تېپىپسەن يېشىل قارىغاي،
ياشنىغىن يەنىمۇ كۆركەم-باراقسان.
باغرىنى كەڭ ئېچىپ يول بېرەر ساڭا،
ھۆسنۈڭدىن رەڭ ئالغان پايانسىز ئاسمان.

## بىر تامچە بولسام

لەمپەمدىن تامچىيدۇ ئاداققى تامچە،
ئىلھامىم قۇرىغا ئۈنچىلەر تىزىپ.
رەڭلىنىپ تەبىئەت ھۆسنى تۈزەپتۇ،
زېمىننىڭ كۆكسىگە بىر سۈرەت سىزىپ.

ئويلىدىم: ۋۇجۇدۇم بىر تامچە بولسا،
تامچىسام ھەر غۇنچە ئۈستىگە ئاستا.
نە ئارمان، بەخش ئېتىپ پاكلىق، گۈزەللىك،
قۇرۇسام، ئۈمىدىم گۈل-چېچەك ئاچسا...



جالالىدىن بەھرام

# قۇملۇقتىكى ئاتەش

(پوۋېست) *

بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. كامىل ھەر كۈنى كەچتە لەيخۇا بىلەن ئۇزۇندىن-ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، باغدىكى كۆكتاتلىقتا بىللە ئىشلەيتتى. ئۆرۈكلەرنىڭ ئاياغلىشىپ تەكە پىشىپ قالغانىدى، ئۇلار يۇمشىغان تەكلەرنى ئاۋايلاپ ئۈزۈشەتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى لەيخۇادىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ ئەتىگەندە تۇرۇپ مومايغا چوكقۇر تەزىم بىجا كەلتۈرەتتى. ھەر كۈنى ئۆگەنگەن تىللىرىنى كىچىچە يادلاپ ئەتىسى ناھايىتى تەستە: «ئانا مەن تاماك ئەت»، «ئانا مەن سۈ ئەكىلە» دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى. موماي بەزىدە كۈلۈپ، بەزىدە تۈزىتىپ ئۆي جابدۇقلىرىنىڭ ئىسمىنى ئۆگىتەتتى.

— قانداق قىلارمەن، مەن بۇ ئىككىسىدىن ئەنسىرەپلا قالدىم، — دېدى نېۋىخان قوشنىسى ھەۋزىنىيازخانغا، — بۇ قىزنى كەتكۈزۈۋېتىشكە كۆزۈم قىيمايدۇ... بىرەر ئىش چىقىرىپ قويارمۇ دەپ يۈرىكىم سۇ.

— ۋاي بايقۇش، كۆمسەم پىشامۇ، ياپسام پىشامۇ دېمەي ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ نىكاھ قىلدۇرىۋەتسىلە، باشلىرى ساقىيىدۇ.

— دېمەككە ئاسان، ئەل-مەھەللىلەر نېمە گەپلەرنى قىلار... لېكىن بۇ ئىككىسى...

— خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساب بېرەر، ياشلارنىڭ كۆزىگە يىگناسقۇدەك تولا كىرىۋالمىسىلا...

نېۋىخان ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە كامىل تىزىغا قىسىۋالغان بوغىنى تىكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھەر كۈنى بىرەر نەرسىنى باھانە قىلىپ ئانىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، لەيخۇانىڭ يېنىغا كىرىپ پاراڭلىشىپ چىقاتتى.

— ئانا قوشنىلارنىڭكىگە چىقتىلىما، — دېدى كامىل بوغىنى دەرەپشە تىقىۋېتىپ.

— شۇنداق بالام، يۇغانىم ئۆرلەپ، — نېۋىخان جىمىپ كەتتى، — بالام بۇ قىزنى قاچانغىچە يوشۇرۇپ يۈرۈمىز. زادى قانداق قىلماقچىسەن؟

* بېشى ئۆتكەنساندا

— ئانا، خاتىرجەم بولسلا، ئەتە شەھەرگە چىكىت ئەكىرىمەن، قايتىپ كېلىپلا ئىككمىز يېزلىق هۆكۈمەتكە بېرىپ، قىزىل قەغەز ئالىمىز.

— قىزىل قەغەز؟

— شۇنداق، مەن لەيخۇا بىلەن پۈتۈشتۈم...

— ئۇنىڭ نوپۇسى بولمىسا كەنت تەشكىلى قەغەز قىلىپ بېرەمدۇ؟ كەنتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بولمىسا يېزىلىق هۆكۈمەت قانداق ئىگە بولۇپ قىزىل قەغەز بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە كەنت تونۇشتۇرۇشى ئىگەمبەردىنىڭ تەستىقى بىلەن كېلىدۇ ھەم ئىگەمبەردىنىڭ تامغىسى بېسىلىدۇ.

— ۋاي-ۋۇي ئانا، نېمانچە كۆپ ئىگەمبەردى بۇ، ئۇنىسا ئۇنىدى، ئۇنىمىسا سىلىنى، ئۇنى ئېلىپ شەھەردە بىرەر ساگدا ئىشلەيمەن، مېنى سايە قىلغان خېلى-خېلى يەرلەر بار.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ، مەن قېرىغان چېغىمدا ھېچنەرگە بارمايمەن. بولدى بۇ ئىشنى سەن قايتىپ كەلگەندە سۆزلىشەيلى. ئەتە يولغا چىقىدىكەنسەن. بالدۇرراق ئۇخلا، — دېدى ئانا يەرگە قاراپ جىمىپ كەتكەن ئوغلىغا قاراپ، — ھە راست، ئۇ قىزغا ئەتە ماگىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ قويغاچ تەخسىدىكى تەكىنى ئەكىرىپ بەر.

ئانىسىنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن خۇشال بولغان كامىل ئۇندىمەي چىقىپ كەتتى. ئۇ قازناققا كىرگەندە لەيخۇا ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى.

— لەيخۇا مەن ئەتە شەھەرگە كىرىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى كامىل تەخسىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ، — ھېلىقى ئىشنى مەن كەلگەندىن كېيىن بېجىرەيلى بولامدۇ؟

— سىز قاچان كېلىسىز؟ — دېدى قىز ئېغىر تىنىپ، — سىز بولمىسىڭىز مەن... مەن...

— مەن پاتلا قايتىپ كېلىمەن، كوچىغا كۆپ چىقماڭ-ھە!

— گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن، — قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ياشقا لىق تولدى. ئۇ ئاستا سىلجىپ كېلىپ يۇمشاق، ئاپئاق بىلەكلىرى بىلەن كامىلنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ كۆزلىرىگە ئۇزۇنغىچە تەلمۈرۈپ قارىدى. كامىلمۇ ئۇنىڭ بەللىرىدىن سىلىققىنە ئۆزىگە تارتتى ۋە بىردىنلا باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىدى... كامىلنىڭ بۇرۇتلىرى، ئەمدىلا ئېگىزلىگەن يىرىك لەۋلىرى تومپىلاق، ئويماقتەك ھال رەڭ لەۋلەر ئۇستىگە چىڭ بېسىلدى...

قازناقنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان جىن چىراغنىڭ چىپچەكلەپ كەتكەن پىلىكى پاس، پاس قىلىپ ئىككى قېتىم ئېتىلدى. چۈنكى كامىلنىڭ 26 يىللىق ھاياتىدا ئايال زاتىنىڭ يۇمران لەۋ بولاقلىرىدىن تۇنجى قېتىم شەربەت ئىچكىنىگە ئۇ شاھىت بولۇپ تۇراتتى...

— مەن چىقىپ كېتەي، — دېدى كامىل ھاسىرىغىنىچە ئاستا پىچىرلىدى، — بىر ھەپتە ئىچىدە قايتىپ كېلىمەن.

دۇنيادا كۆتۈشتىن ئېغىر مىنۇتلار بولمىسا كېرەك، بولۇپمۇ بىر-بىرىگە تەشنالىق بىلەن تەلپۈنگەن ئىككى يۈرەك ئايرىلغاندا مىنۇتلار كۈنلەرگە، كۈنلەر يىللارغا ئۆزگىرىدۇ، قۇياشقا قارايسەن، گويا ئۇ بىر ئورۇندا قېتىپ قالغاندەك. دەل-دەرەخلەر سۆكۈت ئىچىدە. ئاھ بۇ كۈنلەر نېمانچە ئۇزاقتۇ دەپ نالە قىلىسەن، كۆڭلۈڭ سۇ

ئىچكۆدەك بىرەر جاۋاب يوق، ئۆزۆڭنى ھەرخىل ئىشلارغا جوراپ باقسەن، يەنىلا ئىچىڭ تىت ـ تىت، چاپسانراق ئۇخلاي دەپ كۆزۆڭنى يۇمسەن، ئۇيقۇ ساڭا يات. ئەتىنىڭ كەلمىكى بەسى مۇشكۇل. يوللارغا قاراپ كۆز گۆھىرىڭ ئىقىپ تۆكەيدۇ. گويا ۋاقىت ئارقىغا ماڭغانىدەك.

تۈنجى قېتىم ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ كۈچلۈك، ھارارەتلىك بەدىنىدىن جەننەتنىڭ ھۇزۇرىنى ئالغان لەيخۇا ئەنە شۇنداق تاقەتسىزلەنمەكتە ئىدى. ئۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىرەر دەقىقىمۇ جىم ئولتۇرمىدى. كىرلەرنى يۇيۇپ شاخلارغا ئىلەتتى. ھويلا ـ ئارام، باغلارنى قايتا ـ قايتا تازىلايتتى. قويلارغا قاراپ ئېغىلنى ئادالايتتى. تاماق ئېتەتتى، ئىسلىشىپ، قارىداپ كەتكەن كورا، رو قاچىلارنى قۇم بىلەن ئاقارتىپ يۇياتتى... ھەتتا ئۇ قىشچە سارغىيىپ كەتكەن تام بورىلىرىنىمۇ دەسماللاپ يۇدى. موماي بۇ قىزنىڭ تىنىم تاپماسلىقىغا قاراپ ئىچىدە: ھەي نامراتلىق ئىچىدە چوڭ بولغان كەمبەغەل باللىرى ئۈچۈن دۇنيادا جاپا ـ مۇشەققەت دېگەن نەرسە يوق، دەپ بېشىنى ئېغىتاتتى.

لەيخۇا ئۆزىنى ئىشقا ئۇرۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئالتىنچى كۈنى نامازشام ۋاقتىدا كەنتكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كامىل چەكسىز شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ ناخشىسىنى باشلىۋەتتى.

خەنزۇ كەشىنى خەي دەيدۇ،
تۇرۇپ، چامغۇرنى سەي دەيدۇ.
كىچىككىنە قارا كۆز
قىنچقارسام لەۋەي، دەيدۇ.

جان دوست كىچىككىنە ياتۇخان ①
قىنچقارسام لەۋەي دەيدۇ.

كامىل ناخشىسىنى ئېيتىپ، ئاتلىرىنى جىدەللەپ، ھەيدەپ كەنتكە كىرىپ كەلگەن بۇ پەيتتە كەچلىك تامىقىنى يەپ بولغان لەيخۇا مومايىنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى، دولىسىنى مۇجۇپ تۇتۇۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ پات ـ پاتلا سىرتقا تاشلىنىۋاتقانلىقى مومايىنىڭ نەزىرىدىن ساقىت ئەمەس ئىدى.

— بولدى قىزىم، خۇدايىم بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرسۇن، پاختىدەك يېنىكلەپ قالدىم، سەنمۇ ھېرىپ كەتتىڭ، چىقىپ ئارام ئال، — دېدى موماي قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ.

— خوش، — دېدى لەيخۇا مومايغا تەزىم قىلىپ.

لەيخۇا ياڭاق تۈۋىدىكى كېگىز سېلىنغان سۇپىدا ئولتۇراتتى. ھويلا جىمجىت ئىدى. پەقەت باغدىكى ئۆتلار ئارىسىدىن كېلىۋاتقان چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى، شاخلار ئارىسىدا تومۇزغىلارنىڭ توختىماي چىرىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر كۈن كەچكىچە تومۇزدا قىزىپ كەتكەن بىپايان قۇملۇقتىن كۆتۈرۈلگەن ئىسسىق ئۇپتىن كەنت ئىچى دىمىق ئىدى. قۇم بارخانلىرى ئارقىسىدىن يېرىم ئاي كۆتۈرۈلدى. ھويلا ئىچى گىرىمسەن

① ياتۇ — قىزچاق دېگەن مەنىدە.

نۇر ئىلكىدە سۆكۈتكە چۆمدى.

— كامىلى...

لەيخۇا ھويلىغا كىرىپ كەلگەن كامىلنىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك باردى-دە، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. كامىلمۇ ئىشتىياق بىلەن ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى-دە، چوڭ ئالقانلىرى بىلەن قىزنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى سىلىدى...

ھويلىدىكى ئاۋازنى ئاڭلىغان موماي چىقىپ، ئىشىك بوسۇغىسىنى ئاتلىمايلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى بىر جۈپ كۆلەڭگىنى غىل-پاللا كۆرۈپ قالدى...

— ئانام ئۇخلىدىمۇ؟

— ياق، كىرىپ چىقىڭ، مەن سىزنى ساقلايمەن.

كامىل ئانىسىدىن ھال-ئەھۋال سوراپ، ئۇنىڭغا ئالغاچ كەلگەن تاتلىق-تۈرۈملارنى قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ لەيخۇا توغرىلىق قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئوغلىنىڭ جىم بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئانا چارچاپ قاپتىمەن، مەن ئۇخلاي، دېدى-دە، موكلا چۈشتى. ئانىسىنى ئەدىيال بىلەن يۆگەپ قويغان كامىل ئۇ ئۇخلىغىچە شەپە بېرىپ ئۆيدە يانپاشلىدى.

كامىل ئانىسىنىڭ يېنىك پۇشۇلدىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاۋايلاپقىنا قازناق ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇ كىرىشىگىلا لەيخۇا ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى.

كامىل قىزنىڭ تېخىمۇ زىلۋالىشىپ كەتكەن بەرنا قەددىگە تويماي قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ كىيىۋالغان كىيلەڭسىز كۆڭلىكى ئۆزگىرىپ قالغاندى.

— مەن ئۆزۈم بەللىرىنى قورۇپ، ئېتىكىنى پۈكۈپ قايتىدىن تىكىۋالدىم، — دېدى لەيخۇا كۈلۈپ، — قانداق، بوپتىمۇ؟

— بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، سىزنىڭ قولىڭىز راستىنلا بىر گۈل، — دېدى كامىل قولىدىكى قەغەزگە ئورالغان بولاقنى قىزغا تۇتقۇزۇپ، — قاراپ بېقىڭ، سىزگە يارامدۇ؟

لەيخۇا بولاقنى ئېچىپ نېپىز چاقماقلىق يېشىل رومال، بىر كۆڭلەكلىك رەخت، چىرايلىق تىكىلگەن ئاياغنى كۆرۈپ ئۇزۇن قاراپ كەتتى ۋە كۆزلىرىدىكى لىپمۇلىپ ياشلار بىلەن كامىلنىڭ كۆكرىكىگە ئاستا باش قويدى.

— بۇلار ماڭا مۇھىم ئەمەس، — دېدى قىز ئېسەدەپ، — ماڭا سىز بولسىڭىز كۇپايە. شۇنداقتىمۇ رەھمەت. مىڭ رەھمەت.

ئۇلار ياغاچ سۆكىدە يانمۇيان ئولتۇرۇشتى، قىز يىگىتنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ، نازۇك قوللىرىدا ئۇنىڭ تاۋلانغان ئوچۇق مەيدىلىرىنى سىلىدى. يىگىتنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرى نازۇك بەللەرنى قاماللىدى. قاياقتىندۇر پەنجىرىگە ئۇرۇلغان شامال لاپلا قىلىپ چىراغنى ئۆچۈردى. قىز سىلجىغىنىچە يىگىتنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى. يىگىتمۇ تومۇرلىرىنى يېرىۋەتكۇدەك، مەۋج ئۇرۇۋاتقان قان، يۈرەك ئۇرۇشىدىن ھاسىراپ قىزنى قانماي-قانماي سۆيدى.

— ئاھ كامىلى ئاكا... سىز... سىز نېمانداق ياخشى، — قىز ئاستا شىۋىرلىدى.

— لەيخۇا... لەيخۇا مېنىڭ جېنىم، مېنىڭ كىچىككىنە قۇشقۇچۇم.

پۈتۈن ۋۇجۇدى قىيام بولۇپ ئېرىپ كەتكەن ئىككى تەن كۆزلىرىدىن چاقنىغان تەشنالىق نۇرلىرى، شېرىن-لەزىز ئارزۇلىرى بىلە تاقەتسىز ھالدا بىر-بىرىگە بىر دەقىقە قارىدى-دە، ياغاچ سۆكىگە قىڭغايدى. قىز تۇگۈلۈكتىن قاراپ تۇرغان ئاي نۇرغىقنى كۆرگەندە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى. ئايمۇ خىجىل بولغاندەك نېپىز ھەم سۈزۈك بۇلۇت روملى ئىچىگە يوشۇرۇندى.

— كاملى ئاكا، — پۈتۈن ئىختىيارىنى يىگىتكە تاپشۇرغان قىز ئاستا شۇرلىدى.

— ھە نېمە دەيسىز؟

— ماڭا ئۈيغۇرچە ئىسىم قويۇپ بەرسىڭىز؟

— نېمە ئۈچۈن؟

— سىز ئۈچۈن... ھەممە ئۈچۈن...

— لەيخۇا... لەيخۇا... — تەكرارلىدى كامىل، — تاپتىم لەيلىگۈل بولسۇن...

— نېمانداق جىق؟

— بۇ بىر گۈلنىڭ ئىسمى... لەيلى دېسەكمۇ بولىدۇ.

— لەيلى؟ — يىگىتنى قۇچاقلاپ تۇرغان قىز ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى، — بۇ ئىسىم بولىدىكەن، ماڭىمۇ ياقىدۇ.

— راستمۇ؟

— راست بولمايچۇ، مەن سىز ئۈچۈن ھەممىنى، ھەممىنى قىلمەن. بۇنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن.

ئۇلار قايتىدىنلا قېنىشماي سۆيۈشۈپ كۆڭۈل ئارزۇلىرىغا قېنىشتى...

ئەتىسى ئەتىگەندە كەنت تەشكىلگە خەت ئالغلى كەتكەن كامىل ھايال بولمايلا قايتىپ كەلدى، ئۇ لەيخۇاغا مالالارنىڭ يەيدىغان پىچىنى تۈگەپ قالغانلىقى ئۈچۈن « پاشىلىق » قا بېرىپ ئىككى كۈندە قايتىپ كېلىدىغانلىقنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئەتىگەندىلا ئىستىمىسى ئۆرلەپ سەل تاتىرىپ قالغان لەيلى كاملغا چاندۇرماي ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى. لېكىن قىزنىڭ بىسەرەمجان ھەرىكەتلىرىگە، تاتىرىپ سۇزۇلۇپ قالغان چىرايىغا سەپ سالغان موماي چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ چۆچۈپ كەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ بۇ قىز، — دېدى موماي ئوغلاش ئىشارىتىنى قىلىپ ۋە ياستۇقنى كۆرسەتتى. لېكىن لەيلى ھېچقىسى يوق، دېگەن ئىشارە بىلەن كۈلدى. بۇ ئەسنادا ھويلىدا « نېۋىخان، ھاي نېۋىخان، بارمۇ سىلى » دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. نەگە قېچىشنى بىلمىگەن لەيلى ئورنىدىن تۇرغىنىچە ئاناردەك قىزىرىپ يەرگە بېقىپ تۇردى. ئىگەمبەردى قىزنىڭ توخۇمدەك سوزۇق يۈزلىرىگە، روملىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان قارا قوڭۇر قىرقىم چاچلىرىغا، ھېيىقىش، تارتىنىش موجەسسەملەنگەن مەسۇم چىرايىغا ئاچكۆزلەرچە تويماي قاراپ قالدى. قىزنىڭ ئۆزگىچە ھۆسن-جامالىدىن ئۇنىڭ راستىنلا خەنزۇ قىزى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرگەن ئىگەمبەردى تۈكۈرۈكىنى تەستە يۇتتى-دە، ئىچىدە پاھ، پاھ كاملغا خۇدايىم بېرىپتۇ بۇ نازىنىننى، قارا بۇ

خەنزۇ سەتەڭنىڭ ئۇزلۇقنى، خام يېگۇدەكلا پاقلانكەنغۇ بۇ... كاملنىڭ خەت بېرسەن دەپ ئۇرۇشقىنچە باركەن ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىدى-دە، نېۋىخانغا چەكچەيدى. لەيلى مومايىنىڭ كۆز ئىشارىسىنى سەزگەندەك تېزلا مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ كىم بولدى، نېۋىخان؟ پارتىيەدىن، تەشكىلدىن، ئاممىدىن يوشۇرۇپ ساقلىغىدەك قايسى سىنىپىي دۈشمەن بۇ؟!

ئىگەمبەردىنىڭ بازغاندەك ئېغىر ئۇرۇلغان سۆزىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان نېۋىخان ئەھۋالنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتى. ئىگەمبەردى ئىچىدە ھېلىمۇ ياخشى ئەقلىمنى جوروپ كاملنى «پاشىلىق»قا يولغا سېلىۋېتىپتىمەن، بولمىسا بۇ پەرىزات ئۈچۈن كامىل جېنىنى تىكەتتى، مەن تۇرغىچىدا ئۇ ئىلكىنى سەن شورامتىڭ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— ئەمدى قانداق قىلساق بولار، كەنت باشلىقى، — دېدى موماي ئىگەمبەردىگە يېلىنىپ، — كامىل پاشىلىقتىن يېنىپ كېلىپلا قىزىل قەغەز ئالغىلى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارماقچى، ئۆزلىرى ئىككىلىك خەت قىلىپ بېرەلەمدىلىكى؟

— ئىككىلىك خەت... بۇ نېمە گەپ ئۆزى، — ئىگەمبەردى تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ قايناپ كەتتى، — بۇ بىر قارا نوپۇس، تېگى-تەكتى ئېنىق بولمىغان كەلگۈندى، سىلى ئۇنىڭ ئەسلى سىنىپىي تەركىبىنى بىلەملا، بۇزۇق ئۇنسۇرنىڭ ئەۋلادىمۇ، پومېشچىكلارنىڭ پۇشتىمۇ؟ كىم بىلىدۇ ھۆكۈمەتنىڭ تورىدىن قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىمۇ؟

موماي لەيلىگە ئارتىلغان بۇ قالپاقلاردىن قورقۇپ كەتتى. گويا ئۇ ئۆزىنى چوڭقۇر پاتقاققا كىرىپ قېلىپ چىقالمايۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئەگەر ئىگەمبەردى ئېيتقان گەپلەرنىڭ بىرەرى راست بولۇپ قالسا، بۇ ئائىلىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ... دەپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. سىنىپىي كۈرەش بۇنداق ئىنچىكە دەۋرلەردە ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. لېكىن موماي لەيلىنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنەتتى.

— ئۇ نامرات ئائىلىنىڭ قىزىكەن، ئاچارچىلىق دەردىدە ئانىسى بىلەن دادىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ...

— ما گەپنىڭ ئۇزلۇقنى كۆرەيمۇ، كەمبەغەل بولسا پارتىيەگە ئىشەنمەمتى. پارتىيە زامانىسىدا كىم ئاچتىن ئۆلۈپتۇ؟ پارتىيەگە، سوتسىيالىزمغا قارشى جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆلۈۋالغان گەپ... كېيىن ئېيتىمەنكى بۇ بىر ئىشپىيون①.

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ، بىر چىرايلىق يۈزنى تۇرسا، نەدىمۇ ئىشت بۇرۇن بولسۇن.

— نېمە جۆيلىدىلا، ئىشپىيون دەۋاتىمەن، ئۇختىلىمۇ؟

— ئۆز كەنت باشلىقى، ئۆزلىرىدىن خۇش بولۇپ كېتەي، ئۇ قىزغا...

— بولدى كاپشىمىسلا، ئۇنى كەنت تەشكىلگە ئاپىرىپ تېگى-تەكتىنى تەكشۈرىمىز، ئەگەر مەسىلە چىقسا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىمىز، سىلىمۇ بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايلا.

ئىگەمبەردى چىقىپ كېتەر ۋاقتىدا قازناق ئۆيگە كىردى. ئىگەمبەردىنىڭ ئاچچىقلاپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان لەيلى ئەنسىز خىياللار ئىلكىدە قورقۇپ ئولتۇراتتى.

① ئىشپىيون دېمەكچى.

ئىگەمبەردى قىزنىڭ يۇمران ئىڭەكلىرىنى ئىككى بارمىقى بىلەن كۆتەردى-دە، ئۇنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرىگە، تال-تال قاشلىرىغا، مۇلايىم سۇزۇك يۈزلىرىگە، كىچىك ھال رەڭ لەۋلىرىگە ئۇزۇن قاراپ كېتىپ يەنە بىر قېتىم تۈكۈرۈكىنى غورت قىلىپ يۇتتى ۋە كۆك تاماكىدا قارىداپ كەتكەن قاپقارا ئاراش چىشلىرىنى كۆرسىتىپ سەت ھىجايدى...

ئىگەمبەردى كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھويلىغا ئۈچ مىنبىك كىرىپ كەلدى. ئۇلار مومايىنىڭ ۋارقىراپ-جارقىراشلىرىغا، يالۋۇرۇپ، يېلىنىشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماستىن، لەيلىنىڭ قولىنى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى. بۇ ۋاڭ-چۇڭنى ئاڭلىغان ھەۋزىنىيازخان مومايمۇ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. قەھرىمۇ-زەھرىمۇ بار بۇ مومايىنىڭ باغلاقلىق لەيلىنى كۆرۈپ جەھلى قاتتى:

— ھەي بۆكىنى ئال دېسە، بېشىنى كېسىدىغان نائەھلىلەر، مۇشۇ تۇرۇلغىنىڭ بالىسىدەك كىچىككىنە قىزنى باغلىماسلىق تەشكىلىنىڭ بىكار نېنىدىن قۇرۇق قالامتىڭ؟ ھەي قارا مەدەك، لايدىن سۇزۇۋالغان قوزۇق، — دېدى موماي ئېگىز سويما باش، قاراموتۇق بىرىگە قولىنى شىلتىپ، — سېنىڭ ئاشۇ ئارىدەك قوللىرىڭدىن مۇشۇ قىز قېچىپ قۇتۇلالامتى؟ — موماي بىردىنلا قايرىلىپ پاكار دىقماق بىرىگە ۋارقىرىدى، — سەن ساقال تارغىقى قولۇڭدىكى ئۈچ قىرلىق كالتەكنى چىنەپ ئۇ قىزنىڭ جېنىنى ئالامتىڭ؟ ۋۇي ئالىقاناتلار، ۋۇي قىزىل كۆز ئالەكلەر، قۇمتامنىڭ بەدىنىگە چىققان مەرەزلەر.

نەدىندۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھويلا ئالدىغا ئولاشقان دېھقانلارمۇ يۇلغۇن تېلىدەك نازۇك بىر قىزغا دېۋىدەك ئۈچ ئەرنىڭ يامىشىپ باغلاشلىرىنى كۆرۈپ غۇدۇراشماقتا ئىدى.

— قولىنى يېشىۋەتسەڭچۇ، — دېدى مومايىنىڭ ئۆزىنى «ئالا گەدەن» دەپ تىللىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان تازچاق بىرى.

بۇ ئۈچ چاپارمەن ھەۋزىنىيازخاننى بىر تېپىك بىلەن يەر چىشلەتكەنمۇ بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئەمەلى بارلىقىدىن قورقۇپ چېقىلالمىدى، شۇنداقتىمۇ لەيلىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

لەيلىنى كەنت تەشكىلىگە ئېلىپ كەلگەندە ئەر-ئايال ئەزالاردىن بولۇپ ئون نەچچە ئادەم ھويلىغا يىغىلىپ قالغانىدى. مىنبىكلارغا ئەگىشىپ كەلگەن ئەر-ئايال دېھقانلار ۋە ئۇششاق باللار قوشۇلۇپ كەنت تەشكىلى بىردەمدىلا ئادەمگە تولدى. ئىگەمبەردى قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرايتتى. چىرايى سۈتتەك ئاقىرىپ كەتكەن لەيلى قورقىنىدىن غال-غال تىترەيتتى.

— مۇنۇچ، — دېدى بىر ئايال توپ ئىچىدىن، — ئۇنىڭ نەرى ئىشپىرۇنغا ئوخشايدۇ. مۇشتۇمدەكلا قىزكەنغۇ!

— كەنت باشلىقى دېمىدىمۇ، — دېدى ساقاللىق بىرى گارتىندە كىكىرىپ قويۇپ، — ئۇ قېچىپ يۈرگەن قارا نوپۇس، بۇزۇق ئۇنسۇركەن، كەنتىمىزگە ئوت قويارمىش...

— ئالجىما، قاپياش، — دېدى بىر ئاقساقاللىق بوۋاي، — ئۇنىڭ قولىدىن شۇنچىلىك ئىش كېلىدىغانلىقىغا جىن-شاياتۇنلارمۇ ئىشەنمەيدۇ. قارىمامسەن ئۇنىڭ ھالىغا.

— بىردەم تىم تۇرۇڭلار، — دېدى ئىگەمبەردى ۋارقىراپ، — ھەممىمىز ھوشيار بولايلى، سىنىپىي كۈرەش دېگەن بىر تامچە سۇدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. سىنىپىي كۈرەش

ماڭساق سايىمىزدا ، ياتساق يېنىمىزدا ، تاماق يېسەك چوكىمىزنىڭ ئۇچىدا بولدۇ ، ھەمانا ھەتتا چىشلىرىمىزمۇ بىر-بىرىگە تېگىپ سىنىپىي كۈرەش پەيدا بولدۇ...

ئىگەمبەردى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ چىشلىرىنى كاس ، كاس قىلىپ ئاۋاز چىقىرىۋېدى ، كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى.

— كەنت باشلىقى ، — دېدى ئاغزىدا بىر تالمۇ چىشى قالمىغان بىر موماي پىشىلداپ ، — ھەممە يەردە سوكۇلداپ يۈرگىنىڭگە قارىغاندا ، سىنىپىي كۈرەش دېگەن نېمە يورغىلايدىغان بىر نېمە ئوخشىمامتا؟

— ئاغزىڭغا پوق قىسماق قېرى ، يورغىلايدىغانغا ئۇ سېنىڭ يېنىپ ئىگىرىدىغان چاقىڭ ئەمەس.

كۆپچىلىك قايتىشتى. ئۇلار كەنت باشلىقىنىڭ ئاغزىغا سىنىپىي كۈرەش يوشۇرۇنۇپتۇ ، دېسە ، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ چىشلىرىمۇ بىر-بىرى بىلەن پىتىشالمايدىغان ئۇرۇشقاق نېمىلەر... دەپ ھەزىل قىلىشاتتى. ئىگەمبەردى مىنبىگلارغا لەيلىنى مال ئېغىلى قېشىدىكى نەرسە-كېرەك قويغان ئامبارغا سولاپ قويۇشنى ئېيتىپ تەشكىل قورۇسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا كېتىپ تۇرۇشىغا يوتقان-كۆرپە ، كىگىزلەرنى كۆتەرگەن نېۋىخان بىلەن ھەۋزىنىيازخان كەنت تەشكىلىگە كىرىپ كەلدى.

ئىككى موماي ۋارقىراپ-جارقىراپ يۈرۈپ مىنبىگلارغا ئىشكىنى ئاچقۇزۇپ لەيلىگە ئورۇن راسلاپ ، ئۆزلىرى بىلگىنىچە ئىما-ئىشارەلەرنى قىلىپ ، قىزنى بىر ئاز خاتىرجەم قىلىپ قايتىپ كېتىشتى.

ئەلئاباد ئېغىر ئۇيقۇغا پاتقاندا پانۇس كۆتەرگەن بىر كىشى مال ئېغىللىرىنى ، ھويلىلارنى بىر قۇر ئايلانغاندىن كېيىن لەيلىنىڭ ياتقى ئالدىدا بىر پەس توختىدى. ئىشىككە قۇلاق يېقىپ تىڭشىدى. شۇندىن كېيىن ئاياغ ئاستىغىلا غۇۋا بىر دەستە نۇر چۈشۈرۈپ تۇرغان پانۇسنى كۆتۈرۈپ ھويلىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى كىچىك ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ كىرىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي كەنت تەشكىلى قوراسىنىڭ تېمىدىن گۈپلا قىلىپ بىر قارا كۆلەڭگە سەكرەپ چۈشتى. ئۇ قاراڭغۇ تام داۋلىسىدا بىردەم توختىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك ئۇراتتى. ئۇ لەيلىنىڭ ياتاق ئىشىكىگە كۆز سالاتتى. تاقەتسىز تاقىلداۋاتقان نەپسى بالاسىنىڭ تەسىرىدىن دەممۇ دەم تۈكۈرۈكىنى يۇتاتتى. مانا بۇ كېپىك بالىسىنى ئوۋلاش ئۈچۈن كەلگەن تۈن بۆرىسى ئىگەمبەردى ئىدى...

ئەلئابادتا نۇرغۇن قىز-چوكانلارنى ئويىنىتىپ خام كېكىرىپ قالغان ئىگەمبەردى لەيلىنى بىر كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ھايۋانىي نەپسى ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى.

ئىگەمبەردى ئىشىككە سېلىنغان قۇلۇپنى ئېچىپ ئىشىكنى ئىتتەردى. لېكىن ئىشىك ئىچىدىن تاقالغان ئىدى. ئۇ خېلى ھەپىلىشىپ ئاچالمىدى. خەپ ئۆلمىگەن قېرىلار... دەپ ئىككى مومايىنى تىللىدى. چۈنكى ئۇ ، بۇ پىلاننى ئىككى مومايدىن كۆرگەنىدى. ئۇ ئاخىرى ئىشىك ئاستىدىكى يوچۇققا قولىنى تىقىپ كۈچەپ بىر كۆتۈرۈشى بىلەن ئىشىك ئىلىنچىكى بوسۇغا تۆشۈكىدىن ئاجراپ چىقىپ كەتتى. ئىگەمبەردى ئىشىكنى بىرلا ئىتتىرىۋېدى ، تىرەلگەن نېمىدۇر بىر نەرسە تاراقلاپ چۈشۈپ كەتتى...

قازناق ئامبار ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ، تۈڭلۈكتىن چۈشكەن ئالقاندەك نۇر ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ قىستاپ كەلگەن ئىگەمبەردى قىزنىڭ ئاق، تولغان بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ ھىجايدى. ئۇنىڭ نەپسى قىزنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى...

— مىنى قويىۋەت... مىنى قويىۋەت، — لەيلى خەنزۇ تىلىدا ۋارقىرىدى، — ياق، ياق.. كا...مىلى!

— تولا كالدىرلىما، — ئىگەمبەردى قىزنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. قىز بىرلا يۇلقۇنۇپ سىرتقا قاچماقچى بولىۋىدى، ئىگەمبەردى ئۇنى ئارقىدىن قوچاقلاپ يوتقاننىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ باستى. قىزنىڭ ئاۋازى بىردە چىقىپ، بىردە جىمىقاتتى. قاتتىق ئېلىشىش باشلاندى. ئىگەمبەردىنىڭ ئېغىر تېنى، كۈچلۈك بىلەكلىرى قىزنى بارغانسىرى



ھالسىزلاندۇرماقتا ئىدى. لېكىن شۇ پەيتتە ئىگەمبەردىنىڭ دۈمبىسىگە بىر نەرسە شۇنداق قاتتىق تەگدىكى، ئۇ چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا قولىدا تاياق، بوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، مىقتەك قادىلىپ ئەخمەت تۇراتتى.

— ئىپلاس گاچا!... — قارس قىلىپ تەگكەن بىر شاپىلاقتىن ئەخمەتنىڭ بۇرنى ئوقتەك قاناپ، بىردەمدىلا كۆڭلەكلىرىنى بويىۋەتتى. ئەخمەت ئىشىك ئالدىغا يۈگرەپ چىققىنىچە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇندە ئاجايىپ غەيرىي ئاۋازدا ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ تۈن جىمجىتلىقىنى يىرىپ ئۆتكەن ئاۋازىغا يىغمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. قورقۇپ كەتكەن ئىگەمبەردى قازناقتىن چىققىنىچە تىكىۋەتتى.

ئەخمەت قورقۇپ كەتكەن لەيلىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قانداقتۇر ئىشارىلەر بىلەن تەسەللى بەردى، لەيلى ياغلىقى بىلەن ئەخمەتنىڭ ئاغزى-بۇرۇنلىرىنى سۈرتتى. ئەخمەت قازناق ئىشىكىنى ئورنىتىپ، قىزغا قورقماسلىقنى، ئۆزىنىڭ قوغدايدىغانلىقىنى ئىشارە بىلەن بىلدۈرۈپ، لەيلىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى.

ئەخمەتنىڭ كېچىدىكى ئىشىدىن ئوغىسى قايناغان ئىگەمبەردى ئەتىسى كەتنەت بوغالتىرى ئارقىلىق مايلىق دان، قوناق، پاختا سان-سىپىرلىرى تولدۇرۇلغان بىر مۇنچە جەدۋەللەرنى ئەخمەتكە تۇتقۇزۇپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئاپىرىپ بېرىشنى تاپىلاپ

كەچكە يېقىن پىيادە يولغا سېلىۋەتتى. ئەخمەتنىڭ كىچىچە كېلەلمەيدىغانلىقىنى، كەلسىمۇ ھاردۇقتا ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى تىنغاندەك بولدى.

كەچلەپ لىقشىتىپ پىچان باسقان ھارۋىنى ھەيدەپ كامىل كەنت تەشكىلىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاتلارنى چىقىرىۋېتىپ، پىچاننى ھارۋا بىلەنلا قالدۇرۇپ ئۆيىگە چاپتى. ئانا يىغلىغىنىچە بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىنى ئېيتىپ بەردى. كامىل ئانىسىنىڭ جېدەل چىقارما، بولمىسا لەيلىنى ئېغىر ئاقىۋەتكە قويىسەن. مەن سەندىن خۇش بوپ كېتەي... دېگەن يېلىنىشلىرىغا قارىماي كەنت تەشكىلىگە بېسىپ كىردى. ئۇ ئامبار ئىشىكىنى توساپ تۇرغان شادىپاچاق بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. كامىل بىر مۇشت بىلەنلا ئۇنى ئۇگدەسىغا ئۇچۇرىۋېتىپ، ئۇچ قىرلىق كالتەكنى قارسىلا قىلىپ سۇندۇرۇپ ئۆگزىگە تاشلىۋەتتى. ئۇ ئامبار ئىشىكىنى بىرلا تېپىپ سۇندۇرغىنىچە ئۆيىگە ئېتىلىپ كىردى.

— كامىل ئاكا، — لەيلى كامىلغا ئۆزىنى ئاتتى.

— لەيلى بىر نېمە بولمىغانسىز؟

شادىپاچاقنىڭ ھاڭراپ يىغلىشى بىلەن بىردەمدىلا ئۆيگە مىنبىگلار يىغىپ كەتتى.

— كامىل بۇنداق قىلمىساڭ بولامدىكىن، بۇ كەنت باشلىقىنىڭ بۇيرۇقى، — دېدى مىنبىگلار باشلىقى ئالدىغا ئۆتۈپ، — ئۆزۈڭگە ئىش تېپىپ ئالارسەنمىكىن.

— شۇ، شۇ... — دېدى تاياق يېگەن شادىپاچاق پولتىيىپ چىققان كۆزىنى تۇتۇپ، — بىزدە نېمە گۇناھ.

— كامىل ئاكا، — دېدى لەيلى كامىلنى ئىتتىرىپ، — سىز كېتىڭ، ئانامنى ئويلاڭ، ھەرگىز جېدەل چىقارماڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ لەيلى، مەن سىزنى قوغدايمەن.

— دەرھال كېتىڭ، ماڭا ھېچنېمە بولمىدى، — كامىلنىڭ ئەلپازىدىن قورققان لەيلى كېچىدىكى ئىشىنى تىنمىدى.

— مەن سەنلەرگە دەپ قوياي، — دېدى كامىل پىچىقىنى كۆتۈرۈپ، — ئەگەر لەيلىگە بىرەر پىشكەللىك كېلىدىكەن، ھەممىڭنى قوي سويغاندەك سويۇۋېتىمەن.

غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولغان كامىل چامغۇرچى مەھەللىسىگە كەلدى. ئۇ قوشقاناتلىق دەرۋازىنى بىرلا تېپىپ ئېچىۋەتتى، ئۆگزىدە كەپتەرلەرگە دان چېچىۋاتقان ئىگەمبەردى كامىلنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ يەرگە چۈشتى.

— كەنت باشلىقى، مېنى «پاشلىق» قا يولغا سېلىۋېتىپ بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ ئۇ قانداقمۇ سىنىپىي دۈشمەن، ئايغاقچى، بۇزۇق ئۇنسۇر بولسۇن، ئۇ دېگەن بىر يېتىم قىز.

— نېمە، سىنىپىي دۈشمەن دېگەننىڭ بېشىدا مۈڭگۈزى، پېشانىسىدە تامغىسى، بەدىنىدە تىكىنى بارمىكىنا؟ — دېدى ئىگەمبەردى ۋارقىراپ، — ئەگەر ئۇ خامان، ئامبارلارغا ئوت قويۇپ، ماللارغا زەھەر تاشلىغاندىلا ئاندىن ئىشىنەمتىڭ؟ بىلىپ قوي، كەنتنىڭ پۈتۈن جاۋابكارلىقى مېنىڭ شىللەمدە.

— ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا ئىشەنمەيمەن.

— ھازىر ھۆكۈمەت تەكتى ئېنىق بولمىغان قارا نوپۇسلارنى تۇتۇۋاتسا، سېنىڭ ئۇنداقلارغا قانات يېيىپ، سايىۋەن بولۇپ يوشۇرۇپ يۈرۈشۈڭدە زادى نېمە غەرىزىڭ

بار؟!

— بۇ... بۇ... — كامىل تاتىرىپ كەتتى، — سېنىڭ بۇ قالپاقلىرىڭ ماڭا ياراشمايدۇ، باشقىلارنى قورقىتالىغىنىڭ بىلەن مېنى قورقىتالمايسەن.

— بىلىپ قوي بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ تىل بىرىكتۈرۈشىڭگە يول قويۇلمايدۇ. ئاناڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. بۇ ئىشىڭنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئۈستۈڭگە ئالىسەن تېخى...

قاراڭغۇ چۈشتى. كەنت تەشكىلى قورۇسى جىمجىت. پەقەت قازناق ئامبار ئالدىدا ئۆرە تۇرغان مىنبىگىنىڭ ئۈچ قىرلىق تايىقىغا يۆلىنىپ، يېنىك پۈشۈلدىشىلا ئاڭلىناتتى. تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەن ئىگەمبەردى مۈگدەپ قالغان مىنبىگىنى بىرلا نوقۇۋېدى، چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى.

— قالغانلار قېنى؟

— ئۇخلاۋاتىدۇ.

— سەنمۇ كىرىپ ئۇخلا، مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن.

مىنبىك ھەڭگىدە ھىجايدى-دە، ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىۋېتىپ كىرىپ كەتتى. ئىگەمبەردى تەرلەپ پىشىپ قازناقنىڭ ئىچىدىن بىر نەرسە بىلەن تىرەلگەن ئەبجەق ئىشىكنى ئاچتى. قورقۇپ كەتكەن لەيلى تامغا چاپلاشتى. ھىجايغىنىچە يېقىنلاشقان ئىگەمبەردى كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ بېلىدىن قاماللاپ سۆيمەكچى بولىۋېدى، قىز ئۇنىڭ يۈزىگە قامال سالدى. قازناق ئىچىدە نېمىدۇر ئۆرۈلدى، نېمىدۇر تاراقلىدى، ئاخىرى ئىككىسى يەردە يومىلاقلىشىپ كەتتى. ئىگەمبەردى قىزنىڭ تامبال بېغىنى كوچەپ تارتىش بىلەن لەيلى قاتتىق چىرقىرىۋەتتى. تۈگۈلۈكتىن توپىلارنى يۇرقىرىتىپ گۈلدۈر-غالاپ قىلىپ ئۆي ئوتتۇرىسىغا بىرى چۈشتى. ئىگەمبەردى ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. بىر قول ئۇنىڭ گەجگىسىدىن ئامبۇردەك قىستى-دە، قىزنىڭ ئۈستىدىن يۇلۇپ ئالدى ۋە ئاغزىغا تەگكەن بازغاندەك مۇشت زەربىسىدىن قازناق ئىشىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىگەمبەردى ئىككى موللاق ئېتىپ يەرگە يىقىلدى، ئارقىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن ھېلىقى قارا كۆلەڭگە ئۇنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ بۇرنىغا يەنە بىر مۇشت سىلىۋېدى، ئاغزى-بۇرنى قانغا بويالغان ئىگەمبەردى ئېغىر خىرقىرىدى:

— كامىل؟! سەن... سەن... ئەرخەپ... ئەرخەپ...

— ۋۆي نومۇسسىز ئىپلاس، ۋەھشىي ھايۋان. بىلىپ قوي، ئىشتمۇ ئۆزىنىڭ يالىقىنى قوغدايدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا يەنە چېقىلىدىغان بولساڭ، سېنى بوغۇزلىۋېتىمەن. مېنى قىلمايدۇ دېمە! قاچانكى بولسۇن، نەدىلىكى بولسۇن پىچىقىمنى قانغا بوياپ، ئاندىن بارىدىغان يەرگە بارىمەن، — دېدى كامىل ئۇنى قىستاپ كېلىپ.

— سەن يەنە نېمە قىلاي دەيسەن، — دېدى ئىگەمبەردى ئارقىغا چېكىنىپ ۋە بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى، — ئادەم بارمۇ، قېنى سىلەر؟ ئۇنى تۇتۇڭلار.

قاياقتىندۇر يېرىم يالىڭاچ كىيىنگەن تۆت مىنبىك يېتىپ كەلدى-دە، كامىلغا يېپىشتى. ھەممە ئىشنى كۆرۈپ تۇرغان لەيلى قازناقتىن چىقىپ ئىگەمبەردىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئۆز تىلى بىلەن يالۋۇرغىلى تۇردى.

— مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي كەنت باشلىقى، مېنى ئۇرساڭلارمۇ مەيلى.

كاملنى باغلىمساڭلار، ئۇنىڭ قېرى ئانىسى بار.

— لەيلى! — غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى كامىل، — تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشتىن نومۇس قىلمامسىز؟

لەيلى ئورنىدىن تۇردى-دە، كامىلغا ئۆزىنى ئاتتى... مىنبېگلار بۇ ھالنى كۆرۈپ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ياقىلىرىنى چىشلەشتى. چۈنكى ئۇلار قوناقلىق، كېۋەزلىكلەرنى تىلغاپ، پاخپاق جىگدە تۆۋىلىرىنى ئاق توپىلاڭغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ئىشلارنى كۆپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خەق ئالدىدا ئەر كىشىنى قۇچاقلىغان ئايال زاتىنى تېخى ئۇچراتمىغان ئىدى.

— باغلا، ئىككىلىسىنى باغلا. بۇ نومۇسسىزلارنىڭ جاجىسىنى ئەتە بېرىمىز.

ئەتىسى كەنت تەشكىلى. قورۇسى ئادەم بىلەن تولدى. مىنبېگلار ئاغزىغا كۆشۈك تارتىپ، چىڭ باغلانغان كامىل بىلەن لەيلىنى سۇپا ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ تۇرغۇزۇپ قويدى. ئىگەمبەردى چۈشۈپ كەتكەن ئىككى چىشىنى كۆرسىتىپ پىشىلدىغىنىچە تۆكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ ۋارقىرايتتى. ئۇ كامىلنىڭ تېگى-تەكتى ئېنىق بولمىغان، قارا نوپۇس بىر بۇزۇق ئۇنسۇرنى قانات ئاستىغا ئالغانلىقى، ئۇنىڭغا «لەيلى» دېگەن ئىسمنى قويۇپ ئەسلى قىياپىتىنى يوشۇرغانلىقى، ئەسلىدە لەيلىنىڭ جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ پۇشتى ئىكەنلىكى، تونۇگۈن كېچە بۇزۇقچىلىق ئۈستىدە، يەنى مال ئېغىلىغا ئوت قويۇش مەزگىلىدە تۇتۇلغانلىقى، بۇنىڭغا ئۆت مىنبېگنىڭ گۇۋاھ بولغانلىقى، لېكىن كامىلنىڭ بۇزۇق ئۇنسۇرنى قوغداپ، بىر مىنبېگنىڭ كۆزىگە ئۇرۇپ يارىدار قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئىككى چىشىنى چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىگە قەدەر قايناپ-تېشىپ سۆزلىدى.

كامىل يۇلقۇنۇپ ۋارقىرىماقچى بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىنغان كۆشۈك چىڭ تارتىلىپ تۇرغاچقا، ھېچنەرسە دېيەلمىدى. لەيلى ھېچنېمىنى ئۇقالماي تېڭىرقاپ تۇراتتى. ئەخمەتمۇ ئاچچىقىدا ئېتىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ نېمىلەرنىدۇر غۇدۇڭشىيتتى.

كامىل «پاشىلىق»قا پالاندى. لەيلى مال ئېغىلىدا رىجىم ئاستىدا ئىشلەشكە بېكىتىلدى. ئىگەمبەردىنىڭ نام-ئەمالىنى بەش قولدەك بىلىدىغان دېھقانلار ئۇنىڭ قورسىقىدا قانداق جىنىنىڭ بارلىقىنى ئاچچىق تىل، مەسخىرىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئۇزاپ كېتىشتى.

بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. نېۋىخان كەنت تەشكىلىگە كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق توشۇيتتى. لەيلى ئەخمەت بىلەن مال ئېغىلىدا پىچان توغراش، ماللارنىڭ ئاستىنى تازىلاش، سامان يۇيۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. كېچىلىرى ئىگەمبەردى ئۇنى ئاۋارە قىلالماس بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى ئەخمەت ھەر كۈنى قازناق ئىشىكى ئالدىغا بىر پارچە كىگىز تاشلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئىگەمبەردى كامىلنىڭ قاچانكى بولسۇن، نەدىلىكى بولسۇن پىچىقىمنى قانىغا بويايمەن، دېگەن سۆزلىرىنى ئويلىسىلا يۈرىكىنى ئەنسىزلىك قاپلاپ، بەدىنىنى سۈر باساتتى.

ئەخمەت تىلسىز بولغىنى بىلەن ئىنتايىن چېچەن، كۆزى ئۆتكۈر ئادەم ئىدى. ئۇ بىر كۈنى لەيلىنىڭ جادۇدا پىچان توغراۋېتىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ ناتىۋان قىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ياش تۆكۈدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئەخمەت قاراڭغۇ چۈشۈپ

ئەل ئايغى جىمىققان بىر پەيتتە ئىككى ئاتنى چىرايلىق توقۇپ لەيلىنىڭ ياتىقىغا كىردى. قول، ئېغىز ئىشارىلىرى بىلەن خېلىلا سۆزلىشەلەيدىغان ئەخمەت-كامىلنىڭ قېشىغا ئاپىرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. دەسلەپتە قورققان لەيلى ئەخمەتنىڭ قەتئىي چىرايىدىن جانلاندى-دە، ئاتقا مىندى.

ئۇلار كەنتتىن ئۈن-تىنسىزلا چىقىپ قوملۇققا قەدەم ئېلىشى بىلەن ئاتلىرىنى قويۇۋەتتى. لەيلى قوم بارخانلىرى ئۈستىگە سانچىلغان خادا تاياقلارغا، ئۇنىڭ ئۇچىدىكى بەلگە ئۈچۈن چىگىلگەن لاتىلارغا سەپ سالغىنىچە ئەتراپقا قارايتتى. ئاخىرى قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلار تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە «پاشىلىق»قا يېتىپ كەلدى. ئۇلار چەكسىز پىچانلىق ئوتتۇرىسىدا ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى.

تەكلىماكاننىڭ كۆپكۆك پاكىز ئاسمىنىدا بىر تەرىپى داغلاشقان ئاي كۈلۈپ قارايتتى. چاراقلىغان سانسىز يۇلتۇزلار چېچىلغان ئۈنچە-مارجاندەك جۇلالىنىپ، يۇرىكى رېتىمىدىن ئازغان قىزغا بەخت تىلەيتتى. سېھىرلىك نۇر ئىلكىدە تاۋلانغان ئېگىز-پەس قوم بارخانلىرى گويا دېڭىزدىكى دولقۇننى ئەسكە سالاتتى. قىسقىسى، چەك-چېگرىسى كۆرۈنمەس بۇ تىلسىملىق كىشى تېنىنى شۈركەندۈرۈپ كۆڭۈلگە قورقۇنچ سالسىمۇ، لېكىن لەيلى بىر ئالەم شادلىقى بىلەن خۇشال ئىدى.

ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ غېرىبانە مۆكۈنۈپ تۇرغان قومۇچ كەپە ئالدىدا توختاشتى. ئەخمەت كۆزى بىلەن ئىشارە قىلىشى بىلەنلا لەيلى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تاشلاپ كەپىگە يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇ ھايال بولمايلا قايتىپ چىقىپ «يوق» ئىشارىسىنى قىلدى. ئەخمەت ئەتراپىغا بىر نەزەر تاشلاپ ئۆزى پىچانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈگرەپ كەتتى. ئەخمەت بىر چاغدا يېنىپ كېلىپ لەيلىگە ئۇخلىغاننى ئىشارە قىلىپ ئايدىڭدا غۇۋا قارىيىپ كۆرۈنگەن قېرى توغراقنى كۆرسەتتى.

لەيلى چېپىلغان پىچانلىق ئۈستىدە يۈگۈرۈپ ئەمەس قانات ياساپ ئۇچۇپ باراتتى. تىلىدا ھامان «كامىل، كامىل، كامىل...» دېگەن مۇشۇ بىر سۆزلا زىكرى قىلىناتتى. ئۇ قېرى توغراققا يېقىنلاشقانسېرى دېمى كېسىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتقا ئايلانغانىدى.



پېچانلىقتا يېڭىلا چېچىلغان پېچان دۆۋىلىرى رەت-رەت تىزىلىپ ياتاتتى. شاخاراپ كەتكەن توغراق تۈۋىدە بىر باغ پېچاننى بېشىغا قويغان كامىل گويا رىۋايەتلەردىكى پالۋانلاردەك ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولغان بىچارە لەيلى ئايىغى ئاستىدىكى ئوت-خەسلەرنى پىسرىلتىپ ئاستا-ئاستا دەسسەپ كامىلنىڭ بېشىدا تىزلاندى. ئۇ يۈرەك ئۇرۇشىنىڭ رىتىمسىزلىكىدىن ھاسرايتتى. تۈۋسىز چاڭقاق تەشنالىق پىراقىدا ئۆرتەنگەن لەيلىنىڭ كامىلنى ئويغىتىشقا كۆزى قىيمىدى. ئۇ كائىناتنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇرغان تولۇن ئايغا قارىغىنىچە چىرايلىق كۆزلىرى ياشقا تولدى. چۈنكى كامىلنىڭ مەيدىسىگە قونۇۋېلىپ قان شوراۋاتقان پاشا-كۆمۈتىلار ئۇنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئېزىۋەتكەنىدى. ئۇ يۇمشاق ئالقانلىرى بىلەن كامىلنىڭ مەيدىسىنى ئاستا سىلاۋاتقىنىدا بىر نەچچە تامچە ئىسسىق ياش مۇزدەك تەرلىگەن چوڭ كۆكرەك ئۈستىگە چۈشتى.

— كىم؟ — چۆچۈپ ئويغانغان كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سىز...

— كامىل!

لەيلى تاقەتسىز ھالدا ئۆزىنى يىگىتنىڭ باغرىغا ئاتتى. قىز يىگىتنىڭ چوڭ كۆكرەكلىرىگە سىڭىپ كەتتى.

— جۇرۇڭ، ئايدىڭدا مەن سىزنى ئېنىقراق كۆرۈۋالاي. بۇ... بۇ... چۈشۈم ئەمەستۇ؟ ئىلاھىم، چۈشۈم بولۇپ قالمىسۇن.

— بۇ چۈشىڭىز ئەمەس، ئاغرىدىمۇ؟— دېدى لەيلى كامىلنىڭ يۈزىنى چىمداپ،— ئاغرىغان بولسا ئويغۇمكەن دەڭ!

— ئاغرىدى.

— قانداق سەزدىڭىزمۇ، — دېدى لەيلى چىمدىغان يېرىنى شوراپ تۇرۇپ، — سەزگەن بولسىڭىز ئويغۇمكەن دەڭ. مەن لەيلىڭىز...

— سەزدىم... سەزدىم. ئۇ سىزنىڭ ئاشۇ كىچىك ھال رەڭ لەۋلىرىڭىز...

كامىل لەيلىنى دەس كۆتۈرۈۋالدى. ئۇلار جىممىدە ئۇگدىشىۋاتقان يۇلغۇنلارنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇشتى. سۈپسۈزۈك ئاسماننىڭ ئېگىز بىر جايىدا يالغۇز ئاي نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يورۇقىدىن ھەممە يەر سۇس ھاۋا رەڭگە كىرگەن ئىدى. قېلىن ئوتلار ئارىسىدا نېمىدۇر شىتىرلىدى. چېكەتكىنىڭ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ چىرىلدىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— قانداق كەلدىڭىز؟ — دېدى كامىل قىزنىڭ نازۇك ئالقانلىرىنى سۆيۈپ.

— ئەخمەت ئاكام ئېلىپ كەلدى. ئۇ كەپە ئالدىدا قالدى.

— بارامدۇق؟!

— توختاڭ، مەن سىزنى كۆرۈپ قېنىۋالاي.

— مەن سىزنى جاپادا قويدۇم، لەيلى...

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ، مەن سىزنى بالاغا تىقتىم، — قىز يىغلىدى، — مەن... مەن... سىزگە بىر ئىشنى دېمەكچى ئىدىم.

— نېمىنى؟

— خاپا بولامسىزكىن؟!

— ھەرگىز، قېنى دەڭ!

لەيلى كامىلنىڭ مەيدىسىگە يۈزىنى يېقىپ ئۈزۈن جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىسسىق ياشلىرى يىگىتنىڭ يالاڭ مەيدىسىگە ساقىپ چۈشمەكتە ئىدى.

— قېنى دېمەمسىز؟

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلىشتىن ئەنسىرەيمەن.

— ياق لەيلى... ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ.

— ئەمدى... ئەمدى... ئۇ... بىزدە بار!

— نېمە ئۇ؟

—ئىككىمىزنىڭ بالىسىچۇ! — لەيلى ئۇيۇلۇپقىنا يەرگە قارىدى.

— نېمە بويىڭىزدا بارمۇ؟

قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قالغان كامىل بىردىنلا ئۇنى قاتتىق قۇچاقلىۋالدى...

— ۋاي، — بوشقىنا توۋلىدى لەيلى، — ئاستىراق قىسىڭ، بالىمىز مىجىلىپ كېتىدۇ.

— ئاھ لەيلى... لەيلى... مېنىڭ لەيلى گۈلۈم، مەن ئەمدى ھېچنېمىدىن قورقمايمەن. كەتتىكە كېتىمەن. سىزنى ئۆز ئىلكىمگە ئالىمەن.

— ياق، ھازىرچە كەتمەڭ، — دېدى لەيلى ئەنسىرەپ، — ئەگەر سىز ئۈچىنچى ئۇرۇم پىچانىنى ئورۇپ توشۇلۇپ بولمىغىچە كەتتىكە كىرسىڭىز ئىگەمبەردى ئاشلىق نورمىنى بەرمەسلىكنى ئۇقتۇردى. ئۇنداق بولغاندا ئانامنى قىيناپ قويىمىز. سىز يەنە بىر ئاز چىداڭ.

— لەيلى، سىزنى ئېغىر ئىشلارغا قويۇپ جاپاغا سېلىپ قويدۇم.

— نەدىكىنى، ئېغىر ئىشلارنى ئەخمەت ئاكام قىلىدۇ. لېكىن ئۈچ ئات بەك يامانكەن، مېنى يېقىن يولاتمايدۇ.

— بۇنى كىيىۋالسىڭىز ھېچنېمە قىلمايدۇ، — كامىل قوزا تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاق تەلپەكنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ سۆيۈپ قويدى.

بىر-بىرىگە قىيالمىغان بۇ ئىككى دەردمەن ئەخمەتنى ئۇنتۇپ تاڭنى ئاپئاق ئاتقۇزۇۋەتكەنمۇ بولاتتى. لېكىن يېقىنلا يەردىن يۆتەلگەن ئاۋاز كەلدى. بۇ ئەخمەتنىڭ «تېزراق» دېگەن شەپىسى ئىدى. شۇ چاغدىلا ئۇلار ئەخمەتنى ئەسلىرىگە ئېلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. كامىل ئەخمەتنىڭ تىل بىلەن ئىزھار قىلغۇسىز ياخشىلىقلىرىغا سۆيۈنۈپ ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە مىننەتدارلىق بىلەن دۈمبىسىگە شاپىلاقلاپ قويدى.

لەيلى ئىككىنچى قېتىم كۆڭلىكى ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قالغاندا ئەخمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۆزى يالغۇز پاشلىققا كەلدى. بۇ جەۋلان قۇمتامغا كېلىپ ئىككىنچى كۈنى ئىدى. لەيلى كامىلغا شەھەردىن خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ-تېنەپ يولغا چىقتى. لەيلى بەلگە شادىلارنى ئوبدان كۆرۈۋالغاچقا، شۇلارنى مۆلچەل قىلىپ ئاتنى قامچىلىدى: قورقۇنچلۇق چەكسىز قۇملۇق، تۇندە تىلسىملىق چۆلدىن ئۇقۇيتقاندەك، يىغلىغاندەك كېلىۋاتقان غەيرىي ئاۋازلار، تۈن قۇشلىرىنىڭ تۇيۇقسىز چىقىپ باش ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشى، ھەرخىل قىياپەتلەردىكى يورەكنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان قۇم بارخانلىرى، پاخپايغان توغراقلار ئۇنى قورقىتالمىدى. ئۇ كەپە ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ ئايدىڭدا بىر خىلدا چالغا چېپىۋاتقان قارا كۆرۈم گەۋدىگە قاراپ

يۈگۈرگىنىچە ۋارقىرىدى:
— كا...مىل... — لەيلى يۈگۈردى، يىقىلدى، پۇتلاشتى.
— لەيلى... — كامىلمۇ چالغىنى تاشلىۋېتىپ لەيلىگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇلار قۇم سەھراسىدا كۆمۈلمەي قالغان تىرناقتەك يېشىل ياقۇت «پاشلىق»نىڭ چەكسىز پىچان ئېگىزلىقىدا بىر-بىرىگە سىڭىپ كەتتى... تەكلىماكاننىڭ چېتى كۆرۈنمەس كۈن پاتار روجەكلىرىدە ئېغىر قارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن يالت-يۇلت چاقماق چېقىلدى. ئارقىدىن گۈلدۈرلىگەن، قاراسلىغان ئاۋازلار ياڭرىدى. كۆپكۆك چاقماق نۇرىدا بىر جۈپ گەۋدە دەممۇدەم تاۋلىنىپ تۇردى.
ئاھ خۇدا، بۇ قەدىمىي قۇملۇقتىكى ئاتەش پەيدا قىلغان چاقماقمۇ؟

* * *

تاتلىق ھەم ئازابلىق خىياللار ئىلكىدە ئۇخلاپ قالغان جەۋلان ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ ئالمان-تالمان كىيىنىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ھېساباتىنى تەكشۈرۈۋاتقان قاسىمنىياز بىلەن مەتنىياز كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئىشلارنىڭ ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
— بولدى، سىلەردىن ھازىرچە گەپ سورىماي، — جەۋلان سومكىسىدىن بىرنەچچە بەتلىك ماتېرىيالنى ئېلىپ سۇندى، — كۆرۈپ بېقىڭلار.
— پوھوي، — دېدى قاسىمنىياز ماتېرىيالغا كۆز يۈگۈرتۈپ، — بۇ ئاق ئوغۇتلارنى كامىل سۇ قىلىپ بېرىپتىكەندە؟
— ئاخىرىنى ئوقۇڭلار.
قاسىمنىياز بىلەن مەتنىياز ماتېرىيالنى قولمۇ قول كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن نېمە دېيىشنى بىلمەي خېلىغىچە جىمىپ كەتتى. چۈنكى بىر نەچچە يىللاردىن بېرى شەھەردە شەخسىي ھېساباتقا سېتىلغان مايلىق دان، بۇغداي، قوناق، ھەتتا يوتقان-كۆرپە، كىگىز لەڭگىچە ماتېرىيالدا ئېنىق يېزىلىپ، ئاستىغا كامىل قول قويغانىدى.
— پاھ ئىشلاردا زور ئىلگىرىلەش بارغۇ، — دېدى مەتنىياز كۈلۈپ، — ھېلىمۇ ياخشى «قۇمتام» دېھقانلىرى خۇرجۇن كۆتۈرۈپ قەلەندەر بولۇپ چىقىپ كەتمەپتىمىز!
— ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ قاقشىغىنى بىكار ئەمەسكەندە، — دېدى قاسىمنىياز ئېغىر خىيال بىلەن، — ئاق ئوغۇت، ئاشلىق، ھەتتا قۇتقۇزۇش ئائىلىلىرىگە بېرىلگەن يوتقان، كۆرپە، كىگىز، كىيىم-كېچەك لەڭگىچە، قارا بۇنىڭ نەپسى نېمىدېگەن يوغىناپ كەتكەن.
— كامىل بۇ ئىشلاردىن قورقۇپ باشتىلا ئانىسىغا دېگەن. كۆپىنىڭ ھەققىدىن قورقىدىغان بۇ ساپ موماي بۇ ئىشلارنى ئىدىتلىق پۈتۈپ قويۇپ، كېيىنچە ساڭا مىزەممەتتى تېگىپ قالمىسۇن، دەپ تاپىلىغانىكەن. شۇڭا يىل، ئاي، كۈن ھەممىسى ئېنىق تۇرمامدۇ.
— جەۋلان ئەپەندىم، — دېدى قاسىمنىياز، — مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ. بىرەرىمىز يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ ھەر يىلى، ھەر پەسىلدە قۇمتامغا قانچىلىك ئاق ئوغۇت ۋە قۇتقۇزۇش بويۇملىرى تەقسىم قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ كېلىش زۆرۈرمىكىن دەيمەن.
— ئەلۋەتتە زۆرۈر، ھازىرچە سىلەر ئۈچ كۈن ئىچىدە، — دېدى جەۋلان

قولىدىكى تىزىملىكنى ئۇلارغا بېرىپ، ــ مۇشۇ ئادەملەردىن كوللېكتىپ ئوتياشلارغا، كوللېكتىپ باغلارغا يىلدا نەچچە قېتىم، ھەر قېتىمدا نەچچە خالتىدىن ئاق ئوغۇت چاچتى، ئىنقىلاپ چىققىلار. بۇ ئىشتا ئىگەمبەردى، بوغالتىر، ئامبارچىنىڭ قولى بار. ئۇلارمۇ شەھەردە بىرنەچچە نۆۋەت ئاق ئوغۇت ۋە ئاشلىق ساتقان.

ــ ئەگەر ئۇلار ئوغۇت چاچقانلارنىڭ قولىقىنى بۇرىۋەتكەن بولسىچۇ؟

ــ ئۇنداقتا يىللاردىن بېرى بۇ ئۈچ كىشىنىڭ شەھەردە ساتقان ئوغۇتلىرى ئاسماندىن چۈشۈپتىمۇ؟ ــ دېدى جەۋلان جىددىي قىلىپ، ــ ناۋادا ئۇلار راست گەپ قىلمىسا ئۆزلىرى زىيان تارتىدۇ.

ــ توغرا، ــ دېدى مەتنىياز ماتېرىيالغا قاراپ، ــ سان ئېنىق تۇرمامدۇ.

ــ يەنە بىر ئىش، ــ دېدى جەۋلان ئويلىنىۋېلىپ، ــ يىللاردىن بېرى قوتقۇزۇش ئائىلىلىرىنىڭ قولىغا زادى قانچىلىك بىر نېمە تەگدى. بۇنىمۇ ئېنىقلاڭلار، لېكىن ئاشلىق مەسىلىسىگە تەگمەڭلار، بۇ ئىشلە پچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇرەككەپ ئىش. ئۇلارنى ئايرىم يىغىپ، چېتىلىپ قالغان تەرەپلىرى، بېسىم بىلەن يۈز بەرگەن ئىشلار، قىسقىسى، يۇدۇۋالغان ئىدىيىۋى بوپسىغا قارىتا تەربىيە بېرىشىمىز كېرەك.

ــ ئۆزلىرى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارامىلا؟

ــ ياق، مەن مۇشۇ بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە كاملىنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ھەل قىلىمەن.

ــ توغرا، شۇنداق قىلمىسا ئۇ دادىل مەيدانغا چىقالمايدۇ، ئىگەمبەردى قاتارلىقلارمۇ «قانۇنسىز نىكاھ» مەسىلىسىنى دەستەك قىلىپ كاملىغا ھۇجۇم قىلىدۇ.

قاسىمنىياز بىلەن مەتنىياز چىقىپ كەتتى. جەۋلان ئولتۇرۇپ ئويغا پاتتى. زادى كامىل بىلەن لەيلىنىڭ ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىر پارچە تونۇشتۇرۇش يېزىپ بۇ ئىككىسىنى قىزىل قەغەز ئېلىش ئۈچۈن يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كىرگۈزسۇنمۇ؟ ياق بولمايدۇ، دېھقانلارنىڭ ئېغىزىدىن ئۆتمىسە ئىگەمبەردىلەر ئۇسەك گەپ تارقىتىدۇ، توغرا تېلېفون بېرىپ ئەيسايۇپ بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت شۇجىسى بارنىيازنى چاقىرىپ كەلسە بولمىدىمۇ. ئۇلار بىرەر ئامالىنى قىلار.

چۈشكە يېقىن چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەن ئاتلىرىنى يېتىلەپ كەنت تەشكىلى قورۇسىغا بارنىياز بىلەن ئەيسايۇپ كىرىپ كەلدى. ساقلاپ تاقىتى-تاق بولغان جەۋلان دەرۋازا ئالدىدا ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.

ــ ھە، شاماللىق، نېمانچە ئۆندەرەپ تېلېفون سوقتىڭىز، ــ دېدى ئەيسايۇپ ياسىما ئاچچىقلاپ، ــ سەنزە، سەنزە... يا بىزگە بېرىدىغان زىياپىتىڭىز بارمىدى؟

ــ شۇنداق، ھېكايە زىياپىتى...

ئۇلار ئىشخانىغا كىرىپ توپا باسقان يۈزلىرىنى يۇيۇپ بولغىچە جەۋلان يوغان بىر بىشەكچى قوغۇننى تىلىپ ئۈستەلگە تىزىۋەتتى. ئۇلار قوغۇننى ئىشتىھا بىلەن يېدى. ئۈچ يىلدا بىر كۆلمەس شۇجى بارنىياز يەنىلا جىمجىت سۈرلۈك ئولتۇراتتى.

ئەيسايۇپنىڭ ھە بىر نېمە دېگەچ ئولتۇرامسەن دېگەن مەنىدە تىكىلىپ قارىشىدىن جەۋلان كامىل بىلەن لەيلىنىڭ ئىشىنى بىر باشتىن سۆزلەش جەريانىدا كەنت

باشلىقى ئۇنگەمبەردىنىڭ قىزغا نىسبەتەن يامان نىيەتتە بولۇپ، كاملغا ھەرخىل بەتناملارنى چاپلاپ «پاشلىق»قا سۈرگۈن قىلغانلىقىنىمۇ ئېيتتى.

— ھەي شاماللىق، ھەي شاماللىق، بۇ ئىشلارغىمۇ قول تىقىپسەندە.

— شۇنداق، بۇ قېتىم «تاخۇي-تاخ» دەپ ھۆركۆتۈۋەتكىلى بولمىدى، — دېدى جەۋلان كۈلۈپ، — بۇ چوڭ ئىشلارغا تاقىشىپ قالدى.

جەۋلان ئۇنگەمبەردىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى خىيانەتچىلىك، چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلەش، قاقتى-سوقتى قىلىش، ئىستىل جەھەتتىكى چىرىكلىشىشلىرىنى دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئاخىرىدا كاملىنىڭ تۇرمۇش ئىشى توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىغاندا «قۇمتام» كەتتىنىڭ «پاش قىلىش، ئېنىقلاش» تىن ئىبارەت «قاپقاقنى ئېچىش» خىزمىتىگە تەسىر يېتىدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

— بۇ ئىشنى قانداق قىلساق بولا، باشۇجى، — دېدى ئەيسايۇپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بارنىيازغا قاراپ.

— ھىم، — دېدى بارنىياز قاپىقىنى تۈرۈپ، — بۇ يەردە دىنىي ئەقىدىلەر ئىنتايىن كۈچلۈك. ئەگەر توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىغاندا خەلق نارازى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنگەمبەردىگە قۇيرۇق تۇتقۇزۇپ قويىمىز. مەن بۇرۇنلا بۇ ئادەمدىن بىزار ئىدىم.

ئەيسايۇپ بىلەن جەۋلان بارنىيازنىڭ ئاغزىغا قاراپ جىمىپ كەتتى. بارنىيازنىڭ قاتمال، ئات يۈزلۈك چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، تىزىغا قويۇۋالغان يوغان مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلگەنىدى.

— مۇنداق بولسۇن، — دېدى بارنىياز ئەيسايۇپقا قاراپ، — بۇ يەردە مەنسۇرخان ھاجىم دېگەن بىر ئۆلۈما زات بار. «قۇمچاقار، ئەللىئاباد» لىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇ كىشىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ بەيئەت قىلىشىدۇ. شۇ زاتقا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بىر پەتىۋا ئالايلى...

— ئۇ كىشىگە بىر ئاز سوۋغات ئېلىۋالساق قانداق، — دېدى جەۋلان ئەنسىرەپ، — بولمىسا...

— بولمايدۇ، ئۇ زات بىر بەندىنىڭ ھاجەت يۈزىسىدىن ئېلىپ كەلگەن نېمىتى بىئامالىلىقتىندۇر، بۇنداق نىيەت ھارام بولۇر. گويا ھاجەتمەنىنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ يېگەن بىلەن باراۋەر ئېغىر، گۇناھقا پاتقۇسىدۇر، دېگەن ئەقىدە بىلەن ياشايدۇ.

— ئۇنداقتا، — دېدى ئەيسايۇپ، — قۇرۇق بېرىشىۋېرىمىزمۇ؟

— ئۇ زاتقا ھۆكۈمەتتىن ھەر ئايدا مائاش كىرگۈزۈپ تۇرىدۇ، — دېدى شۇجى پەخىرلەنگەن ھالدا، — بىز ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىگىلا بارايلى. ئۇ «جىگدىلىك» مەھەللىسىدە ئولتۇرىدۇ.

بارنىياز ئەيسايۇپ بىلەن جەۋلاننى كەنت تەشكىلىنىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يوللار بىلەن باشلاپ ماڭدى. يول بويلىرىدا يوپۇرماقلىرى سارغايغان قىڭغىر-سىڭغىر توغراقلار قېرى ئامۇتلار قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. زەپىرانىدەك سارغايغان ھەر خىل ياپراقلار قۇم توپىلىق يوللارغا قويۇق تۆكۈلگەن بولۇپ، ئاياغ ئاستىدا شىتىرلايتتى. ئۇلار «جىگدىلىك» مەھەللىسىگە قەدەم ئېلىشى غارالىق ھويلىدىن يۈگرەپ چىققان بىر كۈچۈك ئۆزىنىڭ زىل ئاۋازى بىلەن ئۇلارنى قارشى ئالدى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى

ۋادىكلىك ئۆيلەر، قاراڭغۇ باغلار پاكار كوملاچ تام بىلەن ئاھادە قىلىنغان بولۇپ، شاخ-شۇمبىلار تولا سىجاپ تارغاقتەك بولۇپ كەتكەن بۇ تاملار ئۈستىدىن ھەرخىل مېۋىلىك شاخلار ئارتىلىپ قوم توپىلىق يوللارغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۆگزىلەردىكى پەغەزلەردە كەپتەرلەر گۇگۇلايتتى، بەزى ئۆگزىلەرگە تىزىۋەتكەن قوغۇنلار، قوناق پاسىرىغا يۆگەپ ئاپتاپقا سالغان ئەششاپتۇللارنىڭ ھىدى دىماقلارنى غىدىقلىسا، پىنھان باغلاردىن كېلىۋاتقان بىھى پۇرىقى مېزىلىك ھىد چاچاتتى...

بارىنىياز كۈنگە قاراپ تۇرغان قوشقاناتلىق دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ بىر ئاز تىنىۋالغاندىن كېيىن قوش ھالقىنى شاراقلاتتى. ھايال بولمايلا ھويلا ئىچىدىن كىم دېگەن كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىدىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلدى ۋە 12 ياشلار چامىسىدىكى شاپاق دوپپىلىق بالا ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

— ئۆيدە كىم بار؟

— بوۋام بىلەن دادام باغدا تال كۆمۈۋاتىدۇ.

— بىزنى باشلاپ كىرەلەمسەن؟

— ماقۇل.

بالا پىشايۋانلىق كۆتەرمە قىلىپ سېلىنغان ئۆينى ئايلىنىپ كىچىك باغ ئىشكىنى ئېچىپ ئۇلارنى باشلىدى. باغدا بىر دېھقان بىلەن ھاجىمنىڭ ئوغلى تال كۆمۈۋاتاتتى. بېشىدا ئاق شاپاق دوپپا، تىزلىرىغا چۈشۈپ تۇرغان ئاق سېرىق چۈنچەن كەمزۇلى ئۈستىدىن چۇچۇلۇق شايى پوتا باغلىغان، چىرايلىق ياسالغان ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان ھاجىم قەلەمتۇراچ بىلەن تالنىڭ ھارام شاخلىرىنى قىيىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھاجىم، تەنلىرى ساق، ئۆزلىرى ئوبدان تۇدىلىمىكى؟

بارىنىياز قوش قوللاپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەيسايۇپ، جەۋلانلارمۇ ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن كۆرۈشتى. بارىنىياز ھاجىمغا ئەيسايۇپ بىلەن جەۋلاننى تونۇشتۇردى. ھاجىممۇ ئاڭلىغان، قەدەملىرىگە تەشەككۇر دەپ قايتا-قايتا ھال سورىدى.

— ھاجىم تالنى بەكلا پۇتاۋەتتىلىمۇ قانداق؟ — دېدى بارىنىياز كېسىپ تاشلانغان تال شۇگىلىرىغا قاراپ.

— قارىسىلا يۇرت بېشى، — دېدى ھاجىم كۈلۈپ، — تال ئىگەم جىگەرلىك بولسا، پىچىقى پولاتتىن بولسا، مېنى ئايىماي پۇتاپ تۇرسا، كۈز كەلگەندە سېۋەتنىڭ يوغىنىنى چىنەپ كەلسە دەيمىش...

ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— كۈزدە تالنى كۆمۈشنىڭ ئۆزى بىر ئاۋارىچىلىق بولىدىكەن، — دېدى بارىنىياز، — مەن تاللىرىمنى ئايمىقى① قىلىۋەتتىم قارىسىلا.

— بۇمۇ بولىدىغان چارە، كاللەك ساپ چۈشمىگىنى بىلەن ئۈزۈمى رەڭ تۇزۇپ، بەكمۇ تاتلىق بولىدىكەن.

ئۇلار يەل-يېمىشلەر ئۈستىدە بىر ئاز پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن مېھمانلار ئۆيگە باشلاندى. ھاجىمنىڭ ئوغلى بىردەمدىلا پەتنۇسلاردا قوغۇن، شاپتۇل، ئۈزۈملەرنى ئەكىرىپ دەستىخاننى تولدۇرۇۋەتتى. جەۋلان ئاستىرىتىن ھاجىمنىڭ مېھرىبانلىق يېغىپ

① ئايمىقى — جەل-دەرەخلەرگە ياماشتۇرۇۋېتىلگەن تال.

تۇرغان مۇلايىم كۆزلىرىگە، پاختا غوزىسىدەك ئايپاق قاشلىرىغا، تولىمۇ ئەپچىل ياسالغان مەشۇتتەك ساقاللىرىغا، پاكىزە چىرايىغا سەپ سالماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن پاھ بۇ ئادەمنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىكىنا، دېگەن بىر ئوي زادى نېرى كەتمىدى.

نېرى-بېرى پاراڭلاردىن كېيىن بارنىياز ئۇزلىرىنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى بىر قۇر سۆزلىدى. ئەيسايۇپمۇ قوشۇمچە قىلدى. لېكىن ھاجىم بىر يۆتۈلۈپ قويغاندىن كېيىن خەۋىرىم بار، دەپ قويدى. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان جەۋلان ھاجىمغا تىكىلىپلا قالدى.

— ئۆزلىرىمۇ خەۋەر تېپىپلا-دە، — دېدى بارنىياز.

— شۇنداق، كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى كەلگەن ئىكەن، — دېدى ھاجىم جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئۇنىڭچە بولغاندا، مەن كامىل بالا بىلەن ھېلىقى مەسۇمەنى ئەل-جامائەت ئالدىدا شەرىئەت نىزاملىرى بويىچە جازالاپ بەرسەم بولغىدەك، لېكىن پېقىر ئۇنىڭغا ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى بويىچە ئىش كۆرۈش، قورساقنى كەڭ تۇتۇپ كۆڭۈل ھۆكمى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئىش قىلىشنى ئېيتىپ قايتۇردۇم.

— ئۇنداقتا ھاجىم، — دېدى جەۋلان جىددىيلىشىپ، — كامىل بىلەن لەيلىنىڭ نىكاھ ئىشىنى شەرىئەت قائىدىسى بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى مۇمكىن بولارمۇ؟

— تامامەن مۇمكىن ئوغلۇم، ئۆزلىرى ئېيتقان مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ئاللا-تائاللا تەرىپىدىن بىزلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىلاھىي تۇيغۇ دېمەكتۇر! بۇ ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. ئاللا-تائاللا ئىگەم نەزىرى چۈشكەن بەندىسىنىڭ كۆڭلىگە سېلىپ ئۇنى نۇرغۇن مۇشكۇلاتلار كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزىدۇ...

— لېكىن ھاجىم، ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سورىغۇم كەلدى، ئەپۇ قىلاللا، — دېدى جەۋلان قىزىرىپ، — كامىل بىلەن قىزنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى ئوخشىمايدۇ. بۇمۇ ئوخشاشلا ئاللا سالغان مۇھەببەت سەۋداسىمۇ؟!

— ئەلۋەتتە ئوغلۇم، ئاللا بەندىلىرىنى ھەر خىل ياراتتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا بىدئەت تۇيرىقىغا ئىسلام ئۇرۇقىنى چېچىش ئېيتقۇسىز ساۋاب ئىشتۇر. لەيلى قىز ئىمان ئېيتىپ، پاك ئىسلام نىزاملىرىغا بەيئەت قىلىپ بىر مۇسۇلمان يىگىتكە ھالال جۈپ بولۇپ قوشۇلسا، ئۇنىڭغا ئاللامۇ رازى...

— تەشەككۇر ھاجىم سىلىگە. مىڭ مىرتەم تەشەككۇر، — جەۋلان ئورنىدىن تۇرۇپ قايتا-قايتا تەزىم بىجا كەلتۈردى.

— ئۇنداقتا ھاجىم، — دېدى بارنىياز، — توي ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرساق ئۆزلىرى ئاتىدارچىلىق قىلىپ نىكاھىنى ئوقۇشقا قەدەم تەشرىپ قىلىپ بېرەلەمدۇ؟

— بۇنداق ساۋابلىق ئىشقا جان تەسەددۇق، — دېدى ھاجىم كۈلۈپ، — جامائەت كۆپرەك قاتناشسۇن، مەن جامائەت ئەھلىگە ئىككى كەلىمە سۆز قىلاي.

— بۇنداق قىلساق تولىمۇ بەلەن ئىش بولاتتى، — دېدى ئەيسايۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ھاجىم مېھمانلارنى ئۇزىتىپ چىققاندا كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى. ئۇلار خۇشال ھالدا قايتىشتى. بولۇپمۇ جەۋلاننىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمايتتى. ئۇچەيلەن كەنت

تەشكىلى ئىشخانىسىدا توي ئىشىنى بېكىتتى. بارنىياز شۇجى يېزىلىق ھۆكۈمەت نامىدىن بىر قوي، تويغا يېتەرلىك گۈرۈچ، ماي ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جەۋلانمۇ كەنت پاراۋانلىق فوندىدىن ئىقتىساد ئاجرىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— قارا، شاماللىق ئاداش، — دېدى ئەيسايۇپ جەۋلانغا، — سەن كامىل بىلەن ئوبدان پاراڭلاشقىن. ئۇلار ئەتىلا يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ قىزىل قەغەز ئالسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن كامىل ئۇ قىزغا تېگىشلىك ئىشلارنى پىششىق ئۆگەتسۇن. بولمىسا نىكاھ ئوقۇغاندا تاغاڭ بارمۇ دېسە، تاغار يوق دەپ يۈرمىسۇن.

— قىزىل قەغەز ئالغىلى كىرگەندە، — دېدى بارنىياز، — كامىل قىزنىڭ نوپۇس ئىشى توغرىلىق ئىلتىماس يېزىپ ئەكىرسۇن، مەن يېزا نوپۇسىغا ھەل قىلىپ بېرەي.

بارنىياز بىلەن ئەيسايۇپ ئۇزاپ ھويلىغا چىقىشى توقۇغلۇق ئاتلارنى يېتىلەپ ئەخمەت يېتىپ كەلدى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر گۇڭراپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

— مېنىڭچە، — دېدى بارنىياز ئەيسايۇپقا، — ئىگەمبەردىنىڭ خىزمىتىنى توختىتىپ تەكشۈرسەك قانداق؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، بولمىسا ئەزالار دادىل بولالمىغىدەك، — دېدى ئەيسايۇپ جەۋلانغا بۇرۇلۇپ، — سەن ئەتىلا يىغىن ئېچىپ ئەزالارغا ئۇقتۇرۇۋەت.

— ئەيسايۇپكا، بارنىياز شۇجى، توي كۈنى بالدۇرراق كېلەرسىلەر.

— بولىدۇ، مەن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى بارلىق كادىرلارنى باشلاپ كېلىمەن، — دېدى بارنىياز ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپ، — بۇ پەقەت سىلە ئۈچۈنلا-ھە...

جەۋلان ئۇلارنى ئۇزىتىۋېتىپ، كامىلنىڭ ئۆيىگە كەلدى. جەۋلاننىڭ خەۋىرىنى ساقلاپ تۇزۇكرەكمۇ ئۇخلىيالمىغان كامىل كۆزلىرى قىزىرىپ ئولتۇرۇشقان ھالدا ئۇنى كۈتۈۋالدى. ئۇلار باغقا كىرىپ ئوت ئۈستىدىلا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. جەۋلان مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ پەتىۋاسى، بارنىياز شۇجىنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قىلىنىدىغان تويلۇق ياردىمى، لەيلىنىڭ نوپۇس ئىشىنىڭ ھەل بولغانلىقى قاتارلىقلارنى ئالدىراپ سۆزلىدى. ھەتتا ئۇ توي تەييارلىقىغا بەش كۈن مۆھلەت بېرىلگەنلىكىنىمۇ ئېيتتى.

كامىل خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيتتى. بولۇپمۇ مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ نىكاھ ئوقۇيدىغانلىقى، بارنىياز شۇجىنىڭ تويغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا يۈرىكىدىكى تۈمەن يىللىق ئازابلىرى يۇيۇلۇپ كەتكەندەك بولدى. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا جەۋلاننىڭ خەيرخاھلىقى، جاپالىق ئەجرى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆزلىرى لىپمۇلىق ياشقا تولدى.

— جەۋلان ئەپەندىم، — كامىل يىغلىۋەتتى، — گەرچە ئۆزلىرى مەندىن كىچىك بولسىلىمۇ، لېكىن ئاتا-ئانام بېرەلمەيدىغان بەختكە يەتكۈزدىلە. بېشىمنى سىلاپ شاپائەت قىلدىلا، مەن بۇنى ئۆلسەممۇ ئۇنتالمايمەن.

— كامىل، بۇ مېنىڭ تويىڭىزغا بولغان ياردىمىم بولسۇن، — دېدى جەۋلان ئەللىك سوم پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، — ئەتە ئەتىگەن سىز ماڭغىچە كەنت پاراۋانلىق فوندىدىن يەنە 200 سوم ئېلىپ بېرىمەن.

— ياق، ياق، بۇنداق قىلسىڭىز مەن خىجىل بولىدىكەنمەن، — دېدى كامىل جەۋلاننىڭ پۇلىنى ئىتتىرىۋېتىپ، — كەنتتىن بەرگىنىنى ئالاي، مەن ئۇنى كېيىن

تۆلۈۋېتىمەن. لېكىن سىزنىڭكىنى قوبۇل قىلالمايمەن.

— كەنتتىن بەرگىنى ياردەم، قەرز ئەمەس، لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈمنى قايتۇرسىڭىز بولمايدۇ. ئەتە قىزىل قەغەز ئالغىلى كىرگەندە لەيلىگە تويلۇق ئالارسىز. ئۇنى ئۇبدانراق جابدۇپ قويۇڭ.

— ئانامۇ شۇنداق دېگەن، — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن ھازىر بۇ خوش خەۋەرنى ئۆيدىكىلەرگە يەتكۈزسەم بولارمۇ؟ ئانامنىڭ تاقىتى تاق بولغاندۇ...

— بولىدۇ، لېكىن لەيلىنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتىڭ. ئازراق گېپىم بار.

جەۋلان تاماكا تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇشى لەيلى يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ تولۇپ، ئاپئاق، سۈزۈك مەڭىزلىرى ئالمىدەك قىزىرىپ، لەۋلىرى ئالۇچىدەك رەڭ ئالغانىدى. ئۇنىڭ قىرقىم چاچلىرى ئۆسۈپ نازۇك بويۇنلىرىنى يېپىپ تۇراتتى. قارا كۆزلىرى بولسا ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىلەن خۇمارلىشىپ، موماي قويۇپ قويغان خېنىسى قىپقىزىل چېچەكلەپ تىرناقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى.

جەۋلان بارلىق جەريانىنى سۆزلەپ خوش خەۋەرنى يەتكۈزگەندە ئۇنىڭ كۆزلىرى دەممۇ دەم ياشقا تولۇپ تۇردى. ئاخىرىدا ئۇ لەيلىنىڭ مال ئېغىللىرىدا ئىشلەپ جاپا چەككەنلىكى، بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن خارلانغانلىقىنى ئېيتىپ ئەپۇ سورىغىنىدا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ماڭا كامىل، ئۇنىڭ ئانىسى، ئەخمەت ئاكام، ھەۋزىنىيازخان ئانام ھەم نۇرغۇن دېھقانلار خەيرىخاھلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ مېھرى-شەپقىتىنى ھەرگىز ئۇنتالمايمەن!

— بولدى، يىغلىماڭ، كامىل ئەمدى سىزنىڭ مەڭگۈلۈك ۋاپادارىڭىز، جۈپتىڭىز بولىدۇ، ئىناق ئۆتۈڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ مومايىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە خىزمىتىنى قىلىپ، ياخشى كۈتۈڭلار.

— جەۋلان ئاكا، — لەيلى ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە جەۋلاننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ باش ئۇردى، — سىز ماڭا ھاياتلىق بەردىڭىز، بەخت بەردىڭىز، سىلەر ئۇيغۇرلار باھاسىز مىللەت ئىكەنسىلەر، سىلەرنىڭ كۆڭۈل-كۆكسىڭلار ئالەم پاتقۇدەك كەڭ ئىكەن. ئۆزۈڭلار يېمەي-ئىچمەي مېھماندوستلۇق قىلىدىكەنسىلەر، مېھرى-شەپقەت، ۋاپادارلىق، ئەپۇچان، ياخشىلىق قىلىش سىلەرنىڭ ساپ ئەقىدەڭلار ئىكەن.

جەۋلان ئورنىدىن تۇردى. ئۇ لەيلىنى باشلاپ باغدىن چىقىشى موماي بىلەن كامىلمۇ ئۆيدىن چىقتى. موماي جەۋلاننىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلىپ، مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتكۈزەر. بىزدىن يانمىسا، خۇدايىمدىن يانار...دەپ دۇئا قىلدى. موماي دۇئا قىلىپ بولۇپ تاماق تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن لەيلىنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ئەمىسە ئەتە قاسىمنىياز بىلەن مەتنىيازنى باشلاپ كېلىپ ھۇجرا ئۆيىنى سۈۋايمىز، — دېدى جەۋلان قازناق ئۆيگە كىرىپ، — ئىشىك، پەنجىرىلەرنى ئېچىۋەتسەك سىز كەلگىچە قۇرۇيدۇ. لېكىن ھاك ئالغاچ كېلەرسىز.

— بولىدۇ. مەن بۈگۈن كەتتىلا سامانلىق لاي چىلىۋېتەي، — دېدى كامىل، — ئەتە ئەتىگەنگىچە لاي پىشقاچ تۇرىدۇ. مەتنىياز سۇۋاقچىلىققا ئۇستا.

ئۇلار يەنە قازاننى ھويلىنىڭ قەيېرىگە ئېسىش، كەنت ئامبىرىدىن ئېلىپ كېلىدىغان ۋە قوشنىلاردىن ئارىيەت ئالىدىغان كىگىز، گىلەم، پالاسلار، ئۇلارنى باغقا قانداق سېلىش، كەنتتىكى ئەلنەغمىچىلەرنى چاقىرىپ راسا كۆڭۈللۈك بەزمە قىلىشلارغىچە مەسلىھەتلىشىپ كۆڭلى تىنغاندەك بولۇشتى. كامىل جەۋلاننى ئاماققا قانچە ئۈتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆزۈر سورىدى.

— يەنە باشقا قىينچىلىقلار بارمۇ؟ — دېدى جەۋلان ئۇزاۋېتىپ.

— ياق، ئۆزۈمنىڭمۇ توي ئۈچۈن يىللاردىن بېرى يىغقان ئاز-تولا ئىقتىسادىم بار، رەھمەت ئۆزلىرىگە.

* * *

توي بارقىدى. بەزمە-مەشرەپ، كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن قىزىغان بۇ توي ھەممىنى شاد-خوراملىققا چۆمدۈردى. بولۇپمۇ مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ ئەمىر-مەرۇپلىرىنى ئاڭلىغان دېھقانلار گوياكى ئۆزى ئۈچۈن جەننەت ئىشىكى ئوچۇق تۇرغىنىدەك ئۆزلىرىنى ناھايىتى يېنىك ھېس قىلىشتى. ئۇلار كامىلنى چىن كۆڭۈللىرىدىن تەبرىكلەشتى. لەيلى ئىككىسىنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلىشتى. قومچاقاردىن كەلگەن كادىرلارمۇ جەۋلان، كامىل بىلەن قول ئېلىشىپ ئۇلاغلىرىغا مىنىشىپ ئۇزاشتى. ئەلئابادنىڭ ھەممە كوچىلىرىدىن كۈلكە-چاقچاق، ناخشا ئاۋازى كېلەتتى. ئۆزۈندىن بۇيان قانغۇدەك ئوينىيالمىغان ياشلار كەيتەر باچكىسى سېلىنغان كۈچلۈك مۇسەللەسنى قولاقلىرى مىدىرلىغۇچە ئىچىپ قىزىرىشىۋالغانىدى. جەۋلان ياشلار بىلەن ئولتۇرغاچقا ئۇمۇ تەكشىلىپ قالغانىدى. يىگىت قولدىشى قاسىمنىياز بىلەن مەتنىياز كامىلنى، قىز قولدىشى ئىككى جوكان لەيلىنى ھۇجرىغا ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ قىز-يىگىتكە بەخت تىلىشىپ قايتىشتى. ھويلىدا موماي يالغۇز قالدى. ئۇ ياغاق تۈۋىدىكى سۇپىدا مۈگدىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئۈزۈلمەيتتى. پېشىدىكى رومىلىنىڭ ئۇچى ھۆل بولۇپ كەتتى. تۇۋا، شادلىقمۇ ئادەمنى مۇڭغا سالىدىغان چاغلار بولىدىكەن. موماي ئۆزىنىڭ نېمىگە شۈكۈرچىلىك مۈگدىنىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. پەنجىرىدىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قالغان لەيلى ھۇجرىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ مومايىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ پۇتلىرىنى قۇچاقلىدى ۋە بىردىنلا «ئانا» دېگىنىچە يىغلىۋەتتى... لەيلى مومايىنىڭ ئېتەكلىرىنى



كۆزىگە سۈرتۈپ، لەۋلىرىگە باستى. بۇ ئەھۋالغا چىداپ تۇرالمىغان كامىلمۇ « ئانا يىغلىماڭ » دېدى-دە، ئۇمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمىدى. موماي لەيلىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، كامىلنىڭمۇ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە خۇشاللىق ياشلىرى بىلەن:

— خۇدايىم سىلەرنى يامان سۆز، يامان كۆزلەردىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، بېشىڭلار باش، ئايىغىڭلار تاش بولۇپ كېتىشىنى نېسىپ قىلغاي، ئامىن، — دەپ دۇئا قىلدى.

دەرۋەقە بۈگۈنكى شادلىقتىن، كۆڭۈل ئېيتىشلاردىن بىرلا ئادەم خالىي ئىدى. ئۇ بولسىمۇ كەنت باشلىقى ئىگەمبەردى. ئىگەمبەردى ئوچاق بۇلۇڭىغا تۈكۈرۈپ، كۆك تاماكىنى ئۈزمەي چېكىپ، چېكىلىرى چىڭقىلىپ كەتكەن ھالدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ھازىر لەيلىنىڭ ئوماق روخسارىنى، يۇمران يات بەدىنىنى ئويلايدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. پەقەت ئۇنى بېسىۋالغان غەم تېخى ئاياقتىكى قېتىقتەك ئايان بولغان تەقدىرى، ئۇنى ھاڭغا سۆرەۋاتقان تەقدىرى ئىدى! ئەلۋەتتە ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىكارغا ئېيتمىغان، قىڭغىر قىلساڭ، قىرىق يىلدىمۇ تۇتۇلىسەن.

* * *

تەكلىماكان قۇم سەھراسىنى سوغۇق تۇمان پەردىسىگە قاپلاپ تۈنجى قېتىم يامغۇر ئارىلاش قار ياغماقتا. مانا بۇ 12-ئاينىڭ 9-كۈنى ئىدى. قۇم بارخانلىرى چوقچايغان كۈن پېتىش تەرەپ سۇۋارى مانانلاشقان بولۇپ، كەنت ئىچىنى سۇس كۈمۈش رەڭ چاڭ قاپلىغان ئىدى. يەرگە چۈشە-چۈشمەيلا ئۇششاق قەترىلەرگە ئايلىنىۋاتقان قار يالىڭاچ دەرەخ غوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى ياشاپ كۈن سېرىقىغا قىيالمىغان قىزىل ياپراقلار باغىرلىرىدىن يەرگە سىڭمەكتە... كەنت ئىچى جىمجىت. ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەن. پەقەت بۇ جۇدۇنلۇق كېچىدىن بىزار بولغاندەك قايەردىندۇر موزاينىڭ مۆڭگۈلۈق سوزۇپ مۆرىشى، كۈچۈكنىڭ زىل ئاۋازدا قاۋاپ قويۇشى كۆڭۈللەرنى غەش قىلىدۇ.

جەۋلان ياتىقىدا ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ئۈزمەي تاماكا چېكىپ ئولتۇرىدۇ، شۇنداق ئەتە ئۇ بۇ يەردىن كەتمەكچى. جەۋلان مەسئۇل بولغان « قۇمتام » كەنتىنىڭ خىزمەتلىرى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاندى. ئىگەمبەردى خۇددى كېسەل مىسقاللاپ كىرىپ، پاتمانلاپ چىقىدۇ دېگەندەك يىللاردىن بېرى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قىلغان خىيانىتىنى پاتمانلاپ قايتۇردى. ھەتتا ئۇ جەۋلاننىڭ ئالدىدا ياش تۆكۈپ: مېنىڭ ماتېرىيالىمنى شەھەرگە يوللىمىغان بولسىلا، ئۆزلىرى پېقىر ئۈچۈن ئەمەس، ئۇششاق بالىلىرىم ئۈچۈن بولسىمۇ يۇقىرىغا ئىككى ئېغىز لەۋزىلىرىنى ئايىمىغان بولسىلا... دەپ يالۋۇردى. ئىنساننىڭ ھەر خىل ئىللەتلەردىن خالىي بولمىقى تەس. جەۋلان « قۇمتام »نى خاراپ قىلىش ھېسابىغا سەمرىپ، قۇيرۇق تۇتقۇزمىغان بۇ ياۋا بۇقا بىلەن ئېلىشقان ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بىچارە ھالىتىگە، چىگىش ساقاللىرىدىن يۇمىلاپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى. شۇڭا جەۋلان يېزىلىق ھۆكۈمەتتە تەكشۈرۈش دوكلاتى بەرگەندە ئىگەمبەردىنى « تەكشۈرۈشكە بولغان پوزىتسىيىسى ياخشى »،

«مەسىلىلەرنى ئىقرار قىلىپ تۆلەم قايتۇرۇشى ياخشى» دېگەنىدەك سۆزلەر بىلەن ھەپىسىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. كەنتنىڭ ئامبارچىسى بىلەن بوغالتىرىمۇ دەلىل-ئىسپاتلار ئالدىدا ئىگەمبەردىنى قالقان قىلىپ يېگەن بارلىق خىيانىتىگە ئىقرار بولۇپ بىر-بىرلەپ قايتۇردى. جىددىي ئېلىشىش كۈنلىرىدە جەۋلانىنىڭ مىجەزى ئىنتايىن چۇس، كەسكىن بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ تەكشۈرۈش مەيدانلىرىدا كاملىغىمۇ يۈز-خاتىرە قىلمىدى . ئۇنى: «سەن ئىگەمبەردىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنى باشتىلا چەكلەپ، ئۇنىڭغا مەيدان ھازىرلاپ بەرمىگەن بولساڭ، بۈگۈنكى ئاقىۋەت كېلىپ چىقارمىدى؟» دەپ قاتتىق تەگدى. لېكىن ئاكتىپلار، دېھقانلار كاملىنى ھامان قوللىدى. ھەتتا بەزى نامرات دېھقانلار مەيدانغا چىقىپ ئۆزىگە قاچان، قايسى ۋاقىتتا ئاق ئۇغۇت ياكى ئاشلىق بەرگەن، قاچاندۇر بىر كېچىسى يوتقان-كۆرپە ئەكىلىپ بەرگەنلىكىنى بىرمۇبىر ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنى ئىگەمبەردى پاش قىلغان ماتېرىيالغا سېلىشتۇرغاندا كاملىنىڭ ئۆزىگە ھېچنېمە ئېلىپ قالمىغانلىقى ئىسپاتلاندى. دېھقانلار شۇڭا ئۇنى «كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان ساپ يىگىت» دەپ ماختاشتى. كەنت سايلىمى چوڭ يىغىنىدا قۇمتاملىقنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كاملىنىڭ تەلپىكىگە قوناق تاشلىدى①. ئىككى كۈن ئۆتمەي يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن تەستىق چۈشتى. مانا ھازىر كامىل كەنت باشلىقى. قاسىمنىياز بوغالتىر، مەتنىياز ئامبارچى بولۇپ ئۈچ ياش «قۇمتام» كەنتىنى كۈچلۈك بىلەكلىرىگە ئالدى. تۇنجى قېتىم كۆڭلى تىنغىدەك دارامەت ئېلىپ قولى پۇل كۆرگەن قۇمتاملىقلار جەۋلانىنى قۇچاقلىدى. موماي‌لار ئۇنىڭ پېشانىسىگە شاپىلدىتىپ سۆيدى. ئۆزى كىچىك بولسىمۇ جىگەرلىك كادىر كەن، قۇمتامنىڭ جىگدە كۆتىكىدەك بەزلىشىپ كەتكەن ئىشلىرىنى بەش پۇچۇق قىلىۋەتتى دېيىشە، يەنە بەزىلىرى كاللىسى گەنجى② بولۇپ كەتكەن ئەقىل ئىكەن، بولمىسا ئىگەمبەردىدەك ھۇررەك بەزنىڭ قىلمىشلىرىنى پايپاقنىڭ يىپىنى سۇغارغاندەك چۇۋۇۋېتەلەمتى دەپ ماختىشاتتى.

كەنت كادىرلىرىنى ئېلان قىلىش يىغىنىدا مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ قىلغان سۆزلىرى جەۋلانىنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى، ئۇ سۆزلەر گەرچە ئاددىي نۇتۇق بولسىمۇ، ھەر كىشى قەلب ئابىدىسىگە ئويۇۋالغىدەك نەپىس نەقىشلەر ئىدى: يولداشلار، مۇ-سۇلمان قېرىنداشلار، قۇمتام كەنتىدە يۈز بەرگەن ھارام دۇنيا قۇربانلىرىنىڭ ساۋاقلىرى ھەممىمىزگە ئىبرەت بولغاي. بولۇپمۇ يېڭىدىن ئەمەل تۇتقانلار ئۆزلىرىگە ئەيىنەك قىلغاي، جاپا-مۇشەققەت، قان-تەر بەدىلىگە كەلمىگەن مەئىشەت ھامان بىر كۈنى يۈزۈڭنى سۆرۈن قىلىدۇ. پاتقاققا سۆرەيدۇ. ناپاك بولىسەن. بەلكىم ھېچكىم كۆرمىدى، بىلمىدى دەپ ئويلايسەن. لېكىن ئۈستۈڭدە كۆرۈپ تۇرغان ئىگىسى، يەردە بولسا ئەھلى جامائەتنىڭ كۆزى بار. ئىنسان شۇنداق مەخلۇق. ھارام دۇنيا بىلەن ماختىنىشقا، ئالدامچىلىق بىلەن كەلگەن مەئىشەت ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ھېرىسمەن كېلىدۇ. بىر كۈنلەردە قانداقتۇر شادلىقتىن ئۇرغىغان قانلىرىڭ تىلىڭنى ئويۇنغا سالىدۇ... ئۆزۈڭ ساقلالمىغان پىنھانىڭنى باشقىلارمۇ ساقلىمايدۇ. سەن بۇنىڭغا ئامالسىز، سەن بۇنى توسيالمايسەن، چۈنكى باشقىلار ھالاللىق بىلەن ياراتقان مەئىشەتنى سەن

① يېزىلاردا سايلام بولغاندا، نامزاتلارنىڭ سەھنىگە تىزىلغان تەلپەكلىرىگە قوناق ياكى بۇغداي تاشلايتتى.
② گەنجى — گەج. يەنى قېتىپ چىڭ ئويۇپ كەتكەن گەجنى دېمەكچى.

ئەجىرىسىز يېسەك... شۇڭا بۇ ھارام دۇنيانىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس سېھرىي كۈچى ھامان بىر كۈنى سېنىڭ كۈتكىنىڭدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ. مانا بۇ تەقدىر، رەھىمسىز تەقدىر. شۇڭا ئىنسان نامرات بولسىمۇ پاك بولسا، كۆڭلى ئەمىن ياشايدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن جەۋلان نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا چىققاندىلا كەنت ھويلىسىغا قۇمتاملىقلار توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار يىغلىشىپ جەۋلاننى قۇچاقلىدى. بەزىلىرى بىر خالتا جىگدە، بەزىلىرى قوغۇن، بەھى دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا سۇناتتى. «خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.»، «ئىگەم قىيىنلىرىنى ئاسان قىلسۇن، مىڭ ياشىغايلا.» دەپ دۇئالار قىلىشاتتى. ئىگەمبەردىمۇ ئايالى، باللىرى بىلەن كېلىپ ياش تۆككىنىچە جەۋلان بىلەن خوشلاشتى. ئۇ بىر پېيىگە قوغۇن يەنە بىر پېيىگە جىگدە قاچىلانغان گۈللۈك خۇرجۇننى ئاتقا ئارتىپ قويدى.

— بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ئالمىسىلا خاپا بولىمەن، — دېدى ئىگەمبەردى يىغلامسىراپ، — بىلمەن گۇناھىم ئېغىر، لېكىن ئۆزلىرى مېنى جازادىن ئازاد قىلىپلا قالماي خىيانىتىمنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈۋەتتىلە. بۇ ياخشىلىقلىرىنى...

— جازالاش مەقسەت ئەمەس ئىگەمبەردى ئاكا، مەنسۇرخان ھاجىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقانلىقلىرىنى بىلمەن. ئۆزلىرى كۆپ يىل كەنت باشلىقى بولدىلا، تەجرىبە-ساۋاقلىرى بار. ياشلارغا ياردەمدە بولالا.

— جېنىم بىلەن، جېنىم بىلەن. ئەمدى ھالال ياشايمەن.

توپ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان كامىل، لەيلىلەر غەمكىن ئىدى. نېۋىخان موماي جەۋلانغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئىككى مەڭزىگە، پېشانىسىگە سۆيدى ۋە لەيلىنىڭ قولىدىكى بوپىنى يېشىپ بىر نەچچە قاتلىما ۋە بېھىنى ئۇنىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويدى.

— جەۋلان ئاكا، — دېدى لەيلى ئۈنسىز ياش تۆكۈپ، — سىز كېتىسىز. لېكىن مۇشۇنداق ئايرىلىش پەيتىدە نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرىمەن... ئامان بولۇڭ... سىزنىڭ ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن.

— يىغلىماڭ لەيلى، — دېدى جەۋلان تەسەللى بېرىپ، — بىز شۇنداق بوينىمىز يۇمشاق، دىلىمىز ئاق خەق، باشقىلارنىڭ بەخت-سائادىتى، شادلىقى ئۈچۈن ساپ كۆڭۈل، توغرا نىيەت بىلەن ياردەم قىلىمىز. بېشىنى سىلايمىز. لېكىن تارتقان جاپايىمىز بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمىز. ئەگەر سىزدە ئادىمىيلىك ساپ يۈرەك بولسا، موماي ياشىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى بۇرچۇم دەپ بىلىڭ، كامىلنى ئاسراڭ. مانا مۇشۇ جاپاكەش دېھقانلار سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز، تاغىلىرىڭىز، ئاچىلىرىڭىز، قېرىنداشلىرىڭىز. سىز ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭ.

قۇمتاملىقلار جەۋلاننى ئۇزىتىپ دەريا قىرغىقىغىچە ئەگىشىپ كەلدى. پەقەت ئەخمەت جەۋلاننىڭ ئېتىغا قامچا سالغاندىن كېيىنلا ئۇلار قىر ياقىسىدا ۋارقىراشقىنىچە قول سىلكىپ قېلىشتى. ئۇزىتىپ ماڭغان ئەخمەت بىلەن جەۋلاننىڭ ئاتلىرى كۆرۈنمەي قالغانغا قەدەر ئۇلار كېتىشمىدى.

## خاتىمە

33 يىل ئۆتتى!

پايتەختنىڭ ئاۋات بىر كوچىسى، ئەتراپى بۈك-باراقسان دەل-دەرەخلەر، رەڭگارەڭ ئېچىلغان نادىر-ئەتىۋارلىق گۈللەر بىلەن قاپلانغان ھەيۋەتلىك سېرىق بىنانىڭ بىر ھۇجرىسىدا چاچ-ساقاللىرى ئاقارغان، يۈزىگە يىللار يالداملىرى يول-يول ئىز سالغان، چوقا چاچلىرى تامامەن چۈشكەن، قەدەملىرى ئېغىر، سالاپەتلىك بىر كىشى ساپاغا تاشلىنىپ خىيال سۈرمەكتە! ئۇ ئالدىدىكى چاي رەڭلىك ئەينەك شىرە ئۈستىگە تاشلانغان كونا، سارغايغان، چەت-چۆرىسى تىتىلغان بىر پارچە خەتكە قاراپ ئېغىر ئاھ ئۇردى! دوختۇرخانىدىن چىقىپلا ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىياللىرى ساقلىنىدىغان ساندۇقتىن ئۇزاقتا، بەكمۇ ئۇزاقتا قالغان ياشلىقىنى، يۈرىكىگە ئۆچمەس ئىز سالغان خاتىرىلەرنى ئەسكە سالىدىغان بۇ خەتنى ئېلىپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغان بۇ كىشى ئۆز ۋاقتىدىكى 22 ياشلىق جەۋلان ئىدى.

جەۋلان ئەلئابادتىن قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى يىلى گۈل-چېچەكلەرگە تولغان باھارنىڭ يامغۇرلۇق بىر كېچىسى ئاجايىپ بىر چۈش كۆردى!

ئىشىك ئاۋازسىز ئاستا ئېچىلغۇدەك. بوسۇغىدا ئاپئاق لىباسقا پۈركەنگەن لەيلى ئۇيۇلۇپقىنا يەرگە قاراپ تۇرغىدەك، مەرمەردەك نۇر چاقناپ تۇرغان ئاق يۈزلەر، چېكىلىرىگىچە ئىگىلگەن قىيغاچ قاشلار، خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان قارا كۆزلەرگە سايە تاشلىغان نەيزىدەك كىرپىكلەر، كۈلۈمسىرەش ئالامىتى بىلەن غۇنچىدەك ئېچىلغان كىچىك ھال رەڭ لەۋلەر گويا ئۇنى جەننەتنىڭ ھۆرلىرىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇزۇن بىر ئۆرۈم چېچىنىڭ ئۇچىنى نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئۆرۈپ تۇرغان لەيلى جەۋلانغا تەبەسسۇم ئىلكىدە تىكىلدى.

— لەيلى، سىز...

— جەۋلان ئاكا، مەن... مەن... كەتمەكچى بولۇپ قالدىم. كېتىش ئالدىدا سىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم.

— كەتمەكچى؟ نەگە؟

— بەكمۇ ئۇزاق، ئۇزاق بىر جايغا كېتىش ئالدىدا سىزدىن بىر نەرسىنى سورىۋالسام بولامدۇ؟

— سوراڭ!

— مۇسۇلمانلاردا تاڭلا قىيامەت كۈنى ھەر قانداق يىگىت تۇنجى قىز ئالغان ئايالى بىلەن، قىز بالىمۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى قىز تەگكەن ئېرى بىلەن ئورنىدىن تەڭ تۇرارمىش، دېگەن گەپ بار ئىكەن بۇ راستمۇ؟

— بۇ... بۇ...

— جەۋلان ئاكا، سىز ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، بۇ راستمۇ؟

— بۇ راست، بىزنىڭ دىنىي نىزاملىرىمىزدا شۇنداق ئېيتىلغان.

— راستما؟! ھا... ھا... ھا...

جەۋلان ئويغىنىپ كەتتى، تاڭ سەھەردىن خەۋەر بېرىپ دېرىزىدىن ئاقۇش

نۇر چۈشۈپ تۇراتتى، چۈش تەسىرىدىن بولسا كېرەك، بىر كۈن خامۇش يۈرگەن جەۋلان كەچقۇرۇنلۇقى كاملىنىڭ مۇشۇ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغانىدى.

جەۋلانىنىڭ ھېلىھەم ئېسىدىن چىقماپتۇ. ئۇ شۇ چاغدا قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن تەكلىماكان يىگىتىنىڭ يازغان بۇ خېتى جەۋلانىنى يەتتە قەۋەت ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك، گويا ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىغىشىدىن ئۈزۈپ قوقاسقا تاشلاپ يۇچۇلغاندەك ئازابلىغانىدى. يۇچۇركىسى كۆرۈمسىز، لېكىن سىغداپ يېزىلغان بۇ خەت مۇنداق باشلانغان ئىدى:

جەۋلان ئەپەندىم، مەن خېتىمنى قان-ياشلىرىم بىلەن يېزىۋاتىمەن. بۇ دۇنيادا خۇدا زادى بارمۇ؟ ئەگەر بولسا ئۇنىڭ باغرى نېمانچە قاتتىقتۇر. ياكى ئۇ بىزدەك كەمبەغەللەرگە باقمامدۇ؟ بىزلەرنى قان يىغلىتىپ، يۈرىكىمىزنى پارە-پارە قىلىپ، ئاھ زارىمىزدىن، نالە-پىغانلىرىمىزدىن... ھەسرەتلىك نىدالىرىمىزدىن لەززەت تاپامدىغاندۇ؟.

ئاھ خۇدا، مەن بەختىمنى تاپقان ئاشۇ كۈنلەردە قۇياش ئادەتتىكىدىن ھارارەتلىك ئىدى. ئاي تېخىمۇ نۇرلۇق ۋە چىرايلىق ئىدى. يۇلتۇزلار جۇلالىق ۋە جىلۋىدار بولۇپ كەتكەنىدى. مەن شۇ كۈنلەردە ئاھ، خۇدا، ھىممىتىڭگە رەھمەت، ئاللا تائالا ئىگەم، بەختىمنى ماڭا يار قىلدىڭ، ئۇلۇغ خۇدا، مەن ساڭا سېغىنىمەن، دېگەن سۆزلەر خۇددى تەسۋى ئۇرۇقىدەك ئۈزۈلمەي دىل رىشتىمدا تەكرارلىناتتى...

ئۈزلىرى كەتتىلە، بىز ئارقىلىرىدىن قاراپ قالدۇق. لېكىن خۇش چاقچاقلىرى، قىزىق گەپ-سۆزلىرى قۇمتاملىقنىڭ كۆڭلىدە قالدى. ئانام، لەيلى داۋاملىق سىلىنى ياد ئېتەتتى. ھەتتا بەزى كېچىلىرى سىلى توغرىلىق مۇڭدىشىپ تاڭلار ئاپئاق ئېتىپ كېتەتتى، بىر كۈنى ئۇ مەن تۇغۇپ قوپقاندىن كېيىن، جەۋلان ئاكامنى كۆرۈپ كېلەيلى دېدى. مەن ئۇنىڭغا ۋەدە بەردىم... لەيلى بارغانسېرى ئاقىرىپ، ھۆپپىدە تولۇپ كۈندىن-كۈنگە قىزلارنىڭمۇ زوقىنى قوزغىغىدەك چىرايلىق بولۇپ كەتتى. خالىي قالغان چاغلىرىمىزدا لەيلى بوينۇمغا ئېسىلىپ: كامىل، ئانامنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مەن ئوغۇل تۇغىدىغان ئوخشايمەن، دەيتتى. مەن ئۇنىڭ تاتلىق خۇلقلىرىغا، تولۇن ئايدەك رۇخسارىغا قىيالماي مەڭزىلىرىنى، بويۇنلىرىنى، بوغماق ئاق بىلەكلىرىنى چىشلەپ قىزارتىۋېتەتتىم. ئۇ ئەينەككە قاراپ قىزارغان يەرلىرىنى سانايتتى ۋە ياق، ياق، مەنمۇ چىشلەيمەن دەپ بوينۇمغا گىرە سېلىپ ئېسىلىۋالاتتى... ئاھ خۇدا، مەن نېملەرنى دەپ كەتتىم...

بىر كۈنى كېچىسى لەيلى بىلەكلىرىمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئاستا پىچىرلىدى:

— كامىل، كۆڭلۈمگە بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ، ئاڭلامسىز؟

— قېنى ئېيتىڭ.

— مەن... مەن... ئوغۇل تۇغسام، ئىسمىنى جەۋلان قويساق دەيمەن. قوشۇلامسىز؟

خۇدايا توۋا، بۇ نېمە ئىشتۇ! لەيلى بىلەن توي قىلىپ ئۇنىڭ قورسىقى چوڭايغانسېرى بۇ ئوي مېنىڭ كۆڭلۈمدىن نەچچە رەت كەزگەنىدى.

— لەيلى بۇ ئوي مېنىڭمۇ ئارزۇيۇم.

— سىزمۇ شۇنداق ئويلىغانمۇ؟

لەيلى مېنى ئىشتىياق بىلەن سۆيدى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر مېنىڭ يۈزلىرىم ھۆل بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ يىغلىغانىدى. مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ يوشۇرۇن

يىغلايدىغانلىقىنى سېزىپ قالغانىدىم. ئۇ يىغلىماي كەم يىغلىسۇن، دەپ ئىچىمدە، بەلكىم بىۋاق ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا- ئانىسىنى ياد ئەتكەندۇ، يۇرتىنى سېغىنغاندۇ ياكى ئىز-دېرەكسىز غايىپ بولغان بىر تاللا قېرىندىشى يادىغا يەتكەندۇ، دەپ ئويلايتتىم.

— لەيلى يىغلاپسىزغۇ؟

— ياق، ئۆزۈمچىلا.

— راست گەپ قىلمىدىڭىز؟

لەيلى ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ماڭا چىڭ يېپىشتى. ئۇ تىلىقىپ-بوغۇلۇپ يىغلىغانسېرى ئۇنىڭ ئاپئاق، يۇمشاق دۈمبىلىرى سىلكىنەتتى، ئۇ ھاسرايتتى.

— لەيلى ئېيتىڭا، سىزگە نېمە بولدى؟ يۇرتىڭىزنى سېغىندىڭىزمۇ؟ ئۇنداقتا كۆزلۈك يىغىمدىن كېيىن مەن سىزنى يۇرتىڭىزغا ئاپىرىپ كېلەي ياكى ئىنىڭىز چۈشىڭىزگە كىرىپ قاپتىمۇ؟

— ياق، ياق... سىز خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. مەن... مەن... ئۆزۈممۇ دەپ بېرەلمەيمەن، نېمە ئۈچۈندۇر بۇ بەخت ماڭا مەنسۇپ ئەمەستەك. كىمدۇر مېنى سىزدىن ئايرىۋېتىدىغاندەك، تەقدىر ھامان ئالداۋاتقاندەك، ئەتراپىمدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چىن ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ. ئېيتىڭا كامىل، بىر كۈنلەردە راستىنلا كىمدۇر بىرى بىزنى ئايرىۋېتەرمۇ؟!

مېنىڭ يۈرىكىم مۇزلاپ كەتتى. گويا ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ھەقىقەت باردەك، بىزنى ئەنە شۇنداق ئاقىۋەت كۈتۈپ تۇرغاندەك، كىمدۇر لەيلىنى ئېلىپ كېتىدىغاندەك، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەبەدىلئەبەد كۆرۈشەلمەيدىغاندەك ئۇنى باغرىمغا چىڭ ئاڭدىم.

— لەيلى ئۇنداق شۇم گەپلەرنى قىلماڭ، سىزنى مېنىڭدىن ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ. سىز بىھۇدە خىياللارنى قىلماڭ. بىز تەڭ ياشايمىز، تەڭ قېرىيمىز. ئۇ دۇنيادىمۇ بىللە بولىمىز.

— بۇ راستمۇ؟

— شۇنداق، بىز ئۇيغۇرلاردا شۇنداق بىر ئېتىقاد بار. تاڭلا قىيامەت كۈنى ھەر قانداق ئەر تۇنجى قىز ئالغان ئايالى بىلەن، قىزبالىمۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى قىز تەگكەن ئېرى بىلەن ئورنىدىن تەڭ تۇرىدۇ.

— ئاھ، كامىل مەن ئۇ دۇنيادىمۇ سىزنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن.

باھار كېلىشى بىلەن لەيلى خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالدى. مەن ئۇنى ئاسراپ ئۆي ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالغان ئىدىم. ئۇنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلاشقانسېرى ئۇ ماڭا تويماي-تويماي قارايدىغان بولۇپ قالدى. بىرەر ئىش قىلىۋاتسام پۈتۈن ھەرىكەتلىرىمگە زەڭ سېلىپ قاراپ تۇراتتى. تاماق يەۋاتقاندا بولسا، ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم. كەنت تەشكىلىگە ماڭسام ئارقامدىن چىقىپ قارام يوقالغىچە قاراپ ئىشىك تۈۋىدە قالاتتى.

— سىز بۇنداق قاراۋەرسىڭىز، — دېدىم بىر كۈنى ئۇنى قۇچاقلاپ، — قويغان- پۈتكىنىمنى بىلمەيلا قالىدىكەنمەن.

— مەن... مەن... سىزگە كۆپرەك قېنىۋالاي.

مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇيگەندەك بولدى. دېمىسىمۇ ئۇ ماڭا كۆپ قارايدىغان بولۇپ قالغانىدىن

باشلاپ، يۈرىكىمگە بىر ئەنسىزلىك كىرىۋالغانىدى. كەنت تەشكىلدىن، ئەترەتلەردىن هايال بولمايلا ئۆيگە قايتىپ كېلەتتىم.

كۈن چىقىش قۇم بارخانلىرى تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئېغىر يامغۇر بۇلۇتلىرى كەنت ئاسمىنىنى قاپلاپ ئاق يېغىن سىمىلداۋاتقان بىر كۈنى لەيلىنىڭ تولغىقى تۇتۇپ قالدى. مەن دەرھال هارۋىنى قېتىپ ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم. ئانام يوتقان-كۆرپىلەرنى راسلاپ لەيلىنى ياتقۇزدى ۋە ئۆزىمۇ هارۋىغا چىقتى.

مەن لەيلىنى يېزىلىق هۆكۈمەت دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇ ئىككى كۈن قىينىلىپ كەچ مەزگىلدە ئوغۇل تۇغدى. لېكىن بالىنىڭ هەمرىيى چۈشمەي يەنە يېرىم كۈن ئازاب دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ياتتى. قىيىن تۇغۇت هايات-ماماتلىق جېڭىدە كۈرەش قىلغان لەيلى بىهوش هالەتتە ياتاتتى. ئۇنىڭ قىيىلغان قاشلىرىغا، گىرەلىشىپ قويۇق بوستان هاسىل قىلغان كىرپىكلىرىگە، تاتارغان يۈزلىرىگە، رەڭ كەتكەن ئاپئاق لەۋلىرىگە قارىغانسېرى ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ يىغا ياماشاتتى.

بالا تۇغۇلۇپ تۆتىنچى كۈنى لەيلى هوشىغا كەلدى.

— لەيلى... لەيلى... بۇ مەن تونۇدىڭىزمۇ، مەن كامىل...

كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىم قىزىرىپ، ئۆزۈممۇ جۇدەپ قالغان بولسام كېرەك، لەيلى ماڭا ئۇزۇن تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يوتقاندىن قوللىرىنى چىقىرىپ يۈزلىرىمنى سىلىدى. سۈپسۈزۈك ياش ئۇنىڭ چىرايلىق قارا كۆزلىرىنى قاپلاپ ياستۇققا ئاقماقتا ئىدى. مەنمۇ كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمىدىم.

— تاماق يېدىڭىزمۇ؟ — لەيلى زەئىپ ئىڭرىدى، — جۇدەپ قاپسىز.

— لەيلى ئوغۇل تۇغدىڭىز. سىزگە مۇبارەك بولسۇن، — دېدىم مەن ۋە زاكىلانغان بالىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم، — قاراڭ، سىزگىلا ئوخشاپتۇ...

— جەۋلان، كىچىك ... جەۋلان... — دېدى ئۇ هاسىراپ، — سەنمۇ جەۋ...لاندەك جەڭگەرلىك بول... — لەيلىنىڭ قولى لاسسىدە يوتقان ئۈستىگە چۈشتى. ئۇ هوشىدىن كەتكەنىدى.

— لەيلى... لەيلى... لەي...لى...— مەن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىۋەتتىم،— لەيلى كۆزىڭىزنى ئېچىڭ بۇ مەن.

لەيلى كەچكە يېقىن هوشىغا كەلگەن بولسىمۇ، ئىسسىمىسى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئوكۇل ئۇردى ۋە ئىچىدىغان دورىلارنى بېرىپ چىقىپ كەتتى. لەيلى هاسىرايتتى، جۆيلۈيتتى. باشلىرىنى ئىرغىتىپ قوپماقچى بولاتتى. ئۇ يېرىم كېچە بىلەن جۆيلۈگەندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— كا... كامىل... هېلىقى... هېلىقى... راستمۇ؟!

— قايسىنى دەيسىز؟

— ئۇ... ئۇ دۇنيا... بىللە... بىللە ... بىللە ... يەنە ... يەنە ... دەڭ...

مەن تۇنجى توي قىلغان يىگىت-قىزلارنىڭ ئۇ دۇنيادا بىللە بولىدىغانلىقى هەققىدىكى ئەقىدىنى كۆز ياشلىرىم بىلەن قايتا سۆزلەپ بەردىم. لەيلى ناهايىتى ئاستا مېنى سۆيۈپ قويۇڭ، دېدى. مەن ئېڭىشتىم. ئۇنىڭ قوللىرى مېنىڭ بوينۇمنى قوچاقلىدى. مەن يۈزلىرىمنى لەيلىنىڭ هۆل مەڭزىلىرىگە ياققىنىمچە قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن.

ئۇ جىمىپ كەتكەنىدى. بىر چاغدىلا بىلەكلىرىنىڭ، يۈزلىرىنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەكلىرىنى ئاستا ئاجرىتىپ ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا كۆزلىرى تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئوچۇق قالغانىدى.

ئاھ جەۋلان ئەپەندىم، مەن لەيلىدىن ئايرىلدىم، گويا قانىتى سۇنغان قۇشتەك خۇشال پەرۋاز قىلالمايمەن. شۇنداق بۇ دۇنيا ۋاپاسىز ئىكەن. بەخت دېگەنمۇ ئالدامچى، تۇراقسىز نېمىكەن. ھازىر ماڭا تېخى ئەتىيازنىڭ يۇمشاق ئوتلىرى قاپلىمىغان يالغۇز قەبرىلا قالدى! مەن ئۇنىڭ تۇتقان ئۆيلىرىگە قارايمەن. ئۇ ماڭا كۈلۈپلا تۇرىدۇ. باغنىڭ چىغىر يوللىرىغا تەلمۈرىمەن. ئۇ قايرىلىپ ماڭا باقىدۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى پۇرايمەن، ئۇ يارىشىپتىمۇ، ئۆزۈم تىكتىم، دەپ مەندىن سورايدۇ. شۇنداق، ئۇ مەن بىلەن ھامان بىللە، ھامان بىللە.

خەير ئامان بولسىلا، ئەگەر ۋاقىتلىرى يەتسە، بىز تەرەپلەرگە كېلەلا... ئانام دائىم سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىدۇ.

چىرايلىرى زەپىران، يۈرىكى قان-زەرداپ

كامىلدىن

1962 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى.

ئۇزۇن يىللار مۇقەددەم قان-ياش بىلەن يېزىلغان بۇ خەت جەۋلان ئەپەندىنى ئېزىپ قويدى. ئۇ ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئىشكاپ ئىچىدىن دورا ئېلىپ كاپ ئەتكەندىن كېيىن ئورنىغا كېلىپ قايناقسۇ ئىچتى. ئۇ ھاردۇق يەتكەندەك ساپا يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئۆلۈشكۈن بالىنىستىدا كۆرگەن چۈشىنى قايتا ئەسلىدى. بۇ چۈش ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ زادىلا ئارامىنى قويمىدى. توۋا، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — ئاجايىپ سېھىرلىك چۈش... ھازىر كامىلمۇ... شۇنداق، ئۇنىڭ 33 يىل ئىلگىرى كۆرگەن چۈشىمۇ ئۇنى ئالدىمىغان ئىدى. ئەمدى بۇ چۈشچۇ؟ جەۋلاننىڭ ئۆلۈشكۈن كۆرگەن چۈشى كۆز ئالدىدا يەنە نامايەن بولدى.

ئاق لىباس كىيگەن لەيلى بوسۇغىدا تۇرغۇدەك... ئۇ چاچ-ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن جەۋلانغا سۆزلەۋاتقۇدەك: جەۋلان ئاكا... كامىل قايتىپ كەلدى. شۇنداق مېنىڭ قېشىمغا قايتىپ كەلدى. مەن ھازىر ئۇنىڭ بىلەن بىللە، توۋا، ئوغلىمىز 34 ياشقا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ تۆت بالىسى باركەن، شۇنىڭغا قارىغاندا، مەن نەۋرىلىك بولۇپ قالغان ئوخشايمەن.

جەۋلاننىڭ قورۇق باسقان كۆزلىرى ياش بىلەن تولدى. ئۇ تالاي يىللاردىن بېرى ئەلئاباد، قۇمتاملىقلارنى ئۇنتالمىغان ئىدى. شۇڭا پات-پاتلا بۇ خەتنى ئېلىپ ئوقۇيتتى. يۈرەككە ئۆچمەس ئىزلارنى سالغان كونا خاتىرىلەر ئۇنىڭغا ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇلارنى ئاتا قىلاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر **كامىل تۇرسۇن**

مامۇت زايىت

# ئاق-قارا سۇرەتلەر

## غۇۋا مەنزىرە

يۇلتۇزلاردەك سىرلىقتۇر تۇرمۇش،
يېشىلمىدى تولۇق بۇ تىلسىم.
بىر كىتاب ئۇ، قىيىندۇر ئوقۇش،
ھەر قۇرىدا مىڭ ھېكمەت-بىلىم.
كۆپ ئىزدەندى تارىخ دانىشى،
ھەر خىل چىقتى ئىنسان سۇرىتى.
قىزىق ئىكەن قىسمەتنىڭ ئىشى،
قالدى تۇرمۇش يەنە سىر پېتى.
ئۇنىڭدا بار پاكلىق، گۈزەللىك،
ياخشىلىق ۋە مەردلىك، نۇر-زىيا.
ئۇنىڭدا بار ئالداش، رەزىللىك،
نامەردلىك ھەم ساتقۇنلۇق، رىيا.
ئۇنىڭدا تاڭ، ئۇنىڭدا زۇلمەت،
ئۇنىڭدا ئەرك، ئۇنىڭدا قۇللۇق.
ئۇنىڭدا زەر، ئۇنىڭدا قۇدرەت،
ئۇنىڭدا توي، ماتەم، يوقسۇللۇق.
ئۇنىڭدا بار شەپقەت ۋە زۇلۇم،
سۆيگۈ، ھىجران، ۋىسال پەيتى ھەم.
ئۇنىڭدا بار ھايات ۋە ئۆلۈم...
جىمى قىسمەت ئاڭا مۇجەسسەم.
تۇرمۇش سىرلىق، غۇۋا مەنزىرە،
بىر باقساڭ سەت، بىر باقساڭ گۈزەل.
يوق ئۇنىڭدا قېلىپ-ئەندىزە،
قىيىن ئۇنى سىزماق مۇكەممەل...

## تۇلپار ۋە ئىت

قۇياش، ئاي نۇر تۆكۈپ داۋراڭسىز، جىمجىت،
قىش ئۇزاپ، ئالماشتى پەسىل باھارغا.
.ئادىتى بويىچە ئىككى قارا ئىت
كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى قاۋاپ تۇلپارغا.
تۇلپارلار ئۆرلىدى مەنزىلگە قاراپ،
ھەر باسقان قەدەمدە ئىزى مۆھۈردەك.
يول توستى ئىككى ئىت توختىماي قاۋاپ،
بىلىنىپ تۇلپارنىڭ ئىشى قۇسۇردەك.
تۈرىندەك تىزىلىپ ئۆتۈشتى ۋاقىت،
ئېشىشتى تۇلپارلار جىق تاغ-داۋاندىن.
قېرىدى، چىشلىرى قالماي ئىككى ئىت
قاۋىغان پېتىچە ئۆتتى جاھاندىن.
ئەقىلسىز بۇ ئىتلار بولمىدى تۇلپار،
تۇلپارلار قېلىشتى تۇلپار پېتىچە.
بۇ ئىشتىن بىر يەكۈن تاپتى بەر قارار،
ئۇ ھېكمەت ئىتلارغا سىرلىق تېخىچە.

ئادىمي ھايۋانلار ئېلىشماس ئىبرەت،
يىغلايمۇ، كۈلەيمۇ، ئوقايمۇ نەپرەت؟...

## ئۆملىگۈچىلەر

ئۆگەنمەك ئىزدىسەڭ بىلىم كەڭ ئۇكيان،
ئۇنىڭدا بەكمۇ جىق تەلىمات-تەلىم.
سورىسام: « نېمىنىڭ مەھسۇلى ئىنسان؟ »

« تەبىئەت، ئەمگەككىنىڭ، — دېدى مۇئەللىم، —
ئۆزگەردى مىليونلاپ يىلدا ئادەمگە،
ئۆملەپ ماڭغۇچى مەخلۇق نەسىلدىن.
ئەقىلدە ھۆكۈمران بولدى ئالەمگە،
قوتۇلۇپ نادانلىق، زۇلمەت پەسىلدىن.
شۇڭلاشقا ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ بۈيۈك ئىنسان،
ئارتۇقتۇر ئەقىلدە بارچە مەخلۇقتىن.
پەرۋازى ئالدىدا تۆۋەندۇر ئاسمان،
جاي ئالدى ھەتتا ئۇ ئايدىن، بوشلۇقتىن ....»
ئاڭلىدىم، كۆڭلۈمدە شۈبھە، ئېتىراز.
تىكىلدىم ئىنسانغا، باقتىم جاھانغا.
ئۆملەپ يۈرگەنلەر ئەمەس ئىكەن ئاز،
يۈرىكىم ئۆرتەندى، تولدۇم گۇمانغا.
مىليارلاپ ئادەملەر ياشار تىك تۇرۇپ،
ئاشۇلار ئالەمنىڭ ئىقبال تۈۋرۈكى.
بەزىلەر بولمىغان تېخى ئۆزگىرىپ،
ئۆملەش دەۋرىدە ئېڭى، يۈرىكى.
ياشاپمۇ ئېلېكتر-نۇر ئىراسىدا،
ئۇلاردا ھايۋانلىق، تەبىئەت، خىسلەت.
ئۆملەر پۇل، ھوقۇق، جان تەمەسىدە،
ئۇلاردا يوق قىلچە غۇرۇر يا جۈرئەت.
ئۆزىنى قول چاغلار، ئۆزگىنى خۇدا،
شان تاجى كىيگۈزەر بۆرىلەرگىمۇ.
ئۆملەر ئەقىلسىز سىپاھ ئالدىدا،
باش ئۇرار ئالدامچى تۈلكىلەرگىمۇ.
گىدەيگەن نادانىنى ھېسابلاپ ئالىم،
پېشىنى سۆيىدۇ قىلىپ ئىقتىدا.
بولۇشۇپ ئۆزگە ئۆزلىرى زالىم،
غەپلەتكە ئۆمرىنى قىلىدۇ پىدا.
ياشايدۇ گويا كى قارىغۇ چاشقاندەك،
قۇياشقا تىكىلىپ قارىيالمايدۇ.
چىنلىقتىن قاچىدۇ جىندىن قاچقاندەك،
ھەمىشە ئۆزىنى گۆللەپ ئالدايدۇ.
قۇللۇقنى بىلىدۇ ئەركىنلىك، بەخت،
قانائەت قىلىدۇ گۆشسىز سۆڭەككە.
زىندانىنى، گەمىنى ھېسابلاپ تەخت،
دەيدۇ: بىز پاراۋان، يەتتۇق تىلەككە.
قامىتى پۈكۈلگەن قىسماقتەك گويا،
مۇقەددەس ئايىتى « شۈكرى » ۋە « خوش-خوش ».
ئېسىگە كەلمەس يۇرت، مىللەت ۋە دۇنيا،
كامالەت ھەققىدە كۆرەر شېرىن چۈش.
قورقىدۇ جاپادىن، خەتەردىن ھەر ۋاق،
مەدىرلاپ يۈرۈيدۇ قۇرتقا شېرىك.
غايىسى جان ساقلاش، تويغۇزۇش قورساق،
رولى يوق، بىلمەك تەس ئۆلۈكمۇ، تىرىك؟!
ئېچىنىش، ئازابتا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم،
قارايمەن، ئەمەسمۇ ئۇلارمۇ ئادەم؟!
تىك تۇرۇپ ياشىماق بارچىغا ئۇدۇم —
بولسىدى، قانچە تېز گۈللەيتتى ئالەم؟!

## دېۋانە

دەرەخ، گۈل ئورىغان كەڭ ئاسفالت يول،
كېلىمەن، قەلبىمدە خۇشاللىق ئۆركەش.
تويۇقسىز تەگلەندى ماڭا قاسماق قول،
چۆچىدىم، كۆڭلۈمدە ھەيرانلىق ۋە غەش.
تۇراتتى ئالدىمدا تونۇشلا بىرى،
يۈز-قولى پاسكىنا، كىيىمى جۇل-جۇل.
ئاھ دېدىم، يېشىلدى تۈگۈننىڭ سىرى،
ئۇ ئىدى كاتتا باي ئاتىغا ئوغۇل.
ئالتە يىل ئىلگىرى كەينى-كەينىدىن،
كۆز يۇمدى مېھرىبان ئاتا-ئانىسى.
چوڭ بايغا ئايلاندى پۇل تۆپەيلىدىن
ئۇلارنىڭ بىلىمسىز يالغۇز بالىسى.
شۇ كۈندىن باشلاندى چوڭ چاتاق، ھەيھات!
ھەسەلگە ئولاشتى چۈۋىن ئۆلپەتلەر.
ئاتىسى جاپادا تاپقان جۇل-بىسات
سورۇلدى، ئەۋج ئېلىپ قىمار، ئىشرەتلەر.
بولغاچقا بۇ ئوغۇل ھورۇن، دۆت، ئەزمە،
ماختىدى، ئالدىدى دوستۇم، دېگەنلەر.
ئۆزۈلمەي رېستوران، باغلاردا بەزمە،
بوشىدى ساناقسىز شىشە، لىگەنلەر.
تۈگەيدۇ جەم يېتىپ يەۋەرسە تاغمۇ،
ئاخىرى بولدى ئۇ ئاقلانغان پىياز.
يۈزىگە يېپىلدى رېستوران، باغمۇ،
توزۇدى ئۆلپەتلەر، تۈگىدى پەرۋاز.
ئاچ-يېلىڭ قالدى ئۇ، چۈشتى شۇ ھالغا،
قەلبىمدە ئارىلاش ئېچىنىش، نەپرەت.

دانىشمەن بوۋايدەك چوكتۇم خىيالغا،
بۇ قىسمەت تەكتىدە ساۋاق ۋە ئىبرەت؛
ئىلىم- پەن، بايلىقسىز گۈللەنمەس ھايات،
ماي- نۇرسىز چىراغدىن بىزار پەرۋانە.
مەنىۋى دۇنياسى بولسا بوش، نامرات،
بولاركەن چوك بايمۇ ئاخىر دىۋانە...

## پەيغەمبەر

دوقمۇشتا تۇرىدۇ نامرات پەيغەمبەر،
ئالدىغا ماگالماس ياكى كەينگە.
قىلماقنى ئۈستەيدۇ ئۇ قۇتلۇق سەپەر،
باي شەيتان يول توسۇپ، قويماس مەيلىگە.
پەيغەمبەر قارايدۇ ئەتراپقا تەمكىن:
ئارىلاش نۇر-زۇلمەت، گۈزەللىك- سەتلىك.
كىملەردۇ بەختلىك، كىملەردۇ غەمكىن،
ئالۋاستى كۈلكىدە، پەرىشتە دەردلىك.
پەيغەمبەر كەينىدىن ئەگەشمەس قەۋمى،
بەنت بولغاچ چىلىمغا ھەم قاۋاقلارغا.
خورىغان ئۇلارنىڭ كۈچ، ئەقىل- پەمى،
سۆز-خىتاب خۇشياقماس گاس قۇلاقلارغا.
ئازايغان دىيانەت، ئىنساب ھەم ۋاپا،
كۆپەيگەن رېستوران، خانىقا، مازار.
كىتابلار ئۈستىنى باسقان چاڭ-توپا،
ئالدىنىش-ئالداشقا تولغان يول- بازار.
بەختىنى گۇناھقا پاتقۇزغان غەپلەت،
ئۆمرىگە ھۆكۈمران كۆپۈرلۈق، خارلىق.
گۆھەرنىڭ ئورنىدا نىجاسەت، ئەخلەت،
روھىدا، جىسمىدا بىدئەت، بىمارلىق.
ئۆز-ئارا قىلىشار پىتنە ۋە رەشك،
ھەمدەملىك ئازايغان، يوقالغان ھايا.
ئۇلارغا قۇت-ئىقبال تاقىغان ئىشىك،
ئۆيىدىن، كۆزىدىن ئۆچكەن نۇر-زىيا.
پەيغەمبەر ئىچىنار، ۋىجدانى يىغلار،
ئۈمىدۋار كۆزلىرى پەنىلا چاقناق.
توختىماي سەممىي خىتاب ياگرىتار،
ۋە لېكىن ياغىدۇ ئاڭا تاش-توقماق.
غەزەپ ۋە ئەلەمدىن زەرداپ يۈرىكى،
ئەرشنى ئۆرتەيدۇ پەيغەمبەر ئاھى.
تۇرىدۇ دوقمۇشتا، ئەمدى تىلىكى:
ئەي تەڭرىم، چۈشۈرگىن چاقماق يا ۋەھيي!

## قۇمغا كۆمۈلگەن گۆھەر

مەن ئۇنى ئاتامدەك كۆرۈپ تىۋىنىدىم،
شان قۇدرەت تىلىدىم نۇسرەت، ئىقبالغا.
ئىختىرا-كەشپىدىن ھەردەم سۆيۈندۈم،
ئويلايتتىم: تېخىمۇ يەتسۇن كامالغا.
بۇ ئالىم ئالدى كۆپ شۆھرەت ۋە ئاتاق،
ئۇنىڭغا يۈزلەندى مەنسەپ، مەرتىۋە.
شۇ كۈندىن باشلاپلا چىقتى چوك چاتاق،
ئاھ، ئۇنىڭ ئەقلىمۇ بوپقالدى خىرە.
گىدەيتتى بويىنى ماختاش، خۇشامەت،
چۈشتى پاك قەلبىگە بىر قارا سايە.
ساياھەت-سەيلىلەر، يىغىن، زىياپەت
قىلدى جىق ۋاقتىنى، زېھنىنى زايە.
ئىختىرا پەيتلىرى ئۆتتى بىھۇدە،
مۇكچەيدى، نەۋقىران ئالىم بولدى چال.
كېچىكىپ چۈشەندى، يۈرىكى زېدە،
تەپەككۇر-پەرۋازغا يوق ئەمدى ماجال.
شۇ چاغدا بىلدى ئۇ:
گۆھەر- تالانتنى
ئىمتىياز قۇمىغا كۆمگەنلىكىنى.
يىقىتقاچ بىخوتلۇق بۈيۈك گىگانتنى،
تۆھپىسىز بالدۇرلا ئۆلگەنلىكىنى.
ئويلايمەن، يۈرەكتە ئازاب-سىقىلىش،
ئوڭۇمدا تالانتنىڭ مەشئۇم قىسمىتى.
قاچانمۇ تۈگەيدۇ دۆڭگە يىقىلىش،
نېمىدە ھاياتنىڭ قەدىر-قىممىتى...

## ئېزىنتقۇ

1

چەكسىز چۆلدە كېلەر ئۈچ ئىنسان،
ئۇلار سەپەر جاپاسى چەككەن.
مېڭۋېرەر توختىماي ھامان،
ئات-تۆگىلەر ئورۇقلاپ كەتكەن.
قىينار تومۇز ئىسسىق، چاڭقاقلىق،

دەل-دەرەختىن بۇندا يوق ئەسەر.
ئاندا-ساندا ئۇچراپ ياتاقلىق،
يېشىللىقتىن بېرىدۇ خەۋەر.
ئۇلار ماڭار توختىماي يەنە،
ئالغا ئۈندەر بىر ئۈمىد-تىلەك.
قىلىشمايدۇ تاپا ۋە تەنە،
بىر-بىرىگە بولىدۇ يۆلەك.
يولغا چىققان كۆپ يىل ئىلگىرى،
چوڭ ئىشەنچتە سەپەرنى باشلاپ.
ئويلاپ ئۇلار: بەخت دىلبىرى
قارشى ئالار بىزنى ئالقىشلاپ.
شۇندىن بۇيان باستى نۇرغۇن يول،
گاھى قالدى جۇدۇن-بوراندا.
ماڭدى گاھى ئەگرى، گاھ ئۇدۇل،
بار، دەپ ئۈمىد ئۆلمىگەن جاندا.
ئۇلار ماڭار كۈن ۋە تۈن ھامان،
ئارقىسىدا قالار بارخانلار.
ۋۇجۇدىنى كەزمەيدۇ گۇمان،
ئالغا ئۈندەر ئىزگۇ ئارمانلار.
مۆكۈدىشىدۇ، تۈگمەيدۇ سۆز
جەننەت، پەرى، بەخت ھەققىدە.
سۆزلىرىدە چاقنار ئاي، يۇلتۇز،
چاقنار يۈكسەك، گۈزەل ئەقىدە.
بېغىشلايدۇ ئېتىقادى كۈچ،
ئاق كۆڭلىگە تولار ئىستەكلەر.
جۈت بورانغا كەلگەندىمۇ دۇچ
خىيالىدا گۈلگۈن چېچەكلەر...

2

كېلەر ئۇلار ئۇسسۇز، بى دەرمان،
ھايات بۇندا ماماتقا گىرە.
بىردىن غايىب بولۇپ دەشت-بارخان،
جۇلالاندى كۆتكەن مەنزىرە:
بۇ نېمە ئىش، نېمە كارامەت،
پەيدا بولدى ھەيۋەتلىك دەريا.
ئەنە، يېشىل باغلار ئالامەت،
شۇنچە گۈزەل، شۇنچىلىك بەرنا.
قولىدا گۈل، زىبا پەرىزات
كۆرۈنگەندەك بولدى كۆزلەرگە.
قامچا يېدى تۆگە، ئورۇق ئات،
قان تەپچىرەپ چىقتى يۈزلەرگە.
ئالدىغا تېز تاشلاندى بارچە،
يۈرەكلەردە ئىنتىلىش، تىترەك.
بەدەنلەر ئوت گويا بىر پارچە:
يېتىش كېرەك ئۇ جايغا تېزرەك!
ئازدى ئەقىل، ئازغۇن خىيالى
پەرىزاتنىڭ باغرىدا كەزدى.
قۇچاق ئاچتى ئامەت ئىلاھى،
ئۆزىنى چوڭ مىليونېر سەزدى.
خەزىنىسى تۇراتتى چاقناپ
دەقيانۇس ھەم سۇلايماننىڭ.
تىللا، يامبۇ، ياقۇت، برىليانت
كۆز يېغىنى يەتتى جاھاننىڭ.
شۇ كۆرۈنگەن بايلىق ئالدىدا
پارچىلاندى ئىناق ئۈچ ئىنسان.
بولۇپ كۆڭلى ئىنسابتىن جۇدا،
قوتراپ كەتتى نەپسىدە شەيتان.
بۇ ئازغۇنلار ئويىدا گويا
خوجا بولدى باغ، ھەممە يەرگە.
ئاڭا تالىق بۇ چەكسىز دەريا،
ئىگە بارلىق ئالماس، گۆھەرگە.
ساندۇقىدا مىليارد-مىليارد پۇل،
زامان شۇنىڭ، تاجۇ-تەخت شۇنىڭ.
بۇرۇنقى دوست-سەبداشلىرى قۇل،
جاھان شۇنىڭ، كۈچ-بەخت شۇنىڭ.
«بايلىق-بايلىق، قاچماي دالدىغا،
تېز كەلسەڭچۇ، ئالاي قۇچاقلا!»
ئىنتىلىشتى ئۇلار ئالدىغا...
يۇتلىشىپ دۈم چۈشتى ياتاققا.
كۆتۈرۈلدى پەرياد، ۋاي-ۋايلار،
يىقىلغاچقا كەينى-كەينىدىن.
ئىچمەستىن مەست بولغان بۇ «باي»لار
سەگەكلەشتى قاتتىق زەربىدىن.
بىر-بىرىگە باقتى چەكچىيىپ،
تەلۋىلەرچە خىيالى تاراپ.
ئاھ، بىردىنلا كەتتى مۆكچىيىپ،
ئالدىدىكى سۈرەتكە قاراپ.
يېقىن كەلدى، ئەمما ئاجايىپ،
بۇ قانداق ئىش، قانداق كەلگۈلۈك.

بولغان دەريا، جەننەتمۇ غايىب،
يەنە شۇ چۆل-قاقاس ۋە ئۆلۈك...

3

ئېغىر-ئېغىر تىنىشتى قاراپ،
بولغان ئىدى خىيالى بىتچىت.
يۈرىكىدە ئەلەم، ئىزتىراپ،
گەپ قىلمىدى، مېڭىشتى جىمجىت.
بىلدى ئۇلار ئالدانغىنىنى،
كۆز ئالدىدا ياتاتتى ۋە يۇلغۇن.
جەننەت، ھۆرنىڭ يالغانلىقىنى
ئىسپاتلىدى ئېزىتقۇ-ئالۋۇن.
ئەمما بىزگە شۇنىسى مەجھۇل،
نېمە بەردى ئۇلارغا ساۋاق؟
ئاقاردىمۇ قارايغان كۆڭۈل،
ئازغۇن روھى ئوڭشالدىمۇ-ياق؟
تايدىمۇ يا يولدىن قەدەملەر،
سەپەر داۋام ئەتتىمۇ سىجىل؟
قانداق ھالدا ئاشۇ ئادەملەر،
نېملەرگە ئايرىۋاش ئەقىل؟
تۇرمۇش سىرلىق، گاھى ئېزىتقۇ،
ئازدۇرار ئۇ بىخۇت ئىنساننى.
پۇل، مەنسەپنى قىلار ئېچىتقۇ
چىرىتىشتە ئەقىل، ئىماننى.
گاھى قىلار سېنى مالاي-قۇل،
گاھ چىقىرار يۈكسەك ئەرشكە.
قولىدا گاھ زەھەر، گاھى گۈل،
ئۇ بىر شەيتان، ئۇ بىر پەرىشتە...

1994 - يىلى 9 - ئاي، ئۈرۈمچى

مۆمىن سەپىرى

# ئۆمۈر ئارخىپىدىن تىزمىلار

## گەپ ئىچمگە پاتمسا

گەپ قىلمايسەن، دەيسەن دوستۇم، دېگەن گېپىم ئاقمسا،
ھەق گەپ يارنىڭ مۇشت ئۇرغاندەك قولىقىغا ياقمسا.
مەن گەپ قىلسام يار ئىشىتسە، يۈرىكىمنى تىڭشىسا،
مېنىڭ يۈرەك سۆزلىرىمنى يۈرىكىدە ساقلىسا.
دېمەمدىمەن شۇ چاغدا جىق قەلبىمدىكى سۆزۈمنى،
مەن يارىمنى بىر گۈل دېسەم، يارىم مېنى ماختىسا.
دېمەك ئۇشۇق سۆزلىگەندىن سۆزلىمىگەن ياخشىراق،
مەينى ئىچىپ سىڭدۇرىمەن گەپ ئىچمگە پاتمسا.
نېمە ئارمان سەپىرنىڭ دىلى ياردىن سۇ ئىچىپ،
بۇ كۆڭۈلنىڭ گۈلزارىدا گۈل ئېچىلىپ شاخلىسا.

1968 - يىل دېكابىر، غۇلجا

## ئارمان

قالدۇرماستىن دىل سۆزۈمنى پۈتۈپ كەتسەم،
بىر دەستە گۈل دىلدارىمغا تۇتۇپ كەتسەم،
شۇ گۈزەلنىڭ كۆڭلىنى مەن ئۇتۇپ كەتسەم،
بەختىم دەيمەن بېلىكىدىن تۇتۇپ كەتسەم.
ئارمان قالماس بۇ دۇنيادىن يېتىپ كەتسەم.
ياۋۇزلارنىڭ قىلمىشىنى ئايان قىلىپ،
قىلمىشىنى ئۆزلىرىگە چايان قىلىپ،
تۆھمەتخورغا تۆھمىتىنى ھايان قىلىپ،
چەككەن جاپا، دەردلىرىمنى بايان قىلىپ،
مەيلى ئىدى بۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتسەم.

قانات پۈتۈپ ئۇچسام ئېگىز- پەلەكلەرگە ،
مېھمان بولسام ئاي يۇلتۇز — تىنك تۈنەكلەرگە ،
تاپسام داۋا دەردكە تولغان يۈرەكلەرگە ،
دەيدۇ كۆڭلۈم گۈزەل ئارزۇ- تىلەكلەرگە
يەتسە كىشى، قوشاقلارغا قېتىپ كەتسەم.

سەۋرىم پۈتتى، ساڭا دىلدار يېتەرمەنمۇ،
ئارمانىمغا يېتەلمەستىن كېتەرمەنمۇ،
ئۈمرۈم بويى تۆت كۆز بىلەن كۈتەرمەنمۇ،
ۋادەرىخا، ۋىسال كۈلمەي ئۆتەرمەنمۇ،
ئارمان بولار غەمدىن زەھەر يۇتۇپ كەتسەم.

1971 - يىل 3 - ئۆكتەبىر، غۇلجا

## ئۈمىد

ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ كىشى،
ئۈمىدسىزلىك شەيتانىنىڭ ئىشى.
نامەرد يىغلار مۈشكۈل ئالدىدا،
كۆرسە جاپا قاتىدۇ بېشى.

تاڭ ئىزلىدىم ئۈمىد ئىلكىدە،
تۈندە ئۇچقان تۇرنىدەك بولۇپ.
جىلۋىلەندى ئالدىمدا ئۈمىد
گويا گۈزەل بەرنادەك بولۇپ.

1985 - يىل 27 - ئىيۇل، غۇلجا

## گۈزەل بەختىم

پەلەكنىڭ پەيلىگە باقماي،
يۈرەكنىڭ مەيلىگە باقتىم.
يۈرىكىم گويا بىر قۇش،
گۈلباغدا قانات قاقتىم.

ۋەتىنىم سىنىڭ ئۈچۈن
تەسەددۇق، جېنىم تەقدىم.
ئەجرىمدە ياساپ گۈلشەن،
دەيمەن بۇ مېنىڭ بەختىم.

1986 - يىل 10 - ئۆكتەبىر، غۇلجا

**ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن)**

## تۇريان

مۇھەببەت- نەپرىتى ئېنىق دىيار بۇ،
قىش بىلەن يازنىڭ چېگرىسى روشەن.
ساداقەت رەڭلىرى قېنىق دىيار بۇ،
(ئانا يۇرت ھەر دىلدا ئۆزگە بىر ۋەتەن).

ئەتراپى جەزىرە، تاغلىرى تاقىر،
پايانسىز ئورمان يوق، بۇ شۇنداق پاكىت.
ۋە لېكىن ئەجدادنىڭ تېنى ھەر ئېدىر،
بۇنىڭغا قان رەڭلىك قۇملىرى شاھىت.

زۇمرەتتەك كۆلى يوق ياكى دەرياسى،
دوزاخنىڭ ئوتىدەك ئىسسىقى بۇ راست.
مىڭ دەردكە داۋادۇر لېكىن ھاۋاسى،
كارىزى مىڭ دەريا، ئېقىنغا تەققاس.

بۇندا بار جەننەتتەك ئۈزۈملۈك باغلار،
ھەم ئانا تۇپراققا ئوتلۇق مۇھەببەت.
بۇندا ئەر ئۆزىنى شىر سۈپەت چاغلار،
تاغلارنى يۆتكەشكە يېتىدۇ قۇدرەت.

بۇندا بار پەخىرلىك، مۇقەددەس تارىخ
ھەم ئەۋلاد قەلبىدە ماياك ئەنئەنە.
بۇندا بار يامانلار كۆكرىكىگە تىغ،
ياخشىلار بەختىگە ئورتاق تەنتەنە...

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

# بەك يىراقتىن كۆيلىدىم سېنى

## گىگانت ئادەم

قىزىل تاغ، سەن جەسۇر بىر گىگانت ئادەم،
بىلىڭگە باغلانغان ئۇز، يېشىل پوتا.
تالايلار چوققاڭدا قىلار تاماشا،
بولىدۇ قوۋۇرغاڭ ئۆرلەشكە شوتا.

قىزىلتاغ، سەن جەسۇر بىر گىگانت ئادەم،
بېرىسەن زوق-ھۇزۇر تالاي مېھمانغا.
ئۇچۇقتۇر ھېمىشە. سېخىي ئالقىنىڭ،
ئايانماي تەر تۆكۈپ بەخت تاپقانغا.

قىزىلتاغ، سەن جەسۇر بىر گىگانت ئادەم،
ھەل بۇگۇن باغرىڭدا ئىزگۇ تىلەكلەر.
تۆكىدۇ سىرىنى، تۆكىدۇ ساڭا
ئاتەشلىك تۇيغۇدا يانغان يۈرەكلەر.

قىزىلتاغ، سەن جەسۇر بىر گىگانت ئادەم،
ئالتۇن نۇر بەھرىدە دولقۇنلار يارغان.
كۆكسۈڭدە ئارمانلار تولۇپ ياتىدۇ،
شۇ سەۋەب ۋۇجۇدۇڭ ئوت بولۇپ يانغان.

قىزىلتاغ، سەن جەسۇر بىر گىگانت ئادەم،
يۈرىكىڭ چاچىدۇ يالقۇن-ھارارەت.
ھارارەت تەپتىدىن يارالدى، ئەنە،
ئۈرۈمچى باغرىدا گۈللەش-كامالەت...

## ئوغلۇمغا

ئون ئاي يېتىپ ئاناڭ باغرىدا،
يەرگە چۈشتۈڭ-تۇغۇلدۇڭ بالام.
ئەركىن نەپەس ئالسەن ئەمدى،
« تۇتقۇنلۇق » تىن قۇتۇلدۇڭ بالام.

جىسمىڭدىكى ئاتاڭنىڭ قېنى،
شوخ بولساڭ گەر مەيلى كېرەك يوق.
بولۇپ قالما لېكىن بېلى بوش،
ياغسۇن ساڭا ھەردەم شان-ئۇتۇق.

قەيسەرلىكنى بۈركۈتتىن ئۆگەن،
ئىشچانلىقنى چۈمۈلىدىن ھەم.
سەندىن شۇنى تىلەيدۇ ئاتاڭ،
ئۇ دۇنياغا ئالغۇچە قەدەم.

## شولىلارغا چىقتىم كۆي يېزىپ

ئاي بۇلاقتا ئېرىگەن ئاخشام،
گۈلبېغىڭغا تۆكۈلدى يۇلتۇز.
چاقتى چاقماق ئۇيۇقتا ناخشام،
نەلەرگىدۇ مۆكتى تۈن-قۇندۇز...

ئاق پاياندار سۆيەر پۇتۇمغا،
يېنىك-يېنىك ئالغاندا قەدەم.
مىڭ يىل بولۇپ تۇيىلار ماڭا،
ھەر بىر تىنىق، ھەر بىر دەقىقەم.
تاغلار ماڭا بولسىمۇ ھاپاش،
كۆتۈرىدۇ بۇدەم ئەقىدەم.

گۈل تەۋرەنسە... يۈرىكىم ئېغىپ،
چاقناپ كېتەر كۆزۈمنىڭ نۇرى.
شولىلارغا چىقتىم كۆي يېزىپ،
ياپراقلارغا سىڭدى ھەر قۇرى...

بەرگىلەردە چاقناپ قالدى كۆي،
چىق، بوينۇڭغا ئېسىۋال سەھەر.
ئۇندا قالدى ساناقسىز ئىز، ئوي،
كۆكسۈڭگە دەم بېسىۋال، قەمەر!

**بەك يىراقتىن كۆيلىدىم سىنى**

شامالىلارنىڭ ماۋۇق پىيىگە
يېزىپ چىقتىم ئاق رەڭلىك شېئىر.
ئاق دالاغا چاچتىم مەن ئۇنى،
سادا بەردى ئورمان، تاغ-ئېدىر...

ئاھاڭ ئىشلەپ بەردى ئېقىنلار،
گوۋاھ ئاڭا ئېگىز چوققىلار...
يېشىل گىياھ ياپراقلىرىدا
ناخشا بولۇپ تىنماي ئوقۇلار.

گاھى چۈشۈپ، چىقار ئەۋجىگە،
ئوركېستىرلار بولغاندا تەڭكەش.
بەك يىراقتىن كۆيلىدىم سىنى،
بۇ سىر بولسا ئۇنى ئۆزۈڭ يەش.

**بۇ دۇنيانىڭ ئىشى بىر ھېكمەت**

كۆمۈتىدەك كۆپ، ئاچچىق قىسمەت،
بىرى مىڭنى تۇغار مىنۇتتا.
بۇ دۇنيانىڭ ئىشى بىر ھېكمەت،
توڭلاپ تۇرۇپ كۆيىسەن ئوتتا.

خاھىشىڭغا باقمايدۇ ئىشىڭ،
ئاچچىق-چۈچۈك كۆرگەن چۈشۈڭمۇ.
ئەبەدىيلىك ئەمەس ياز-قىشىڭ،
ئالمىشىدۇ كەچكە چۈشۈڭمۇ.

ئۆكۈنۈشتىن تاپسەن ئەقىل،
قۇياشىڭنى توسقاندا تۇمان.
ھەسرىتىڭنى كۆكۈم-تالقان قىل،
تەئەججۈپكە يوق ئەسلا ماكان.

ئەجەپ تاتلىق ھايات دەملىرى،
ئەمما قىسمەت مىنا يولۇڭدا.
مۈشكۈل سىناق تۇرمۇش غەملىرى،
ئۆتكىن، كۆرەي دىپلوم قولۇڭدا!

ئەكبەر ئىمام

## دوقمۇشتىكى كەچلىك بازار

دوقمۇشتىكى كەچلىك بازاردا
ئۇچۇپ يۈرەر دەستە-دەستە پۇل،
ساھىبجامالنىڭ تىنىقلىرىدەك.
ئۇندا كۆزلەر تۇرار ئەندىكىپ،
يۈرىكىمنىڭ سوقۇشلىرىدەك.

دوقمۇشتىكى كەچلىك بازاردا
تەلمۈرگىنىچە كاۋاپ ھىدىغا
يۇلتۇز ساناپ تۇرار بىر بالا.
قارىچۇقىدا بىر دەستە خىيال.
ئۆزۈك-ئۆزۈك خورسىنار دۇنيا.

دوقمۇشتىكى كەچلىك بازاردا
سېتىلماقتا ئىسسىق يۈرەكلەر
قۇرت يېگەن تاختاي باھادا.
سېتىلماقتا تولغاقتىكى ياز،
قالغاچ سۆرەپ كەلگەن باھاردا.

دوقمۇشتىكى كەچلىك بازاردا
ئېرىمەكتە چىرايلىق لەۋلەر
ئادرېسى يوق دىللار تەپتىدىن.
توزىماقتا ئالتۇن رەڭ چۈشلەر،
قارىچۇقلارنىڭ ئۆكسۈشلىرىدىن.

دوقمۇشتىكى كەچلىك بازاردا
ئوقۇغانچە ھەسرەتنامىنى
شادلىق تىلەپ يۈرەر بىر ئەرۋاھ.

نۇر ياغدۇرۇپ تەنھا چېھرىدىن،
گاھى ئالداپ، گاھى ئالدىنىپ،
ئوقەت قىلىپ يۈرەر ئەۋلىيا.

هوشۇر ئەمەت

## ئەينەك ئالدىدا

تاڭ سەھەر، دىل مەيۈس، ئەينەك ئالدىدا
چېچىمغا قاراپ مەن خىيالغا چۆكتۈم.
چېھرىمدە قورۇقلار، ئۆتتى تۆت مۆچەل،
نادامەت ئىلكىدە يىشىمنى تۆكتۈم.

ۋە لېكىن تۇساقلار توراپ ئالدىمنى،
تىنىمدى قۇرتلار شوراپ قېنىمنى.
تاغ-داۋان ئاشماققا بەرمىدى ئىمكان،
ئەيلىدى دىلنى غەش، پۈكلەپ بېلىمنى.

قارىدىم ئارقامغا سىنچىلاپ تەكرار،
ۋە لېكىن كۆرۈنمەس قالدۇرغان ئىزىم.
ئىبرىشتى نېمىگە ئەجرىم ۋەجدىن
ئەل-يۇرتۇم، مىللىتىم، ئوغۇل ۋە قىزىم.

ئاھ، ئىزسىز ئۆتسىمۇ بۇ يېرىم ئۆمرۈم،
يەنىلا ئوخچۇيدۇ كۆڭلۈمدە ئارمان.
ئارماندىن يارالدى يېڭى تۇيغۇلار،
جىسمىمدا يەنىلا كەم ئەمەس دەرمان.

بۇ ئۇلۇغ تۇپراققا تۇغقاندا ئانام
بار ئىدى قەلبىمدە ئېتىقادتىن چوغ.
ئاشۇ چوغ تەپتىدىن كېلىپ غەيرەتكە،
ماڭغانتىم مەنزىلگە قولدا بۈيۈك تۇغ.

ئۇلدىم ئارماننى ئوغلۇم قەلبىگە،
قويغىن دەپ ئۇتتۇقتىن گۈللەر قەبرەمگە.
ۋە لېكىن ئەندىشەم، ئوغلۇمدىن ئېشىپ
ئارمىنىم قالارمۇ دەيمەن نەۋرەمگە!؟

ئەركىن داۋۇت

## ئىزىز يۇرتۇم گۈزەلسەن، گۈزەل

### ئويناق كۈيلەر

تاغ سۈيىدەك ئويناق شوخ كۈيۈم،
دەستىلىرىمنى قىلدى شاد-مەمنۇن.
ۋۇجۇدىغا بېرىپ ھارارەت
دىللىرىنى ئەيلىدى مەپتۇن.

خۇددى نۇردەك يېيىلىپ ئەركىن،
كەڭ زېمىنغا يول ئالدى تاراپ،
گۈل-گىياھلار چۈشتى ئۇسسۇلغا
ناز-كەرەشمە ئىلكىدە ياياپ.

لېرىكىلىق سېزىمى بىلەن،
تاڭ قالدۇردى تۈمەن بۇلبۇلنى.
ئالقىشلىدى بەيگىدە ھارماي،
بەس-بەس بىلەن چاپقان دۇلدۇلنى.

پەسەيتمەستىن تاشقىنلاپ شۇنچە،
دېڭىزلارغا قۇيۇلدى ھېرىپ.
ئۆركەش ياساپ ئارمان ئىشقىدا،
مەنزىلىدە قالمىدى ھېرىپ.

تاغ سۈيىدەك ئويناق شوخ كۈيۈم،
ئۈزۈلمەستىن ياڭرىدى ھەيۋەت.
يوشۇرۇنغان شۇ كۈي ئىچىگە،
ئەقىدە ھەم كۈچلۈك مۇھەببەت.

## سەھرادا سەھەر

تۈن پەردىسى يىرتىلىپ ئاستا،
ئويغانغاندا ئەركە تەبىئەت.
باغ ۋارادىن تارايدۇ ھەر يان،
كاككۇك ئۈنى — گويا مۇھەببەت.

شادلىقىدىن سانسىزلىغان دىل،
تەلمۈرىدۇ چەكسىز ئۇپۇققا.
گۈزەللىككە ئىنتىلىپ شۇنچە،
چېكىدۇ گۈل زەڭگەر يوپۇققا.

چىرىلداشتىن توختاپ چېكەتكە،
بولىدۇ رام ئويقۇ چۆلگە.
سۇ ئالغىلى كېلىدۇ قىزچاق،
خىلۋەتتىكى سۆيگۈ كۆلگە.

يورغا شامال چېكىپ دېرىزە،
ئۆي-ئۆيلەرگە كىرىدۇ كۈلۈپ.
دىمىقلىقنى كېپەنلەپ قات-قات،
يىراقلارغا تاشلايدۇ سۈرۈپ.

خۇددى ئەينەك كەبى سۈزۈكلۈك،
زېمىنغا كەڭ يايىدۇ قانات.
ئۈمىدلىنىپ يېڭىدىن يېڭى،
جانلىنىدۇ نۇرلىنىپ ھايات.

## چوپان *

1

سىياقىڭنى گۈل دېدىم بىر گۈل،
ئۈزلۈقىڭغا تويماستىن قاراپ.
شۇئان ئۆتتەك ئىللىق بىر سېزىم،
ۋۇجۇدۇمغا كەتتىغۇ تاراپ.
باغاشلىدىم ماۋۇق كۆكسۈڭنى،
قالغاچقا سەن كۆڭلۈمگە ياراپ.
ھەر تال گىياھ، ھەر تال تېشىڭنى،
ئۇلۇغلىدىم دىلكىشىم ساناپ.
لېرىك ناخشام كېزىپ بوشلۇقنى،
پەخرلەندى نامىڭنى ئاتاپ.

2

سۆيۈندۈردى قەلبىمنى شۇنچە،
تاغلىرىڭنى سۆيگەن كۈمۈش قار.
ئۈنىڭ رەڭگى خۇش خۇي ئانامنىڭ
سۈتى ئوخشاش ئەجەپ بىغۇبار.
قوشۇپ ھۆسن چېھرىڭگە گۈلدەك
قوزغار مەندە چەكسىز ئىپتىخار،
خىسلىتىڭنى چۈشۈرمەي تىلدىن،
ئەقىدەمنى قىلمەن ئىزھار.
يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوۋاقتەك،
تۆرىلىدۇ ئۈنىڭدىن باھار.

3

بۇك باراقسان ئۈسكەن قارىغىيىك،
ياشلىقىمغا ئۆرنەك ھەم رەڭداش.
چاقماق چېقىپ ياغسىمۇ مۆلدۈر،
يىگىلمەستىن بېرىدۇ بەرداش.
يەرگە تەشنا چوڭقۇر يىلتىزى،
يۈرىكىمگە زەنجىردەك تۇتاش.

* چوپان — قاغىلىقنىڭ بىر يېزىسى

ئىلھام قۇشۇم سېغىنىپ ھەر تاڭ،
ئاڭا قىزغىن بولىدۇ سىرداش.
ئارمانلاردىن تۇغدۇرۇپ ئارمان،
يېتەكلەيدۇ پەللىگە قۇياش.

4

قانتىنى ئويىنىتىپ ئەركىن،
شوخ لاچىنىڭ ئوينار سامادا.
تۆلكە ياتار تىترەپ دىر-دىر،
شۆلگەيلىرى ئېقىپ كامادا.
پۇرسەت كۈتەر زارىقىپ رەت-رەت،
مۈت ئولجىنى كۆزلەپ تامادا.
يامرار ئىكەن ياۋۇزلۇق، شۇملۇق،
بولمىسا مەرد لاچىن ناۋادا.
شۆھرىتىنى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭ،
چىن بۈرچۈمنى قىلمەن ئادا.

5

ئەتە-ئاخشام چىقىرىپ سادا،
باي ئۆڭكۈرنىڭ ① يارىدۇ قۇلاق.
نەلەردىدۇ تۆگە كارۋىنى،
جىرىڭلايدۇ سىرلىق قوڭغۇراق.
تەپەككۇرنى بۇراپ ئۆتمۈشكە،
ئويغا سالار كىشىنى ھەر ۋاق.
ئېلىم-سېتىم ئەجەپمۇ ئىتتىك،
بازار ئاۋات، بازار زەپ قايناق.
ھەر تەرەپتىن ياغرىغان كۆلكە،
قوزغار دىلدا سۆيگۈ ئىشتياق.
ئەسىرلەرنى ئۇلاپ ئەسىرگە،
خەلقىڭ ياشار ئىز بېسىپ ئويغاق.

## سەھرادا قار

1

ياغدى قار، نە قاركى ئۈز كۆمۈش چېچەك،
دەل-دەرەخلەر شاخلىرى ئارتتى لىپچەك.
شادلىقىدا باقتى كۆككە كەڭ دالا،
چۆلدە تورغاي تاڭ سەھەر قىلدى ناۋا.
كۆزگىلىكىنىڭ كۆڭلى ئۆتتەك ئىللىدى،
مول ھوسۇلنى تۇشمۇ تۇشتىن چىللىدى.
شوخ گۆدەكلەر ياسىدى كۆپ قار بوۋاي،
يېڭىچە تۇس ئالدى بىردىن ھەممە جاي.

2

ياغدى قار دوستلارغا قارلىق تاشلىدۇق،
جۇت شۇۋىرغانىنىڭ كۆزىنى ياشلىدۇق.
قوغلىشىپ يول-يولدا كۆلدۇق قانغىچە،
مەڭزىمىزدە كۆيۈشۈپ ئوت ياندىچە.
ئۇرغىدى قان پاك يۈرەكتە جانلىنىپ،
چىقتى مەردلەر ئارىمىزدىن تاللىنىپ.
بولدى تەييار يەل-يېمىش ھەم زىخ كاۋاپ،
خۇش پۇراق ھىد كىردى دىماققا تاراپ.
ياغرىدى تون قوينىدا تەمبۇر ئۈنى،
مەنىلىك ئۆتمەكتە قىشنىڭ ھەر كۈنى.



① باي ئۆڭكۈرى — تاغ قاپتىلىغا ئويۇلغان بۇددا دىنىغا ئائىت ئۆڭكۈر.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئىككى نەسىر

## قىران بويىدا

قىرغاقتا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم. قىران دەرياسى تۇساتتىن ماڭا سوئال تاشلىدى:

— ھەي، ئادىمىزات، بويلىرىمدىن ئەگىپ كېتەلمەيلا قالدىڭغۇ! بۇنىڭ سىرى زادى نېمە؟

مەن بۇ قەدىمىي دەرياغا دۇدۇقلىماستىن جاۋاب بەردىم:

— چۈنكى مېنىڭ ۋاپادارىم سېنىڭ مەخمەلدەك قىرغاقلىرىڭدا چوڭ بولغان. بىزنىڭ مۇھەببەت گۈللىرىمىز مۇشۇ جايدا پورەكلەپ ئېچىلغان. شۇڭا سېنىڭ بويلىرىڭ كۆزۈمگە تەڭداشسىز گۈزەل ھەم ئىسسىق كۆرۈنىدۇ. سۈزۈك سۇلىرىڭنى ئوچۇملاپ ئىچسەم، يۈرىكىم ياشىرىپ كېتىدۇ. ساڭا تىكىلىپ ئولتۇرسام ياشلىق دەۋرىم قايتىپ كەلگەندەك بولىدۇ.

— ھە، مۇنداق دېگىن. سېنى راستىنلا تونىيالماي قاپتىمەن. ئۆزۈڭ ياشانغان بىلەن يۈرىكىڭ تېخىچە ياش تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆزۈڭدىكى يالقۇنلار سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئوت سېنى مۇھەببىتىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ ماكانغا باشلاپ كەپتۇ. بالام، رەھمەت ساڭا، مېنى ئۇنۇتماپسەن. مېنىڭ بويلىرىمدا ئويغانغان مۇھەببىتىڭ سېنى ۋاپادار ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپتۇ. بۇ مېنىڭمۇ بەختىم. ساڭا ئوخشاش پەرزەنتلىرىم مېنى ياد ئېتىپ، سېغىنىپ، يىراق-يىراقلاردىن كۆرگىلى كېلىدۇ، لېكىن يۈز-كۆزلىرىگە رەھىمسىز يىللارنىڭ يىرىك قوللىرى چوڭقۇر قورۇقلارنى سالغان بۇ ۋاپادار ئىنسانلارنى مەن تونىيالماي قالىدىكەنمەن. شۇڭا مەندىن رەنجىمىگىن، بالام!

— كۆيۈمچان قىران ئانا، ئۇنداق دېمىگىن، سەن ئەسىرلەر بويى توختىماي ئېقىپ، مۇقەددەس زېمىننى سۇغۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتىسەن. بىز سېنىڭ بىھېساب تۆھپەڭنى، سۇنماس جاسارىتىڭنى، قۇياشتەك ئىللىق مېھرىڭنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمىز؛ چىنىدەك پاكىز قىرغاقلىرىڭنى، سۈزۈك بۇلاقلاردىن ئۇخچۇپ چىققان شىپالىق تامچىلىرىڭنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسرايمىز. بۇ بىزنىڭ پەرزەنتلىك بۇرچىمىز...

مېنىڭ سۆزلىرىم نېمە ئۈچۈندۇر قىران ئانىنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇپ قويدى.

— بالام، — دېدى ئۇ ماڭا ياش تولغان كۆزلىرىنى تىكىپ، — دۇنيادا ۋاپادار پەرزەنتلەرگۇ كۆپ بولىدىكەن. مانا، سەن يىراقتىن كېلىپ، كۆڭلۈمنى خېلىلا كۆتۈرۈپ

قويدۇڭ. راستىمنى ئېيتسام، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى ئەقىلسىز كىشىلەر يېشىل قىرغاقلىرىمنى قالايمىقان تىلغاپ، پاكىز سۇلىرىمنى خالىغانچە بۇلغاپ، مېنى قاتتىق ئازابقا سېلىۋاتىدۇ. شۇڭا مەن ساڭا ئوخشاش ۋاپادار پەرزەنتلىرىمنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىۋاتىمەن. بالام، سىلەر مېنى بۇ ئازابتىن قۇتقۇزىۋېلىڭلار! ئادەملەر مەدەنىيەتلىك بولغانسېرى، پاكىزلىققا، گۈزەللىككە ئىنتىلىش كېرەك ئىدىغۇ! ئۇلار مېنى نېمىشقا مۇنچىۋالا خارلايدۇ؟! پەرزەنتلەرنىڭ ئۆز ئانىسىنى تاشلىۋېتىشى، ئۇنىڭ پەريادىغا قۇلاق سالماسلىقى، ھەتتا ئۇنى دەردكە، كېسەلگە گىرىپتار قىلىش، ئاجىزلاشتۇرۇشى ئېچىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟! مۇھىتنى ئاسراش سادالىرى ئەۋجىگە چىققانسېرى، مېنىڭ دەرد-ئەلىمىم كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىشەنمىسەڭ مېنىڭ بويلىرىمدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى بىر مەھەل ئوبدانراق كۆزىتىپ باققىن.

مەن قىران ئانىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم ۋە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم. قىران دەرياسىنىڭ بويلىرى بۇرۇن پۈتۈنلەي چىمەنزارلىق بولۇپ، رەڭگارەڭ گۈل-چېچەكلەر بىلەن قاپلىنىپ كېتەتتى. ئالتاي تاغلىرىدىكى سان-ساناقسىز بۇلاقلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان دەريا سۈيى شۇ قەدەر سۈزۈك ئىدىكى، بەش-ئالتە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ھازىر دەريا بويلىرىدا ئادەمنى ئۆزىگە تارتقۇدەك مەنزىرىلىك، چىمەنزارلىق، پاكىز جايلار ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ئاز قاپتۇ. دەرياغا يېقىنلا جايلارغا سېلىنغان ھاجەتخانىلاردىن تارقالغان سېسىق پۇراق ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدۇ.

مەن دەرياغا خالىغانچە ئەخلەت تۆكۈۋاتقان، ئالتۇن ئالىمىز دەپ دەريا قىرغاقلىرىنى ئەسەبىيلەرچە بۇزىۋاتقان كىشىلەرنىمۇ خېلى ئۇچراتتىم. ئىنسانىيەت تەبىئەت ئانىنىڭ قەدرىگە يېتىۋاتقان ۋە تەبىئىي گۈزەللىككە بارغانسېرى ئىنتىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇنداق بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئۈنۈملۈك چەكلەنمەيۋاتقانلىقى مېنى قاتتىق تەئەججۈپلەندۈردى.

ھازىر دەريا سۈيىمۇ بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئازىيىپ كېتىپتۇ ھەم دۇغلىنىپ ئاقىدىكەن. ئوبدانراق سەپ سالغان ئادەم دەريا ئاستىدا ياتقان ئەسكى-تۈسكى لاتىلارنى، ئاياغ كىيىملەرنى، ھەرخىل تاپلارنى، دورا قۇتىلىرىنى، سۆڭەكلەرنى، ئەينەك پارچىلىرىنى كۆرەلەيدۇ. مەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دەريا سۈيى بۇلغىنىپ كەتكەنلىكىدىن زارلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئاشۇ بۇلغانغان سۇنى ئىچىۋاتاتتى.

بۇ ئاچچىق رېئاللىق قىران ئانىغا بولغان ھېسداشلىقىمنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بېشىدىن ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك سەزدىم.

— كۆيۈمچان ئانا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ، — كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىن. پەرزەنتلىرىڭنىڭ بەڭباشلىقىنى، نادانلىقىنى كەچۈرگىن، سېنى بىر مەھەل خاپا قىلغان پەرزەنتلىرىڭنىڭ قەلبىڭدە بەخت نۇرىنىمۇ چاقنىتالايدىغانلىقىغا ئىشەنگىن. ھوشىنى تاپمىغانلار، كۆزىنى ئاچمىغانلار، سېنى داۋاملىق خارلىغانلار ھەسرەت-نادامەت ئوچىقىدا پۇچىلانماي قالمايدۇ.

## تۇرمىدىن كەلگەن سادا

پەرزەنت جاپاسىنى تولا تارتىپ، بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بىچارە ئانا، بىر دەردىڭگە مىڭ دەرد قوشقان ئەقىلسىز پەرزەنتىڭنىڭ بۇ خەتنى ساڭا

قەلەم بىلەن ئەمەس، بەلكى پۇشايمان پىچاقلىرى توختاۋسىز سانجىلىپ، ھەسرەت-پىغانلىرى كېچە يۇ-كۈندۈز ئۆرلەۋاتقان يۈرىكىنىڭ قىزىل قانلىرى بىلەن يېزىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەمسەن؟!

پەرزەنتى ئېرىشكەن كىچىككىنە نەتىجىدىن، پەرزەنتى باسقان ھەر بىر ئوڭۇشلۇق قەدەمدىن ئالەمچە شادلىق تاپىدىغان، چەكسىز بەختكە چۆمۈلىدىغان كۆيۈمچان ئانا، تۈنۈگۈن سېنىڭ ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ۋە كىرپىكلىرىگە چاڭ-توزانلار قونغان كۆزلىرىڭدىن بولدۇقلاپ چىققان قايناق ياشلارنىڭ مېنى قانچىلىك پۇچىلىغانلىقىنى ۋە مېنى قانداق ئازابلىق خىياللارغا سالغانلىقىنى بىلەمسەن؟!

مەن مەكتەپكە تۇنجى قېتىم ماڭغان كۈنىمۇ، بويۇنۇمغا قىزىل گالستۇك تاقاپ، ئۆيگە چەكسىز شادلىق ئىچىدە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىرگەن ۋاقتىمدىمۇ سېنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىڭدىن قايناق تامچىلار تۆكۈلگەنىدى، لېكىن ئۇ تامچىلار سېنىڭ چەكسىز بەخت تۇيغۇسى سىغمىغان قەلب بۇلىقىڭدىن تېشىپ چىققانىدى. ئۇ چاغلاردا سېنىڭ كۆزلىرىڭ ھازىرقىدەك ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتمىگەن، ئۇنىڭدا مۇڭمۇ، ھەسرەتمۇ يوق ئىدى. مەن سېنىڭ ھەر دائىم مېھىر-شەپقەت نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ بىر جۈپ كۆزۈڭگە قارىسام، ئۆزۈمنى گويا ئاسمان بوشلۇقىدا ئەركىن قانات قېقىۋاتقان غەمسىز قۇش بالىسىدەك، يېشىللىققا پۈركەنگەن ساپ ھاۋالىق، كەڭرى يايلاقتا قىنىغا پاتماي، قىيغىتىپ چېپىپ يۈرگەن شوخ تايچاقتەك، مامۇق كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ھۇزۇرلىنىپ ياتقان ساغلام بوۋاقتەك سېزەتتىم.

مەن ئىمتىھانلاردا يۇقىرى نومۇرغا ئىگە بولسام ياكى مەكتەپ تەرىپىدىن بىرەر مۇكاپاتقا ئېرىشسەم، سېنىڭ كۆزلىرىڭ قۇياشتەك نۇرلىنىپ كېتەتتى، ئۆزۈڭنى قويىدىغان يەر تاپالماي، قىلىدىغان ئىشلىرىڭنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتىڭ، شادلىقتىن تۈنلەردە كىرپىكلىرىڭمۇ ئىلىنمەي قالاتتى. مەن ئېرىشكەن ھەر بىر ئۇتۇققا ھەددى-ھېسابسىز قان-تەرلىرىڭ سىڭىپ كەتكەنلىكىنى، مەن ئالغا تاشلىغان ھەر بىر قەدەم سەن بەرگەن كۈچلۈك مەدەت ۋە ئىلھاملارنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايتتىڭ. مەن مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن سەن ماڭا ئۆگەتكەن رەقەملەر بىلەن ھەرپلەر ئۇستازلىرىم بىلەن ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا يۈزۈمنى يورۇق، كۆڭلۈمنى توق قىلغانىدى، ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمنى كۈلدۈرۈپ، ئەندىشىلىرىمنى يوق قىلغانىدى، لېكىن سەن ئۆزۈڭنىڭ پەرزەنتىڭنىڭ ئۆمران قەلبىگە بىلىم ئۇرۇقلىرىنى چاچقان ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ جاپاكەش باغۋەن ئىكەنلىكىڭنى زادىلا بىلمەيتتىڭ. چۈنكى سەن پەرزەنتىڭنى ياراملىق ئادەم قىلىش يولىدا سىڭدۈرگەن بىھېساب ئەجىرلىرىڭنى تۆھپە دەپ قارىمايتتىڭ. شۇڭا ئۇلار سېنىڭ كۆزلىرىڭگە زادىلا كۆرۈنمەيتتى.

مەن بىر كۈنى مەكتەپتىن كېلىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشتۈم. ئۆيگە بۇرنۇم قانىغان ھالدا يېتىپ كەلدىم. شۇ چاغدا مېنى كۆرۈپ، كۆزلىرىڭ چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالغانىدى. بىر نەچچە كۈنگىچە گېلىڭدىن تاماقمۇ ئۆتمەي، چىرايىڭ سارغىيىپ، كۆزلىرىڭ ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپلا كەتكەنىدى. ماڭا شۇ چاغدا خۇددى قان مېنىڭ بۇرنۇمدىن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ يۈرىكىڭدىن ئېقىپ، سېنى قاتتىق ھالسىرىتىپ قويغاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى.

جېنىم ئانا، شۇ ۋەقەدىن كېيىن، سەن ماڭا ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە سۈت، تۇخۇم، شورپا ۋە قان تولۇقلايدىغان ھەر خىل دورىلارنى ئۈزمەي بېرىپ تۇردۇڭ. مېنى شەھەردىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا بىر قانچە قېتىم ئېلىپ بېرىپ، قايتا-قايتا

تەكشۈرتتىڭ، تومۇرلىرىمدىكى قانىڭ ئازىيىپ كەتمىگەنلىكىگە، نورمال ئېقىۋاتقانلىقىغا كۆزۈڭ تولۇق يەتكەندىن كېيىن، كۆڭلۈڭ ئورنىغا چۈشۈپ، چىرايىڭغا قايتىدىن قىزىللىق يۈگۈردى.

پەرزەنتىڭ بەدىنىگە تەگكەن بىر تال چالمىنى ئۆز يۈرىكىگە قادالغان خەنجەر ھېسابلايدىغان شەپقەتلىك ئانا، مۇبادا مەن مەكتەپتىن كېچىكىپ قايتسام، يولۇمغا تولا قاراپ، كۆزلىرىڭ تېشىلگۈدەك بولاتتى، ھەتتا سوغۇقى جاندىن ئۆتىدىغان قىش كۈنلىرىمۇ كوچىغا چىقىپ، مەن كېلىدىغان يولغا ئەندىشە بىلەن تولغان كۆزلىرىڭنى تىكىپ، مېنى ساقلاپ تۇراتتىڭ. قىش ئاسمىنى بەزىدە سېنىڭ ئۈستۈڭگە مامۇق قارلىرىنى كەينى-كەينىدىن قوندۇرۇپ، سېنى خۇددى چۆچەكلەردىكى خاسىيەتلىك مومايلارغىلا ئوخشىتىپ قوياتتى، لېكىن مەن سېنىڭ قارغا كۆمۈلۈپ تۇرغىنىڭنى كۆرۈپ: «ئانا، نېمانچە ئەنسىزلىك قىلىدىغانسەن؟!» دەپ رەنجىيتتىم. سەن بولساڭ، مېنىڭ بۇنداق قوپاللىقىمغا پەرۋامۇ قىلماي، «يائاللا، بالام، خۇداغا شۈكرى، ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلدىڭمۇ؟!» دەپ، چەكسىز شادلىق ئىچىدە يۈز-كۆزۈمنى سىلاپ كېتەتتىڭ. شۇنداق چاغلاردا قوللىرىڭدىن تارقىغان كۈچلۈك ھارارەتنىڭ بەدىنىمنى ئىسسىتىۋاتقانلىقىنى، مېڭەمدىكى ھارغىنلىقنى تارقىتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق سېزەتتىم.

بىر كۈنى مەكتەپتىن خېلىلا كەچ قايتتۇق، ئەتراپقا قاپقارا تۈن پەردىسى تارتىلىشقا باشلىغانىدى. ئاسمانىدىكى ئاي بىلەن يۇلتۇزلارمۇ قېلىن بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە مۆككەنىدى. بىزنىڭ ئۆيگە بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا ئەمدىلا كېلىشىمىزگە سول تەرەپتىكى قېلىن دەرەخلىكنىڭ ئارىسىدىن بىر توپ لۈكچەك چىقىپ كەلدى-دە، يولىمىزنى توسىۋالدى. بىزنىڭ ئارىمىزدا قىز ساۋاقداشلارمۇ بار ئىدى. لۈكچەكلەر ئۇلارغا ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ: «يولنى بوشىتىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدىم. لۈكچەكلەر ئالا-تاغىل تۈۋلاپ، ماڭا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئەلپازى ھەقىقەتەنمۇ يامان ئىدى. ئۇلار مېنى بىردەمدىلا ئوجۇقتۇرۇپ تاشلايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇڭلاشقا بەدىنىمگە ئىختىيارسىز تىترەك ئولاشتى. بۇ چاغدا قىزلارمۇ قېچىپ، چوڭ يولغا چىقىپ بولغانىدى. ماڭا ئەمدى ئىتتىكرەك قېچىپ قۇتۇلۇشتىن باشقا يول قالمىغانىدى. بىراق دەل شۇ پەيتتە ئاغزىدىن ھاراقنىڭ سېسىق ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرغان بىر لۈكچەك ياقامغا ئېسىلدى. مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن «ئانا!» دەپ ۋارقىراپ، يىغلاشقا باشلىدىم. ھېلىقى لۈكچەك: «ئۈنىڭنى چىقارما، ئىتنىڭ بالىسى!» دەپ تىللاپ، گېلىمنى ھەدەپ بوغقىلى تۇردى. ئەگەر شۇ ئەسنادا چوڭ يول تەرەپتىن ئىتتىك يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەن بولسا، مېنىڭ شۇ كۈنى ئۆيگە يېتىپ بېرىش-بارالماسلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئىدى.

شۇ كۈنى كىشىلەر مېنى لۈكچەكلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆيگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇشتى، لېكىن مەن «ئۆزۈم قايتاي» دەپ، ئۇنىماي تۇرۇۋالدىم. چۈنكى مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى پاراكەندە قىلىپ، ئازابقا سېلىشنى خالىمايتتىم. شۇڭلاشقا بۈگۈنكى قورقۇنچلۇق ۋەقەنى ساڭا زادىلا بىلىندۈرمەسلىكنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانىدىم. شۇ كۈنى ئۆيگە يالغۇز قايتىپ كېلىۋېتىپ، سېنىڭ بۇرۇنقى ئورنىڭدا يولۇمغا تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىڭنى كۆردۈم. مېنى يىراقتىنلا تونۇپ، يېنىمغا ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدىڭ. تىترەك ئولاشقان بەدىنىمگە يۇمشاق ئالقانلىرىڭدىن تارقىغان

كۆچلۈك ھارارەت چەكسىز ئارام بېغىشلىدى، لېكىن بەدىنىمدىكى تىترەكنىڭ بىردىنلا يۈز-كۆزلىرىمنى سىلاۋاتقان قوللىرىڭغا كۆچۈۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدىم. سەن شۇئان تىترەۋاتقان قوللىرىڭ بىلەن بېشىمنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە تىكىلدىڭ. تۈن پەردىسى شۇنچە قارا ھەم شۇنچە قېلىن بولسىمۇ، لېكىن سېنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىڭدىن ھېچنەرسىنى، ھەتتا پەرزەنتىڭنىڭ قەلبىدە كۆمۈلۈپ ياتقان سىرلارنىمۇ يوشۇرۇپ قالالمىدى. سەن ئوغلۇڭنىڭ كۆڭلى ئازار يېگەنلىكىنى، يۈرىكى مۇجۇلغانلىقىنى بىلىۋالدىڭ ۋە مېنى ئىسسىق باغرىڭغا چىڭ ياقتىڭ. قۇلىقىمغا يۈرىكىڭنىڭ ئەنسىز سوقۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئاڭلاندى. قوللىرىڭدىكى تىترەك پۈتۈن بەدىنىڭگە ياماشتى. ئاغزىڭ گەپكە كەلمەي قالدى. شۇڭلاشقا ساڭا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. چۈنكى مەن لۈكچەكلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلغان بىلەن سەن قاتتىق ئازابنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈۋاتاتتىڭ.

ئاشۇ ئازاب سېنى ئۇزۇن يىللارغىچە قىينىدى. ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكى كۆزلىرىڭدىن ئۇيقۇ قاچۇردى، يۈزۈڭگە قورۇقلارنى سالدى، قاپقارا چاچلىرىڭنىڭ ئارىسىغا كۈمۈش يىڭنىلەرنى سانجىدى.

ئاشۇ ۋەقە سېنىڭ لۈكچەكلەرگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىڭنى ئۆچمەس گۈلخانغا ئايلاندۇرغانىدى. بىچارە ئانا، سەن ئۆز ئوغلۇڭنىڭمۇ ئاشۇ لۈكچەكلەرگە ئوخشاش جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە قېلىشنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان بولغىيتتىڭ. سەن مېنىڭ بىلىم چوققىسىغا يامىشىشقا باشلىغانلىقىمغا ۋە سۈرەتتەك تاغ بەللىرىدە ئۆسۈۋاتقان يۇمران نوتىلاردەك بەستىمگە قاراپ، پارلاق ئىستىقبالىمنى كۆرگەندەك بولاتتىڭ، شادلىق دېڭىزىغا غەرق بولاتتىڭ. مېنى ئۆزۈڭنىڭ قەلب ئاسمىنىدىكى ئۆچمەس ئۈمىد يۇلتۇزى ھېسابلايتتىڭ. جېنىم ئانا، ئاشۇ يۇلتۇزنىڭ تۇيۇقسىز ئېقىپ چۈشۈشى پەرزەنت ئوتىدا تولا ئۆرتىنىپ، كاۋاپقا ئايلىنايلا دەپ قالغان يۈرىكىڭنى قانچە ئازابلىغاندۇ؟! بۇرنۇمدىن ئاققان بىر نەچچە تامچە قان شۇنچە ئەندىشىگە سالغان يۈرىكىڭ پەرزەنتىڭنىڭ قولىغا كويزا سېلىنغان دەھشەتلىك مىنۇتلارنىڭ ئازابلىرىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىگەندۇ؟! شۇ كۈنى ئاخشىمى ماڭا گويا كويزا مېنىڭ قولۇمغا ئەمەس، بەلكى سېنىڭ تىنىم تاپماس ئۇرۇق قوللىرىڭغا سېلىنغاندەك تۇيۇلۇپ مېنى چەكسىز چوڭقۇر ئازاب دېڭىزىغا تاشلىغانلىقىنى بىلەمدىغانسەن؟! بۇ كويزىنى باشقىلار ئەمەس، بەلكىم ئۆزۈم سالغانلىقىمنى ئويلىسام، پۇشايمان ئوتلىرىدا پۇچىلىنىپ كېتىمەن، ئاياغلىرىڭغا يىقىلىپ، سېنىڭدىن ئۆمۈرۋايەت ئەپۇ سورىغۇم كېلىپ كېتىدۇ.

جېنىم ئانا، ئاجىز تېنىڭنى سۆرەپ، پەرزەنتىڭ بىلەن دىدارلاشقىلى ھەر قېتىم كەلگىنىڭدە مېنى كۆرۈپ ئۇزاققىچە گەپ قىلالماي قالىسەن، لېكىن ئالەمچە ھەسرەتكە تولغان كۆزلىرىڭدىن توختىماي تۆكۈلىدىغان ياشلار ماڭا قەلبىڭدە كۆمۈلۈپ ياتقان پۈتمەس-تۈگىمەس گەپلىرىڭنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىدۇ. تۈرمىگە شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كېلىسەن، لېكىن بۇ يوللار كۆزلىرىڭگە كۆرۈنمەيدۇ. يولبويى ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلىرىڭ يېرىلىپ كېتىدۇ. لېكىن مېنى كۆرۈپلا تەشنالىقىڭ قانغاندەك بولىدۇ. ئۈستىبېشىڭغا قونغان چاڭ-توزانلار كۆزۈمگە خۇددى سېنى بېسىپ تۇرغان ئۇششاق تاغلاردەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. ئۆڭۈپ كەتكەن كىيىم-كېچەكلىرىڭ سۇنۇق كۆڭلۈڭدىن خەۋەر بېرىپ تۇرىدۇ.

سەن تۈرمىگە پەرزەنتىمنى كۆرۈپ، سۇنۇق كۆڭلۈمگە بىر ئاز بولسىمۇ ئارام تاپىمەن دەپ كېلىسەن، لېكىن يۈرەك-باغرىڭنى تېخىمۇ جىق قان-زەرداپقا تولدۇرۇپ كېتىسەن. سەن بۇ يەردىن خۇددى بىرى سۆرەپ تارتىۋاتقاندەكلا ئايرىلىسەن، لېكىن

مۇڭلۇق كۆزلىرىڭ كەينىمدە قالدى.

كۆيۈمچان ئانا، بۇرۇن مەن تۇرمىگە چۈشكەنلەرنىڭ ھەممىسنى ئىنتايىن ياۋۇز، قارا نىيەت ھەم شەپقەتسىز كىشىلەر بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم، ھەتتا تۇرمە كادىرلىرى بىلەن ساقچىلارمۇ كۆزۈمگە ئاجايىپ سۈرلۈك، قوپال، سوغۇق ھەم رەھىمسىز كۆرۈنەتتى. تۇرمىگە پەقەت ئاتا-ئانىلىرىغا ۋاپا قىلمايدىغان، غەرەز ئۇقمايدىغان كىشىلەرلا چۈشىدۇ دەپ قارايتتىم. تۇرمە كادىرلىرىدا مېھىر-شەپقەت، كۆيۈمچانلىق ئىنسانپەرۋەرلىك ئاز بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلاتتىم. ئىككى يىللىق تۇرمە ھاياتى مېنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرلىرىمنى پۈتۈنلەي بەربات قىلىۋەتتى. ئانا بىلەمسەن، تۇرمىگە قامالغانلارمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاش ھېسسىياتچان ئادەملەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاقكۆڭۈل، كۆيۈمچان، مۆمىن، ۋىجدانلىق، قولى ئوچۇق كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپى قانۇن بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، يېتەرلىك تەربىيە كۆرمىگەچكە، ساددا ھەم نادان بولغاچقا، «ۋىجدانىنى ساقلىدىم» دەپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىنىمۇ تۇيماي قالغان، بەزىلىرى ئاچچىقىنىڭ، ھېسسىياتىنىڭ، بىردەملىك كۆڭۈلىنىڭ ياكى ئەرزىمەس راھەت-پاراغەتنىڭ كەينىگە كىرىپ، جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭا ئۇلارمۇ خۇددى ئوغلۇڭغا ئوخشاش پۇشايمان ئىلكىدە ياشايدۇ، بۇ يەردىن ئىتتىكرەك چىقىپ كېتىشنى، ئاتا-ئانىلىرى بىلەن، ئۇرۇق-تۇغقان، ارۇ-بۇرادەرلىرى بىلەن بىللە ياشاشنى، يۇرتداشلىرىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ ئەپۇ لىشىغا ئېرىششنى، يېڭىچە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، قالغان ئۆمرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى ارزۇ قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق پاك ئارزۇ ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتىپ، كۆزىنى روشەنلەشتۈرىدۇ، ئۇلارنى تۇرمىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە ئاڭلىق بويسۇنۇشقا، بىجانىدىل ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئانا، ئاڭلاۋاتامسەن، ھاياتقا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان ئاشۇنداق جىنايەتچىلەر بۇ يەردىن كېسىم مۇددىتى توشماستىنلا چىقىپ كېتەلەيدىكەن. قىسقىسى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويالايدىغان كىشىلەرگە بۇ يەردىمۇ چىقىش يولى ئىنتايىن كەڭ ئىكەن. جېنىم ئانا، مۇشۇ كەڭ يول مېنى پات ئارىدا كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئاشۇ ئىللىق ئائىلىمىزنىڭ قوينىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەندىم. شۇ چاغدا ساڭا قانداق سوۋغا تەقدىم قىلىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟! كۆيۈمچان ئانا، شۇ تاپتا سەن بەلكىم تۇرمىدە ياتقان بىچارە ئوغلۇمنىڭ ماڭا تەقدىم قىلغۇدەك قانداق سوۋغىسى باردۇر دەپ ھەيران بولۇۋاتقانسەن؟! ئوغلۇڭنىڭ قىممەتلىك سوۋغىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان چېغىڭدا، سانسىزلىغان كۈمۈش يۇلتۇزلار سانجىلغان بېشىڭ كۆككە يەتمەي قالارمۇ؟!

جېنىم ئانا، سەن مېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتىڭ. لېكىن ئوغلۇڭنىڭ قولىغا سېلىنغان كويزا سېنىڭ ئەمدىلا پورەكلەپ ئېچىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئارزۇ گۈللىرىڭنى بىردىنلا توزىتىپ تاشلىغانىدى. مەن تۇرمىگە چۈشكەن دەسلەپكى كۈنلەردە سېنىڭ ئۈمىد چىرىغىڭنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغانلىقىمنى تولا ئويلاپ، چايان چاققاندەك قىينىلىپ يۈردۈم. لېكىن ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئۈمىدسىزلىك مېنىڭ چىقىش يولۇم ئەمەسلىكىنى، ھەسرەت چېكىش بىلەن سېنىڭ روھىي يۈكىڭنى يەڭگىل- لىتەلمەيدىغانلىقىمنى روشەن ھېس قىلىشقا باشلىدىم. مەن تۇرمىدىكى ھاياتنى زادى قانداق ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك دېگەن سوئال ئۈستىدە كۆپرەك باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ ئەمەلىيەتتە قايسى يولنى تاللاشتىن ئىبارەت جىددىي سىناق ئىدى.

تۇرمە ئىچىدە بۇ سىناقتىن ئۆتەلىگەنلەرمۇ، ئۆتەلمىگەنلەرمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ مېڭىۋاتقان يولىمۇ، ياشاش مۇددىئاسىمۇ ئوخشىمايتتى. بىر قىسىم جىنايەتچىلەر مېڭىۋاتقان يول ھەم قاراڭغۇ، ھەم تار، ھەم خەتەرلىك بولۇپ، كىشىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالاتتى. بۇ يولغا چۈشكەن جىنايەتچىلەر ئۈمىدسىزلىك، روھىي چۈشكۈنلۈك، قاراملىق، ئۆچمەنلىك ھەم پاراكەندىچىلىك ئىچىدە مەنىسىز ھايات كەچۈرەتتى، ھەتتا تۇرمە ئىچىدىمۇ قانۇنغا خىلاپ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، جىنايىتىنى ئېغىرلاشتۇراتتى.

جېنىم ئانا، مەن تۇرمىنىڭ سۇرلۇك دەرۋازىسىدىن كىرىپ كۆپ ئۆتمەيلا ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ قورشاۋىدا قالدىم. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ماڭا توغرىدەك، يوللۇقتەك بىلىندى. چۈنكى مەن ئەينى چاغدا ھاياتتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىمنى ئۈزگەن ئىدىم. ئۆزۈمنى بىراقلا تۈگەشكەن ئادەم ھېسابلايتتىم. شۇڭا ھېلىقى كىشىلەرگە ئەگىشىپ، بىر-ئىككى قېتىم ھاراق ئىچتىم. ئەسلىدە بىزنىڭ ھاراق ئىچىشىمىزگە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايتتى. شۇڭا ئەترەت كادىرلىرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدىم. بۇ ئاچچىق ساۋاق مېنى خېلى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى.

ئانا، مەن ئەمدى ساڭا قەلبىمدە ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغان ئۈمىد چىرىغىنى كىملەرنىڭ قايتىدىن ياندۇرغانلىقىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرەي.

بىر كۈنى ئەترەت مەسئۇلى ماڭا يېقىندا رادىئو-تېلېۋىزىيە داشۆسىگە يېڭىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا مېنىڭ ئىمتىھانغا پۇختا تەييارلىق قىلىشىم كېرەكلىكىنى، ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلارغا ئەترەت تەرىپىدىن مەخسۇس دەرس تەكرارلاش ۋاقتى چىقىرىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. ماڭا گويا كۆكۈل ئاسمىنىدىن تۇيۇقسىز ئېقىپ چۈشكەن بىر يۇلتۇز قايتىدىن چاقناشقا باشلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئاشۇ يۇلتۇز مېنى تۇرمە ئىچىدىكى مەنىلىك ھايات قوينىغا باشلاپ كىردى. مەن ئۇ يەردىن كۆپلىگەن دوستلارنى تاپتىم. ئۇلارنىڭ قەلبى ھامان يورۇقلۇققا ئىنتىلەتتى. ھاياتقا بولغان سۆيگۈ ھەم ئەقىدىسى ئۆزگەرمىگەن بۇ كىشىلەر دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆگىنىشكە بېغىشلايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ روھىي مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى غەشلىكنى ئاللىقاياقلارغا قوغلىۋەتتى. شۇڭلاشقا مەن زېھنى كۈچۈمنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىپ، مەنىلىك تۇرمۇشنىڭ مېغىزىنى چېقىشقا باشلىدىم.

شەپقەتلىك ئانا، ئوغلۇڭ ھازىر رادىئو-تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى ئېلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇ ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ھەم قىممەتلىك سوۋغا تاپالمايدىغانلىقىنى، بۇ سوۋغا سېنىڭ قاغجىراپ كەتكەن ئۈمىد دەرىخىڭگە قايتىدىن يېشىللىق ئاتا قىلالايدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ساڭا مۇشۇ سوۋغىنى تەييارلاش يولىدا تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشكە، تالاي جاپالارنى تارتىشقا مەجبۇر بولدى. روھىي ئالەمى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن بەزى كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىشاتتى، ئۇنىڭغا زەھەرلىك تىل-ئاھانەتلەرنى ياغدۇراتتى. لېكىن بۇ جاپالار پەرزەنتىڭنىڭ ئىرادىسىنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمىدى. چۈنكى بالىسىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەپ مۇكچىيىپلا قالغان بىچارە ئانىنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇرمە كادىرلىرىمۇ ئۇنىڭ قەلبىنى ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن ئىللىتىپ، ئۇنىڭغا تاغدەك يۆلەنچۈك بولۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ قايتىدىن تۇتاشقان غايە مەشئىلىنى تۇرمۇشنىڭ

بوران-چاپقۇنلىرى ئۆچۈرۈپ تاشلىيالمىدى.

مېھرىبان ئانا، تۈرمىگە ھەر قېتىم چىققىنىمدا ئەنسىزچىلىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىڭنى مەندىن ئۈزەلمەي، تىترەك ئۇلاشقان ئۇرۇق قوللىرىڭ بىلەن يۈز-كۆزۈمنى توختىماي سىلاپ كېتىسەن. مېنىڭ تۈرمىدىكى ئەھۋالىمنى ئون قېتىملاپ، يىگىرمە قېتىملاپ سوراپ كېتىسەن. «بالام ئاچ قالمىسۇن» دەپ بىر تالاي يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىسەن. مەن ساڭا بۇ يەردىكى ھاياتىم توغرىسىدا نۇرغۇن قېتىم سۆزلەپ بەرگەن بولساممۇ، زادىلا ئىشەنگۈڭ كەلمىدى. مېنى ئۇ گەپلەرنى سېنى خاتىرجەم قىلىش مەقسىتىدە توقۇپ چىقىرىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدىڭ. راستىمنى ئېيتسام، بۇرۇن مەنمۇ جىنايەتچىلەر پۇت-قولىغا كويزا-كىشەن سېلىنغان ھالدا قاپقاراڭغۇ، زەي، پاسكىنا، سېسىقچىلىق قاپلاپ كەتكەن تۈرمە ئىچىدە قىستىلىشىپ ياتىدۇ. ئۇلارغا تويغىدەك تاماقمۇ بېرىلمەيدۇ، تۈرمە كادىرلىرى ئۇلارنى خالىغانچە ئۇرۇپ-تىللاپ ئەمگەككە سالىدۇ دەپ ئويلايتتىم. لېكىن مەن بۇ يەردە پۈتۈنلەي باشقىچە دۇنيا بىلەن ئۇچراشتىم. تۈرمىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلمايدىغان، ياخشى ئۆزگىرىشنى خالايدىغان، تەربىيىنى قوبۇل قىلىدىغان جىنايەتچىلەر بۇ يەردە نورمال ھايات كەچۈرەلەيدىكەن. ئۇلارنى ئۇرۇش-تىللاش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدىكەن. تۈرمە كادىرلىرى، بولۇپمۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىدىغان خادىملار جىنايەتچىلەرگە خۇددى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا، دوختۇر كېسەلگە، ئاتا-ئانا پەرزەنتىگە مۇئامىلە قىلغاندەك ھەم ئىللىق، ھەم ئىلمىي، ھەم قىزغىن، ھەم ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىكەن. تۈرمە ئىچىدە يارامىلىق ئادەملەرنى تەربىيىلەش مەكتەپلىرى ئېچىلىپتۇ. بۇ مەكتەپلەردە ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىدىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىغىچە بار ئىكەن. جىنايەتچىلەر ئوقۇش، ئوقۇتۇش، رەسىم سىزىش، خەتتاتلىق، گىلەم توقۇش، تېلېۋىزور ھەم گېزىت-ژۇرنال كۆرۈش، رادىئو ئاڭلاش، ساز چېلىش، توپ، شاخمات ئويناش قاتارلىق مەدەنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشالايدىكەن.

ئانا بىلەمسەن، تۈرمە كادىرلىرى ھازىر مېنىڭ كۆزۈمگە ئىنتايىن ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار شۇ قەدەر قاتتىق تەلەپچان ھەم شۇ قەدەر كۆيۈمچان. مەن زېمىن ئۈستىگە خالىسانە بىر كۆچەت تىكسەم، ئۇلار شېرىن مېۋىگە ئېرىشكەندەك شادلىنىپ كېتىدۇ. ياخشى ئۆزگىرىۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆيىدىن بىرەر شۇم خەۋەر يېتىپ كەلسە، ئۇلار خۇددى يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك ئازابلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ماڭا بىر قانچە يىلدىن بېرى قانچىلىك غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى سۆزلەپمۇ تۈگىتەلمەيمەن. ئەگەر ئۇلار مېنى يىراق-يىراق جايلاردىن مېڭىپ تەسلىكتە تېپىلغان ھەر خىل ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا تەمىنلەپ تۇرمىغان بولسا، مېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرەلىشىم ۋە ساڭا ھېلىقى قىممەتلىك سوۋغىنى تەييارلىيالىشىم زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كۆيۈمچان ئانا، بۇ يەردىكى بەزى جىنايەتچىلەرنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى زادىلا يوقلاپ كەلمەيدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلار كۆپ ھاللاردا روھىي چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ياشايدىكەن. مەن تۈرمە ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقان مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ھەيران قالىمەن. ئۇلار قانۇن تورى ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىۋاتقان قېرىندىشىنىڭ قەلبىدىكى مۇزلارنى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ نۇرى بىلەن ئېرىتىشتىن نېمىشقا ئۆزىنى قاچۇرىدىغاندۇ؟! ئۇلار بەختسىزلىككە ئۇچرىغان قېرىندىشىنىڭ روھىي يۈكىنى

نېمىشقا ئېچىمۇ ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدىغاندۇ؟! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىنىڭ تۈرمە ئىچىدىكى تۇغقىنىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە جاراڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى راستىنلا بىلمەمدىغاندۇ؟! جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان قېرىندىشىنىڭ قولىدىن تارتماسلىق، ئىگراپ ياتقان كېسەل تۇغقىنى بىلەن كارى بولماسلىق، ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئىستىقبال مەشئىلىنى ئېچىمۇ يىراققا تاشلىۋېتىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل جىنايەت ئەمەسمۇ؟!

ئانا، ئىپادىسى ياخشى جىنايەتچىلەرنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يوقلاپ كەلمىسە، تۈرمە كادىرلىرى ئۇلاردىنمۇ قاتتىقراق ئازابلىنىپ كېتىدىكەن، لېكىن بىزگە مۇشۇنداق ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان بۇ كادىرلارنىڭ بەزىلىرى جىنايەتچىلەر ئىچىدىكى بىر ئوچۇم قارانىيەتلەرنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلغان ھۇجۇم، تۆھمەت ھەم ھاقارەتلىرىگە پات-پات ئۇچراپ تۇرىدىكەن. مەن بۇ جاپاكەش كىشىلەر ئۆزلۈكسىز ئۇچراۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەرگە قاراپ، بۇ دۇنيادا جىنايەتچىلەرنى باشقۇرماقتىنمۇ تەس ئىش بولمىسا كېرەك دەپ ئويلاپ كېتىمەن. ئاشۇ كۆيۈمچان كىشىلەرگە قەستەن ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىۋاتقان جىنايەتچىلەرگە ئىچ-ئىچىمدىن لەنەت ئوقۇپ كېتىمەن. كۆڭلى قارا ئادەملەر ئۆزلىرىنى سۆزۈك سۈيى بىلەن تەمىنلەۋاتقان بۇلاققا يۇندا تۆكۈپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە ئامراق بولىدىكەن.

جېنىم ئانا، تۈرمە ھاياتى ماڭا ئەركىنلىكنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. تۈرمىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك بولسىمۇ، لېكىن بىز يەنىلا قانۇن تورىنىڭ ئىچىدە ياشايمىز. ئۆزىمىزنى گويا قەپەستىكى قۇشتەك ھېس قىلىمىز. شۇڭا بىپايان سامادا ئەركىن پەرۋاز قىلىشنى كېچە-كۈندۈز ئارمان قىلىمىز. ئەگەر مەن ھېلىقى كۈنى ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمىگەن بولسام، مۇشۇ تار قەپەسنىڭ ئىچىگە قامىلىپ قالارمىدىم؟! بىچارە ئانا، شۇ كۈنى ئاچچىقىمغا ھاي بەرگەن بولسام، سەن تاغدىنمۇ ئېغىر دەرد-ئەلەمنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلىنىپ قالمىغان بولاتتىڭ. ساپ نىيەتلىك كىشىلەر قەلبىمدىكى جاراھەتلەرنى ئىنسانپەرۋەرلىك نۇرى بىلەن ئۈزلۈكسىز داۋالاپ تۇرغاچقا، بەزىدە ئۆزۈمنىڭ تۈرمە ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن. ئانا، مەن بۇ يەردىن بىراقلا چىقمىغۇچە، سېنىڭ دەرد-ئەلەملىرىڭ چاڭگىلىدىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلالمايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. شۇڭلاشقا ياخشى ئۆزگىرىپ، يېڭى ئادەم بولۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يارامىلىق ئادەم بولۇش، جازا مۇددىتىنى تېز ئارىدا ئاياغلاشتۇرۇپ، سېنى دەرد-ئەلەملىرىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلدۇرۇش مېنىڭ يۈكسەك ئارزۇيۇمغا ئايلىنىپ قالدى. كۆيۈمچان ئانا، مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگىن.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



نۇرگۈل يۇنۇس

# ئېتىقاد شۇنداق تۇغۇلىدۇ

(ئەدەبىي ئەخبارات)

## مۇقەددىمە

بۇ جاي شۇنداق جاي: سىزنىڭ غايەڭنى، خاراكتېرىڭنى يېتىلدۈرىدۇ، كەلگۈسى ئىستىقبال يولۇڭنى ئېچىپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ يولنى ئۆزۈڭ مېڭىشىڭ، مۇستەقىل ئىلگىرىلىشىڭ كېرەك. چۈنكى بۇ يەردىكى نۇرغۇن ۋاقىت سىزنىڭ ئىشلىتىشىڭنى كۈتمەكتە.

چوڭ دەرۋازىدىن كىرىشىڭگىلا كۆزگە تاشلىنىدىغان چىملىقلار، دەرەخلىكلەر، گۈللۈكلەر، چىرايلىق ئوقۇتۇش بىنالىرى، پاكىز ھەم رەتلىك كىيىنىشكەن ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مۇھىتىغا تېخىمۇ رەڭدارلىق ئاتا قىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا مۇئەللىم بىزگە مۇنداق دەيدىغان: «ھازىر تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار، ئالىي مەكتەپتە ئوينىۋالسىلەر، ئالدى بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ ئويۇننى شۇ چاغلاردا ئويناشقىلارمۇ كېچىكمەيسىلەر...» بەلكىم بۇ سۆزنىڭ مەلۇم ئاساسى بولۇشى مۇمكىن، جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسى ھەم مەلۇم كەيپىياتلار بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ قويىدۇ.

ھازىر بىلىم تاۋارلىشىۋاتقان دەۋر. قىسقا مۇددەتلىك، ئېھتىياجلىق كەسپلەرنى ئوقۇپ چىققانلار قارشى ئېلىنماقتا. لېكىن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئوقۇشنى تاماملاپ، تەنتەنە بىلەن دىپلوم كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەرگە ئورۇن يوق، ياكى ئورۇن توشۇپ قالغان. بەزى شىركەتلەر يۇقىرى سەۋىيىلىك كىشىلەرگە يۇقىرى مۇئاش بېرىشتىن قورقۇپ خىزمەت بەرمەيدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆگەنگەن كەسپىنى ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار كەمچىل. بەش يىللىق تولۇق كۇرس تاماملىنىپ بولغىچە ئوقۇغۇچىلار كەڭ دائىرىدە مۇناسىۋەت تورى يېيىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا جەمئىيەتكە دىپلوم، ئۇنۋان كۆتۈرۈپ چىقىپ ئېرىشىدىغىنى قاتىراش، ئىش كۈتۈش بىلەن ۋاقىت ئىسراپ قىلىش بولىدۇ، خالاس.

مانا بۇلار كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئويلاپ يۈرگىنى ھەم ئادەتتە دەپ يۈرىدىغان گەپ-سۆزلىرى. يۇقىرىقى سەۋەبلەردىنمىكىن ياكى جەمئىيەتنىڭ يۈنىلىشى

بويىچە پۇلپەرەسلىك ئېڭىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىنمىكىن، ھازىر كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىش ۋە ئىلىم توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر ئانچە يېقىپ كەتمەيدۇ. توغرا، پۇل بولمىسا، بايلىق بولمىسا، بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئورۇن بولمىسا، ھېچ ئىشنى ئەپلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئەمما بىلىم بولمىسا، ئۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ بىز مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن ئادەتلىرىمىز ناچار: كۇتۇپخانا، سىنىپ قاتارلىق ئۆگىنىش ئورۇنلىرى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولغان، بىز بولساق مەكتەپ كۇلۇبى، تانسىخانا، يۇرتلۇقلار ئولتۇرۇشى، تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى، كەچلىك سەيلە ۋە جەمئىيەتتىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ھاياجان بىلەن ياشلىق باھارىمىزنىڭ لەززىتىنى سۈرىمىز...

ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، قۇربان بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ھېسسىياتتىن غالىب كېلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ھەر بىر ئېرىشكەن ئۇتۇق ئۈچۈن بەدەل تۆلەش كېرەك. بەدەل تەلەپ قىلمايدىغان نىشان، ئېتىقاد تەلەپ قىلمايدىغان جاسارەت ۋە قەيسەرلىك، قان-تەر تەلەپ قىلمايدىغان ئەمگەك مەۋجۇت ئەمەس. بىز كۆپ ھاللاردا ئەيىبنى باشقىلاردىن، غەلىبىنى ئۆزىمىزدىن كۆرىمىز، بىز ئەيىبنى ئۆزىمىزدىن ئىزدەپ باقايلى! ئەنە شۇ چاغدىلا ھېچنېمىدىن ئاغرىنمايدىغان غالىبلارغا ئايلىنىپ، كەلگۈسىدىكى ئىستىقبالىمىزدىن ئەندىشە قىلمايدىغان بولىمىز.

قاراپ باقايلى: ئۇ ئەنە شۇنداق غالىب، شۇنداق ئىستىقباللىق ياش، چۈنكى ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە يىمىرىلمەس ئېتىقادقا ئىگە بولغان. چۈنكى ئۇ نۇرغۇن توسالغۇلار ئۈستىدىن غالىب كەلگەن!

## 1. ئۇ كىم؟

ھېچكىم تۇغۇلىدىغان مۇھىتنى ئۆزى تاللىۋالالمايدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەھشەتلىك بورىنى ئۇنىڭ بولغۇسى ئاتا-ئانىسىنىڭ شۇنداقلا ئاشۇ بىر دەۋر ياشلىرىنىڭ يۇقىرى بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى.

ئۇلار — تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن قىرىقچە ئوقۇغۇچى «زىيالىي ياشلار» سۈپىتىدە قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ يىراق ئورمانچىلىق مەيدانىغا تەقسىم قىلىنغان ئىدى. تەقدىر ئۇنى ئاقكۆڭۈل، تۈز، بىر-بىرىنى چۈشىنىدىغان، خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلەيدىغان ھالال ئائىلىدە دۇنياغا كەلتۈردى. بەزى ھاللاردا «تەبىئىي مۇھىتنىڭ بېكىكلىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ بېكىكلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ». بۇ پۈتۈنلەي جۇغراپىيىلىك ئامىل ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. بېكىك مۇھىت — قالاقلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، ئۇ مۇشۇنداق قالاق مۇھىتتا چوڭ بولدى. 20-ئەسىرنىڭ 70-80-يىللىرى بولغىنىغا قارىماي تېخى بۇ يەردە مۇنتىزىم باشلانغۇچ مائارىپى يوق ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاپىسى ئۆزى يالغۇز ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتاتتى. 20 نەچچە بالىنى بىرىنچى يىللىقتىن 5-يىللىققىچە ئايرىپ، يىللىقلار بويىچە بارلىق پەنلەردىن دەرس ئۆتەتتى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى

مۇشۇنداق شارائىتتا ئوقۇپ تۈگەتتى...

پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى شەھەرگە كىرىپ كەتسە تامامەن بولاتتى ھەم كىرىپ كېتەلەيتتى. ئەمما بۇ يەردە ئۆزلىرى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ نۇرغۇنلىقىنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ئويلاپ، ئۇلار بۇنداق ئويدىن — شەھەرنىڭ لەززەتلىك مەدەنىي تۇرمۇشىدىن ۋاز كەچتى. بۇ ئاددىيلا ۋاز كېچىش ئەمەس، بەلكى شەخسىيەتسىز ۋاز كېچىش ئىدى. بۇ يەرمۇ ۋەتەننىڭ زېمىنى - دە. ئۇنى سۆيۈش، تەر تۆكۈش ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بۇرچىغۇ؟

ھەممە يېرى تاغ بىلەن قورشالغان بۇ كىچىككىنە ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە كەڭرى تەبىئەت ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك قەلبىگە ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ساغلام پىكىر بەخش ئەتتى. توغرا، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، پىداكار روھقا ئىگە ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا قەيسەر دەپ ئىسىم قويغان ئەمەسمىدى!؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ساغلام پىكىردىن باشقا ئىسمى - جىسمىغا لايىق قەيسەرلىك بار ئىدى.

قەيسەر ئەمدىلا 11 ياشتىن ھالقىغان چاغدا تولۇقسىز ئوتتۇرىغا كۆچۈپ، ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ياتاقتا يېتىپ ئوقۇشقا توغرا كەلدى. ئۇ چاغلاردا ھەر قانداق قىيىنچىلىق ئۇنى باش ئەگدۈرەلمىگەن بىلەن، ئاتا - ئانىسىدىن، سۆيۈملۈك ئۇكىلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان چاغدا ياتاقتا يېتىپ ئوقۇش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر كېلەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كېلەتتى. ياق، مەنمۇ چوڭ بولمەن، ياخشى ئوقۇپ، ياراملىق ئادەم بولمەن، دەيتتى ئۇ، ھەر قېتىم كۆڭلى بۇزۇلغاندا كىچىككىنە مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ. شەنبە كۈنلىرى ئۆيىگە قايتقاندا بەزىدە قار - يامغۇردا قالاتتى. پىيادە ئون نەچچە چاقىرىم يولنى بېسىش گويا بىر چۆچەككە ئوخشايتتى. شەھەر ئىچىلىك باللار ئۇ ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە ساۋاقدىشىنى «ئورمانلىقلار» دەپ ئاتىشاتتى. ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇنى «ئورمان باتۇرى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ چاغلاردا ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇشنىڭ بازىرى بار ئىدى. بىراق ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش غايىسى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئىزچىل تۆردە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيىسى ئالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش مۇھىتى، ئۇسۇلى ۋە ئاساسى چەت - ياقا جايدىن كەلگەن قەيسەرگە قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىدى. قەيسەر ناھايىتى تېزلا بۇ پەرقنى تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ كەينىدە قالغۇسى كەلمەيتتى، ئەلۋەتتە. بارلىق ئەۋزەللىكلەردىن پايدىلىنىپ تىرىشىش نەتىجىسىدە، قىسقىغىنا ئىككى ئاي ئىچىدە ئۇ سىنىپ ۋە يىللىقلاردىن ھالقىپ، مەكتەپكە يۈزلەندى. ئىيرىم يىلدىن كېيىن ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ماتېماتىكا مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەردە بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمىدى. باشقا قوشۇمچە پائالىيەتلەردىمۇ ئالاھىدە رول ئويناپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

1988 - يىلى ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھانسىز تاللىنىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، بىر تۇتاش دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتناشتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بويىچە

ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، شىنجاڭ داشۆنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى.

## 2. بۇ جاي ئەسلى مۇنداق جاي

ئادەم يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلمىغاندا ئارقىدا قالىدۇ. ئىقتىدار تەلەپ قىلىدىغان، تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدىغان بۇ جاي قەيسەردىن يەنە زور قۇربان بېرىشلەرنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى تەڭرى تېغىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تاللىنىپ كەلگەن، خىللانغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىشتە ئالغان نومۇرى بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئون نەچچىنچى ئورۇندا تۇراتتى. بۇ بىر يېڭى سەھنە ۋە يېڭى پەللە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا يىراقراق پەللىدىن چىققانلىقىنى بىلەتتى. ئەمدىلا ئالىي مەكتەپ قوينىغا كىرگەن قەيسەرگە مۇنداق ئىككى ئىش قاتتىق تەسىر قىلدى. بىرى، ئالىي مەكتەپكە كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتىگەن بىرىنچى كۈنى بىر خەنزۇ مۇئەللىم ئۇنىڭدىن:

— سەن قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيسەن؟ (你是哪个系) -دەپ سورىدى. قەيسەر «فاكۇلتېت» بىلەن «شەھەر» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭىنى پەرقلەندۈرەلمەستىن:

— مەن ئاتۇشتىن (阿图什市)، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەر كۈلۈپ كەتتى. قەيسەرنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. تۇنجى قېتىم قەدەم باسقان ئالىي مەكتەپ قوينىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى زەربە بولغان بۇ ئىش قەيسەرگە دەسلەپتىلا تىل ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇردى.

يەنە بىرى، ئالىي مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتۇش ئۆلچىمى قاتتىق بولۇپ، ئۇ بىرىنچى يىلى بۇ ئۆلچەمگە لاياقەتلىك بولغىنى بىلەن ياخشى ياكى ئەلا بولالماي قالدى. بۇ ئىككى ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كەلدى-دە، يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتقىنىدا سەھەر تۇرۇپ، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك تاغ چوققىسىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ چېنىقتى. ئەتىگەندە چېنىقىشنى مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ قەتئىي داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە تاكى تولۇق كۇرس تاماملانغىچە تەنتەربىيىدە ئەلا نەتىجىنى قولدىن بەرمىدى. چېنىقىش ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلايدىغان ئەڭ ياخشى دورا. ئۇ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئەنە شۇ چېنىقىش نەتىجىسىدە تاۋلانغان ئىرادىسى بىلەن تاماملىدى.

بۇ جاي مانا مۇشۇنداق ئىرادىسى، غايىسى بار ياشلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇھىت بەخش ئېتىدىغان، ئانا قۇشلار بالا قۇشلارنى ئاستا-ئاستا ئۇچۇشقا ئۆگىتىكەندەك بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ئالغا چامداشنى، مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگىتىدىغان جاي.

## 3. ھوقۇق دېمەك — مەسئۇلىيەت دېمەكتۇر

قەيسەر مىجەت تۇتقان خىزمەت باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ھوقۇق بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ مەسئۇلىيەت. ئۇ بېجىرگەن ئىشلار باشقىلار ئۈچۈن كۆزگە چېلىقمايدىغان ئىشلار. ئەمما قەيسەر ئۈچۈن بىر مۇشەققەتلىك جەڭ.

ۋاقىت ھەممە كىشىگە ئوخشاش، ئەمما ھەر كىمنىڭ ۋاقىتنى پايدىلىنىشى ئوخشاشمايدۇ. ئۇ بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا مۇنداق بىر نەچچە ئىشنى ئورۇنلىدى: دەرستە ئىزچىل تۇردە ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمىدى. ئالتە قېتىم بىرىنچى دەرىجىلىك، ئىككى قېتىم ئىككىنچى دەرىجىلىك خەلق ئوقۇش مۇكاپاتىغا، ئىككى قېتىم رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئىككى قېتىم شىنجاڭ داشۆ بويىچە «3 تە ياخشى» ئوقۇغۇچى، بىر قېتىم «3تە ياخشى» ئوقۇغۇچىلار ئۈلگىسى بولۇپ باھالاندى. 1992-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ۋە ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر 3تە ياخشى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈلگىسى» بولۇپ باھالاندى ۋە مۇكاپاتلاندى. ئۇ بۇ ئۇتۇقلارغا ئېرىشىشتىن سىرت يەنە مەكتەپنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى. 1989-يىلى فاكۇلتېت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. 1991-يىلى مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەخلاقى» نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى. بىر نەچچە قېتىم فاكۇلتېت ۋە مەكتەپ بويىچە ساۋاقداشلارغا ئۆگىنىش تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ بۇنداق پائالىيەتچانلىق روھى، تىرىشچانلىقى، شۇنداقلا تەرتىپلىك ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۈلگىلىك ھەرىكەتلىرى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلدى.

1990-يىلى 9-ئايدا قەيسەر مىجىت فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئۆگىنىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، خەنزۇ تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش، كىتاب ئوقۇشتىن تەسىرات سۆزلەش، ئۆگىنىش تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى قاتارلىق ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى. مانا بۇلار مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ پائالىيەت مەزمۇنىنى بېيىتتى. ئۇ يېڭى-يېڭى شەكىلدىكى خىلمۇ خىل پائالىيەتلەر بىلەن مەكتەپنىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇردى.

ئۇنىڭ ئىجتىمائىي خىزمەتلەردىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۆرگەن مۇناسىۋەتلىك يولداشلار ۋە ساۋاقداشلار 1991-يىلى 9-ئايغا كەلگەندە ئۇنىڭغا قوش ۋەزىپە يۈكلىدى. ئۇ ھەم ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتى شۆبە ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھەم مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئۆگىنىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولدى.

ئۇنىڭدىكى غايە، تىرىشچانلىق ھامان ئۇنى كېچىلەپ باش قاتۇرۇشقا، مىللىي ئوقۇغۇچىلاردىكى روھىي زەئىپلىكلەرنى قانداق تۈگىتىش ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشقا ئۈندەيتتى.

بىز 1991-يىلى 9-ئايدا داشۆگە يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ئىدۇق. شۇ چاغدا ئۇ مەكتەپ بويىچە يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا بىر چوڭ يىغىن ئېچىپ مۇنداق دېگەن:

— ساۋاقداشلار، بىز تەڭرى تېغىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تاللىنىپ كەلگەن ياخشى ئوقۇغۇچىلار، نەچچە مىڭلىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن پەقەت مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلىرىمىزلا داشۆگە تاللىنالىدۇق. بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ زور شەرەپ. بىراق بۇ شەرەپنى بەش يىلغىچە ياستۇق قىلىپ بېشىمىزغا قويىۋالماسلىقىمىز، ئەكسىچە شارائىتنى ئۆزىمىز ھازىرلاپ، تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك! بىلىمىز، ھازىر جەمئىيەتتە

داشۇ توغرىسىدا خىلمۇ خىل ئىنغۋالار تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇلارنى ئىنكار قىلالمايمىز، چۈنكى ھەقىقەتەن شۇنداق ئەھۋاللار بار. ئەمما بىز بۇ ئىنغۋالارغا خاتىمە بېرەيلى. بىز يېڭى ئوقۇغۇچىلار يەنى مۇشۇ زالدا ئولتۇرغان ئۈمىدلىك قارا كۆزلەر، سىلەردىن باشلاپ ئۇ ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن... ئادەم قانچە گاداي، قانچە كەمبەغەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ساغلام غايە بىلەن سۇغىرىلىسىلا، چوقۇم گادايلىق، كەمبەغەللىك باش ئېگىدۇ... بىز مىللىي ئوقۇغۇچىلاردىكى ئۆگىنىشتىكى بوشاڭلىقلارمۇ مۇستەھكەم ئىرادە ئالدىدا چوقۇم باش ئېگىدۇ...

ئۇ ئاخىرىدا مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. مەكتەپتە قانچە فاكۇلتېت، قانچە خىل بۆلۈم بارلىقى ۋە قانداق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ يېشىغا ماس بولمىغان تەمكىنلىكى، باشقۇرۇش جەھەتتىكى تالانتى بىلەن بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بىردىن بىر ئوقۇغۇچى كادىر ئىدى.

ئۇ ئۆز زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلگەن كۈندىن باشلاپ ھەر جەھەتتە ئەستايىدىل بولدى. بىر ئىشنى قىلغانىكەن، نەتىجىسىنى ياخشى چىقىرىش ئۇنىڭ خاراكتېرىگە سىڭىپ كەتكەن مىجەز ئىدى. ئۇ ئىشنى ئالدى بىلەن فاكۇلتېتتىكى خىزمەتلەرگە قارىتا جانلىق كۈچلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن باشلىدى. زېھنىنى ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاراتتى.

ئوتتا كۆيمىگەن ئادەم ئوتنىڭ ئازابىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ باقمىغان ئادەم ئۇنىڭ نەقەدەر مۇشكۈللىكىنى ھېس قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن.

قەيسەر ئىسمى-جىسمىغا لايىق قەيسەرلىك بىلەن ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى. ئۇ ھەر يىلى قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپنىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆگىنىش تەجرىبىسىنى سۆزلەش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئېلان-تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق خىزمەت ئىشلىگەن بىرىنچى مەۋسۇمدىلا ئىنگلىز، رۇس، ياپون تىللىرىدىن بەش سىنىپ كۇرس ئاچتى. سىنىپ يېتىشمىگەندە ئۆزى سىنىپ تېپىپ، كۇرسلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۆزى ئالاقىلىشىپ تەكلىپ قىلدى. ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاشتىن تارتىپ تاكى ئوقۇش تاماملانغىچە باشتىن-ئاياغ ئۆزى مەسئۇل بولدى.

قەيسەر ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ئىشلەش مۇشكۈل بولغىنى بىلەن كۆڭۈللۈك ئىش، ۋاقىت ئىشلىتىشنى ئۆگىنىدىغان پۇرسەت ئىدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئۆزى سوئال تەييارلاپ، فاكۇلتېتلار ئارا تۆت قېتىم ئۇنىۋېرسال زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ئۈچ قېتىم خەنزۇ تىلىدىن نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىنگلىز، رۇس، ياپون تىللىرىدىن نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرىنى ئويۇشتۇردى، پائالىيەتلەرنى ئېلاندىن تارتىپ تاكى رىياسەتچىلىكىگىچە ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىدى. كېيىنچە ئۇنىڭغا فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسى يۈكلەندى. ئۇ بىر تەرەپتىن، قوش ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن

چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارغا پايدىلىق ھەر خىل سورۇنلارنى، كۇرسلارنى ئورۇنلاشتۇردى. يېڭى خىزمەت ئۈستىدە توختىماي باش قاتۇردى. ئۇ تۇنجى بولۇپ شىنجاڭ داشۆدە ھەپتىدە بىر ئىنگلىز تىلى سۆزلىشىش سورۇنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇ تۇنجى بولۇپ جەمئىيەتنىڭ نۆۋەتتە ئىختىساسلىق خادىملارغا بولغان تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ، داڭلىق ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ، ئېلېكترونلۇق مىڭە تېخنىكىسى بويىچە تېز يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئۇيۇشتۇردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭ داشۆدە بىر نەچچە كەسىپتە ئىلغار ئوقۇغۇچىلار يېتىشىپ چىقتى. بۇنى كىچىك نەتىجە دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

## 4. قەيسەر مۇئەللىم

— قەيسەر مۇئەللىم!

بۇ ئىسىمنى ئۇ تۇنجى قېتىم ئاڭلىغاندا ئەلۋەتتە ھاياجانلانماي قالمىدى. چۈنكى ئۇ تېخى ئالىي مەكتەپنىڭ 4-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ ئەمدىلا 21 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان ياش ئەمەسمىدى! بۇ ئىسىمنى ئۇنىڭ ئاكىسى، ئاچىسى دېمەيتتىلىك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ كىشىلەر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدى. يەنە كېلىپ ئۇ داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىنگلىزچە دەرسىنى ئۆتىدىغان مۇئەللىم!

ئۇ داشۆگە كىرگەندىن كېيىن خەنزۇچە ئاساسىنى بىر ئاز ياخشىلىۋالغاندىن كېيىن، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە كۆپ ئىلگىرىلىدى.

ئۇ مۇنداق بىر ئىشنى دائىم ئەسلەيدۇ: بىر يازلىق تەتىلدە يۇرتىغا كېتىۋېتىپ، بىر قونالغۇدا چەت ئەللىك بىر ساياھەتچى بىلەن بىر ئۇيغۇر سودىگەرنىڭ ئىنگلىز تىلىدا سودىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن قەيسەر پەقەت (money) پۇل دېگەن سۆزنىلا ئۇقالايدۇ. بۇ ئىش قەيسەرگە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ-دە، ئىنگلىزچىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە بەل باغلايدۇ.

تىل ئۆگىنىشتە تىرىشچانلىق بولمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ زىممىسىگە يۆكلەنگەن يۈك ئېغىر، قىلىدىغان ئىشلىرى شۇنچە كۆپ شارائىتتىمۇ ئۇ تىل ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئەنە شۇنداق جاپالىق ئۆگىنىش نەتىجىسىدە دۆلەتلىك ئىنگلىز تىلى 4-دەرىجىلىكلەر (4—CET) ئىمتىھانىدىن ۋە 6-دەرىجىلىكلەر (6—CET) ئىمتىھانىدىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتتى. ئۇ ئىنگلىز تىلى ئاساسىنىڭ بىر قەدەر پۇختىلىقى ۋە ئېغىز تىلىنىڭ راۋانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىگە ئىشەنچ قىلىپ 1992-يىلى 3-ئايدىن باشلاپ ھازىرغىچە بەش قارار باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كۇرس ئېچىپ، يۈزدىن ئارتۇق مىللىي ئوقۇغۇچىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە (4—CET) دۆلەتلىك ئىنگلىز تىلى 4-دەرىجىلىكلەر ئىمتىھانىغا قاتناشقان ھەمدە «ئىنگلىز تىلىدىن دەسلەپكى ئاساس» كۇرسلىرىنى ئاچقانلار بار بولدى. ئۇلار ھازىر جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ تىل ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرماقتا. قەيسەر يەنە ياپون تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلاپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ياپون تىلىدىن

دەسلەپكى ئاساسقا ئىگە بولدى. ياپون تىلىدىن پايدىلىنىپ بەلگىلىك ئالاقىلىشىش دەرىجىسىگە يەتتى ھەمدە بۇ يىل (1994-يىلى) يازلىق تەتىلدە ياپونىيە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن شىنجاڭ داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو-ياپونىيە ئوقۇغۇچىلار مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يازلىق لاگېرىغا قاتنىشىپ، قوشۇمچە تەرجىمانلىق قىلدى.

شۇنداق، ئۇ، ھەم مۇئەللىم، ھەم ئوقۇغۇچى.

## 5. ئۇنى نېمشقا سۆيىسەن!

— ئەخمەقمۇ سەن ئاداش، ئەتىدىن-كەچكىچە خىزمەت، ئۆگىنىش، دەرس ئۆتۈش دەپ پالاقشىپلا يۈرىدىغان ئادەمنىڭ نەرىنى ياخشى كۆرىدىغانسەن؟

قىزلار ئۇنى ياخشى كۆرگەن قىز ئۇچۇن باش قاتۇرىدۇ. ئەمما ئۇنى سۆيگەن قىز ئۇنىسىز، يوشۇرۇن ھەسرەتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر. قەيسەرچۇ؟ ئۇنىڭدا ھېسسىيات يوقمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇ ماشىنا ئادەم ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ يۈرىكىدىكى ئوتلۇق مۇھەببىتىنى مەكتەپنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان ئىرادىلىك قۇربان بەرگۈچى، ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى: جەمئىيەت، ئاتا-ئانا، كەلگۈسى، شۇنداقلا ئۆز كەسپى.

قەيسەر مىجىت ئەنە شۇنداق ئۆتكەللەرنى يەنى ھېسسىياتنى يەڭدى. ئەمما يالقۇنلۇق، جەڭگىۋار شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان يۈرەك تىۋىشىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ھازىرغا قەدەر مەتبۇئاتلاردا 30 دىن ئارتۇق شېئىر، ماقالە ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى «شىنجاڭ داشۆ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى خەۋىرى» ژۇرنىلىدا تونۇشتۇرۇلدى. «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىدە سۈرەتلىك خەۋەر قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى. قەيسەرنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ئاستىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن «مەڭگۈلۈك ياشلىق» ناملىق چاتما ئەدەبىي ئاخباراتى («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىللىق 1-سانىدا ۋە 1994-يىللىق 4-سانىدا) ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ۋە جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ئۇ شۇنچە قەيسەر، شۇنچە تىرىشچان تۇرسا، ئۇنى سۆيگەن قىزنى «ئەخمەق» دەپ ئەيىبلىمەڭلار!

ھاياتقا مەسئۇلىيەت بىلەن نەزەر تاشلايدىغان ئادەم مۇھەببەتكىمۇ مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەقىقىي يىگىتلىك دېگەن مانا شۇ. ھەقىقىي يىگىتلەرلا سۆيۈشكە ئەرزىيدۇ.

## 6. ئاخىرقى تاللاش

ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ چوققىسى بولىدۇ. بۇلدۇقلاپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۇيىنىڭ مەنبەسى بولىدۇ. يولنىڭ بېشى ۋە ئاخىرقى مەنزىلى بولىدۇ. ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيەتلىك دوقمۇشلىرى تولا. ھەر بىر دوقمۇش ئىنسان ئۇچۇن بىر سىناق. قەيسەرنىڭ خاتىرىسىدە چاقناپ تۇرغان مۇنۇ مىسرالار ئۇنىڭغا دائىم ئىلھام ئاتا قىلىدۇ:

دوقمۇشلاردا كۆتمە ئەتەڭنى
كارۋان بولۇپ ئۆزات بۇگۈننى.
ياشلىق ئەمەس توختاپ قالغان سۇ،
ياشلىق تۇلپار، چىك تۇت يۈگەننى!

ئۇ يۈگەننى قانداق تۇتۇشنى بىلىدۇ. دوقمۇشلاردىن قانداق قايرىلىشنى بىلىدۇ. هازىرقى جەمئىيەتتە بىلىم ئىگىلىرى تاۋارلىشىۋاتىدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەردە پۇل تېپىش ئىدىيىسى كۈچلۈك.

قەيسەر نېمە ئۈچۈن ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشنى تاللىۋالدى؟ بۇ مەسىلە باشقىلار ئۈچۈن ئىنتايىن ئاددىي، ئەمما ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن غەيرەت كېرەك.

توغرا، بەزىلەر بالدۇر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ياخشى ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ساندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار پۇل تېپىشى، توي قىلىپ ئائىلە قۇرۇشى كېرەك. ئەمما قەيسەر ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىلىم ئىگىلەش، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇهىم.

ئۇ تولۇق كۇرسنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ ئاسپىرانتلىققا ئۆتكەندىن كېيىن گۇاڭخۇا ئاسپىرانتلار 2-دەرىجىلىك ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇپ تۇرۇۋېتىپمۇ يەنىلا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ياردەملىشىپ، خىزمەتلىرىنى قوللاپ، تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇ بۇ يىل 5-ئايدا مەكتەپ بويىچە ئاسپىرانتلار ئىچىدە شىنجاڭ داشۆ ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك مەدەنىيەت سارىيىنىڭ «ئىقتىساد سەهىپىسى» بويىچە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى هەققىدە، ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ، قەدەمنى ياخشى باشلاپ بەردى. شۇنداقلا بۇ يىل 5-ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن چەت ئەل تىلى مۇسابىقىسىنىڭ تەييارلىق ۋە رەسمىي ئىمتىهانلىرىدىن ئۆتۈپ، مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ هازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىس، ئىقتىسادشۇناس، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پروفېسسور باۋ دۇنچۈەن، ئىنايەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا باسىدىغان يوللىرى ئۇزۇن ۋە جاپالىق. بىز ئۇنىڭدا بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۆتەلەيدىغان ئىشەنچ، جاسارەت شۇنداقلا كۈچ-قۇۋۋەت بارلىقىغا ئىشىنىمىز. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلقىنىڭ بىر هەقىقىي ئوغلى بولۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئېتىقاد مۇشۇنداق تۇغۇلغان. بۇ ئېتىقاد ئۇنى چوقۇم مەنزىلگە يەتكۈزگۈسى.

مەسئۇل مۇهەررىر سارەم ئىبراهىم

ئالتۇنگۈل رەجەپ

# شاپائەت پەرىشتىسى

(ھېكايە)



خېمىر يۇغۇرۇۋاتقان ماھنۇر بوشۇكتە قىرقىراپ يىغلاۋاتقان ئوغلىغا بوينىنى سوزۇپ قارىدى.

— ۋويۇ قەيسەر، بالا ئويغاندى، ئاڭلىمايۋاتامسىز؟ قولاق يوپۇرۇپ ئولتۇرغىنىنى بۇنىڭ ئاڭلىماسقا سېلىپ! — غودۇڭشىدى ئۇ.

قەيسەر قولىدىكى كىتابنى شىرەگە پاقىدە تاشلاپ قويدى-دە، چېچىلىپ كەتتى:

— ھە، قانداق قىلىمەن؟ بالا يىغلىسا مەن ئېمىتەمدىم؟ بولماق ئەت قەيسەر، سۇسكا تەگشە قەيسەر، لاتا يۇي قەيسەر... - ھەممىگە مەن قالغانمۇ بۇ ئۆيدە؟ مىڭ تەستە بالا باقىدىغانچى قىزنى تېپىپ بەرسەم ياتۇرمىدىڭىز. «ئىش كۆرۈپ قاپتىكەن» دەيدۇ تېخى، ئىش كۆرەمدۇ-كۆرمەمدۇ، بىزگە نېمىتى، بالىغا ئوبدان قارىسىلا بولمىدىمۇ؟

— دېگەن گېپىنى بۇنىڭ، مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ئارتىستەك يۈز-كۆزىنى بوياپ يۈرسە ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ. ئەتە-ئۆگۈن بىرەر ئىش تېرىپ بەرسە كىم ھۆددىسىدىن چىقىدۇ...

— ئەمسە يۈزى توۋەن، ئەخلاقلىقىنى تاپ!

بالىنىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىقتى.

ماھنۇر خېمىر يۇقى قوللىرىنى ئالدىراش پەرتۇققا سۈرتۈپ، بوشۇك ئالدىغا كەلدى.

* *

قوياش قارامتۇل بۇلۇتلار قېتىغا چوكۈۋاتاتتى. پەردىلىرى قىيا قايرىلغان سۈزۈك كۆزنەكتىن چۈشۈشكە باشلىغان گۇگۇم شولىسىدا ئۆي ئىچىدىكى ھەممە نەرسە شۇنداق تۇتۇق كۆرۈنەتتى. ماھنۇرنىڭ مىسكىن كۆڭلىمۇ گۇگۇمدەك تۇتۇق. ئەلەملىك كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئىشىك يېنىك چېكىلدى.

ماھنۇر خۇشياقمىغان ھالدا قوپۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا ئاق داكا رومالدا يۈزىنى يېرىم ئورىۋالغان ئوتتۇرا بوي يوچۇن بىر ئايال بىلەن 20 ياشلاردىكى ئاق پىشماققىنا كەلگەن قوڭۇر چاچ قىز تۇراتتى.

— كىمنى ئىزدەيدىلا، ئاچا؟ — ماھنۇر سەل ھەيران بولۇپ سورىدى.

— بىز... بىز گۈزەمە مەيدانىدىن چىققانتۇق خانىم، مېنىڭ ئېتىم تىللاخان. قىزىمنىڭ رەھىمەخان، ئۇ بۇ يىل 17 گە كىردى. ئۆگەي دادىسى ئۇنى ياتۇرماي قويدى دېسىلە، نەدىكى بىر تاز كاللا تۈزلۈقباش ئوغلىغا ياتلىق قىلىمىز دەپ زۇلۇم سالدى. قىزىم بۇنىڭغا چىدىماي چۈشىن دورىسى ئىچىپ ئۆلۈۋالىمەن دەپ

قورقاتتى، ئاخىرى قىزنىڭ نالىسىغا چىدىماي
شەھەرگە چىقتۇق. بالامنىڭ كۆڭلى تۇز،
يەنە كېلىپ بالىغا بەك ئامراق، شۇڭا
بىرەر بالا باققۇچىغا ھاجەتمەن ئىزدەپ
يۈرەتتۇق، مەھەللىدىكىلەر ئۆزلىرىنى
سايە قىلدى. خالىسىلا قىزىم ئۆيلىرىدە
تۇرۇپ قالسا. قورسىقى ئاچ، ئۈچىسى يېلىڭ
قالمىسىلا مەن رازى. ئاز بەردى، جىق
بەردى دېمەيمىز، بىز دېھقان خەق...

قىزمۇ ماھنۇرغا يالۋۇردى:

— مەن... مەن قېپقالغان بولسام،
بالىلىرىنى ئوبدان بېقىپ خىزمەتلىرىدە
بولسام، ماقۇل دېسىلە، مېنى قالدۇرۇپ
قالسىلا خان ئاچا...

ماھنۇرنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى.
«خۇدايىم بەرسە پەيغەمبىرىم غىڭ
قىلماپتۇ» دەپ، قارىمامدىغان تىلىگىننى
ئىشكىم ئالدىغا ئەكىلىپ بەرگىنىنى...

— ماقۇل سىڭلىم، ئەجەپ پاكىز
چىراي، گېپى ئۇز قىزكىنا بۇ، ياخشى قېپلا
ئاچا، كىچىك تۇرۇپ نېمە كەلگۈلۈك ئۇنىڭ
بېشىغا. يۈرسىلە ئۆيگە كىرەيلى، يۈرسىلە.

ئاق لىچەكلىك ئايال بىلەن قوڭۇر
چاچلىق قىز ماھنۇرنىڭ كۆزىگە گويا
شاپائەت پەرىشتىسى بولۇپ كۆرۈنۈۋاتاتتى.
شۇ تاپ ئۇنىڭ بۇ مويسىپىتنى چىڭ قۇچاق-
لىۋالغۇسى، قوڭۇر چاچلىق مېھرى ئىسسىق
بۇ قىزنى سۆيۈپ قويغۇسى كەپكەتتى.

— قەيسەر، ھەي قەيسەر، مېھمان
كەلدى، — ماھنۇر تۇتقان-قويغىنىنى
بىلەلمەي پايپېتەك بولۇپ كەتتى.

* *

— رەھمەخان دېگەندىن رەھمەم
دېگەن ئىسىم يېقىملىقراق ئاڭلىنىدىكەن
كىشىگە، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق دەپ
ئاتايلىمۇ سىڭلىم، يا ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋەت-
تى دەپ خاپا بولۇپ قالامسىز؟

— ياقەي ئاچا، سىلى نېمە دەپ
چاقىرسىلى مەيلى، — رەھمەخاننىڭ
تىنىق كۆزلىرى نۇرلىنىپ، ئاق پىشماق
يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈردى.

ماھنۇر رەھمەخانغا ھېرىسمەنلىك
بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ سارغۇچ قويۇق
قاشلىرى ئاستىدىكى كىيىكنىڭكىدەك چىرايلىق
تۇيغۇن كۆزلىرى، گۆشلۈك قاڭشىرى بويىدى-
كى سۇس سەپكۈنلىرى ماھنۇرنىڭ
كۆزلىرىگە قەۋەتلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ
كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى رەھمەخاننىڭ
گۈللۈك نىلۇن كۆڭلىكىگە چېگىدە كەلگەن
تولغان كۆكسىگە چۈشكەندە نېمىندۇر
خىيال قىلىپ قالدى-دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە
كىرىپ، بىر دانە لىفتىك بىلەن چىكەن
تورلۇق رۇباشكىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— بۇنى كىيىۋېلىڭ رەھمەم، لىفتىكىڭىز
بەك يىرتىلىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن
ئىچ كىيىملىرىڭىزنى پاكىز تۇتۇڭ، ئۆزىڭىزمۇ
چىرايلىق بولغاندىكىن دەيمىنا.

— شۇنداق قىلاي، خان ئاچا.

ماھنۇر رەھمەخاننىڭ چۇۋۇلۇپ
كەتكەن قوڭۇر چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ
ئەركىلىتىپ قويدى.

* *

— تەلىيىمىز باركەن ماھنۇر، قارىسام
بۇ قىز خېلى تۈزۈكتەك كۆرۈنىدۇ، ئىلاج
قىلىپ ئۇنى تۇرغۇزۇپ قالايلىچۇ؟

— شۇنى دېمەمسىز قەيسەر، مېنىڭمۇ
قولۇم بوشاپ قالدى قاراڭ، سىزنىڭ تاپا-
تەنىڭىزدىنمۇ قۇتۇلدۇم. ھەر كۈنى بالا كۆتۈرۈپ
ئىشقا بارسا تېخى، باشلىقنىڭ كۆزىگە سەت
كۆرۈنگەن كىشى، لېكىن-زە، — ماھنۇر ئېرىنىڭ
خۇش كەيپىنى بۇزغۇسى كەلمىدىمۇ گېپىنى
يۇتۇۋەتتى.

— لېكىن نېمە؟

— قايسى كۈنى رەھمەم «ئاكامنىڭ

قاپقى ئېچىلمايدىكەن، مېنى يامان كۆرۈپ قالدىمىكىن» دەيدۇ. مەن ئۇنىڭ مىجەزى شۇ دەپ قويدۇم. سىزمۇ ئۆي ئىچىدە چىرايىڭىزنى ئېچىپ ئانچە-مۇنچە گەپ قىلىپ قويۇڭ، ئىچى سىقىلىپ بىزدىن بىزار بولۇپ كېتىپ قالمىسۇن يەنە.

— سەن بار يەردە ماڭا قىلغىلى گەپ چىقاتتىمۇ؟ نىمە دەيتتىم ئۇنىڭغا ساراڭدەك.

ماھىنۇر پىسىڭىدە كۈلۈۋەتتى.

— سىزنىڭچە، ئايدا قانچە پۇل بەرسەك بولار، قەيسەر؟ — سورىدى ماھىنۇر.

— 40نى بەرسەكمىكىن.

— 30نى بېرەيلى غوجام. ئايدىن-ئايغا ئاران ئۇلىشىۋاتساق، كېلەر يىلغىچە پۇل يىغىپ توڭلاتقۇ سېتىۋالساق...

— يەنە شۇ توڭلاتقۇ-توڭلاتقۇ! ئىچىگە سالىدىغانغا ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدىغان نەرسىلىرىڭ بولسا، ئاندىن گېپىنى قىلماي-سەن ئۇنىڭ. خۇدايىم بۇيرۇسا يىغىلىپ 4-5 كاللىبەك بولغاندا موتو ئالىمەن، كېيىنگە سېنى، ئالدىغا ئوغلۇمنى ئېلىپ ئويناپمىز، ئۇ چاغدا تومۇز ئىسسىق، زىمىستان قىشلىرى كوچا ئاپتوبۇس ساقلاپ ئاۋارە بولماق يوق جوتۇن، بىلەمسەن شۇنى، — قەيسەر تاتلىق تامشىپ ماھۇق ياستۇقتىكى بېشىنى سەل قىيسايتقىنىچە يىنىك پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ يۈزىدە، قېلىن لەۋلىرىدە شادىيانە بىر تەبەسسۇم قېتىپ قالدى.

* *

— بۈگۈن ئەجەپ ئىشقا بارماپلىغۇ، ئاكا؟

— ئۆتكەن يەكشەنبە ئىشلىگەن، بۈگۈن ماڭا دەم ئېلىش، — قەيسەر كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن جاۋاب بەردى.

— بۈگۈن بىر كۈن ئۆيدە بولىمەن دېسىلە؟ — رەھىمەخاننىڭ كۆزلىرىدە غەلىتە بىر ئۇچقۇن يىنىپ ئۆچتى. نەپىسى تېزلىشىپ، قىرلىق بۇرنى لىپىلداپ كەتتى، — ئەمسە، ئۇبدانراق تاماق ئېتەي، لەگمەن يېگۈلىرى بارمۇ، ئاكا؟

— مەيلى.

— مەن دېڭىكسىدە چىقىپ سەي ئەكىلەي...

رەھىمەخان تور سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. يۇمشاق كىرسلودا سوناپلىنىپ ياتقان قەيسەرنىمۇ تاتلىق ئۇگدەك باستى. ئۇ قولىدىكى كىتابنى يۈزىگە ياپقىنىچە كۆزلىرىنى يۇمدى...

خايال بولماي قايتىپ كەلگەن رەھىمە-خان قولىدىكى سېۋەتنى تۇۋش چىقارماي ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويۇپ قويدى-دە، چىكىلداپ مېڭىۋاتقان تام سائىتىگە قارىدى. ئىشتىن چۈشۈشكە يەنە بىر سائەت ۋاقىت قالغانىدى. ئۇ ئەمدى ئۇيىلىنىپ تۇرمايلا ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوت بولۇپ چاقنايتتى، جاۋغايلىرىدا ياۋا تەبەسسۇم ئەكس ئېتەتتى. ئۇ ئالدىرىماستىن ئاۋۋال گۈللۈك كۆينىكىنىڭ تۈگمىسىنى يەشتى. ئاندىن يوپكىسىنى سېلىۋەتتى. ئۇ بېلىقتەك ساغرىسىغا چىڭگىدە چاپلىشىپ تۇرغان كۆسىرىنىڭ پۇشقىقىدىن تۇتۇپ ئىككى قوللاپ بىرلا تارتىۋېدى، ۋارت قىلغان ئاۋاز بىلەن ئاپئاق يوتىسى خېلى بىر يەرلىرىگىچە ئوچۇق قالدى. ئۇ لىفتىكىنىڭ مۇرىسىدىكى ئىنچىكە تاسمىسىنىمۇ تارتىپ ئۈزدى. ئۈزۈلۈپ كەتكەن تاسما ئۇنىڭ يالىڭاچ قورسىقىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ يەردە ياتقان كۆينىكى بىلەن يوپكىسىنى قولتۇقلاپ ئاشخانا ئۆيدىن شەپە چىقارماي چىقتى. بالا بۆشۈكتە تاتلىق ئۇخلايتتى. دېرىزىدىن كىرگەن ئىللىق شامالدا ھال رەڭ پەردە بوشقىنا تەۋرىنەتتى. ئىشكى قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىچكىرىكى ئۆيدە

سۇنايلىنىپ ياتقان قەيسەرنىڭ يېنىك خورەك ئاۋازى دەمبۇ دەم ئاڭلىنىپ تۇراتتى. رەھىمەخان ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئىچىدىن ئىلدى... ئاستا مېڭىپ قەيسەرنىڭ يېنىغا كەلدى. يالىڭاچ رەھىمەخان ئۇنىڭ بېشىدا نەچچە دەقىقە قاراپ تۇردى-دە، ئاندىن ئۇزۇن ئارىدەك بارماقلىرىنى ئاستاغىنە سوزدى. مۇزدەك سوغۇق بىر قول قەيسەرنىڭ ياقىسىدىن كاپ قىلىپ بوغقاندا ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. كۆز ئالدىدا يىرتىق كوسار، يىرتىق لىفتىك بىلەنلا تۇرغان يالىڭاچ رەھىمەخانىنى كۆرۈپ، بۇ ئوڭۇمۇ-چۈشۈمۇ دەپ ھودۇقۇپ قالدى. قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانماقچى بولغان ئادەمدەك بېشىنى سىلكىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ-ئېچىپ باقتى. ئۆي ئىچىدە لەھەتتەك جىملىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

— زۇۋانىڭ تۇتۇلدىمۇ، سولتەك، گەپ قىلە ئەمدى. نېمانداق يەپ كەتكۈدەك سەت چەكچىيىسەن ئادەمگە؟ زۇ تەلەتى سەت مەخلۇق، — رەھىمەخان مەسخىرە بىلەن ھىجايدى. قەيسەرنى قىرقۇنچلۇق سۈر باستى.

— سا... ساراڭ بولدىڭىزمۇ، رەھىمە! ئالۋاستى! ئالۋاستى! — قەيسەر ھودۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەك قاپلاپ، چىشلىرى كىرىشەتتى.

— ئالۋاستى؟ ئالۋاستى؟ ئۆزۈڭ ئالۋاستى لاتا غىلاپ! — رەھىمەخان قولىنى بىرلا سىلكىۋىدى قەيسەرنىڭ يانىسى گەدىنىگىچە سۆكۈلۈپ كەتتى.

— خۇدا ھەققى سەن... سان ياقامنى قويۇۋەت! — قەيسەر قاتتىق بىر يۇلقۇنۇۋىدى، رەھىمەخانىنىڭ قوللىرى قەيسەرنىڭ ياقىسىدىن ئاجراپ كەتتى. لېكىن ئۇ چاققانلىق بىلەن قەيسەرنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋالدى.

— ھە، نېمەڭگە ئەركەكسەن ماز، يامان بولساڭ كېلە قېنى، بوزەك كۆرۈۋاتامسەن مېنى، ئادەم بارمۇ؟! ئادەم بارمۇ؟! ... — رەھىمەخان بىر تەرەپتىن ۋارقىرايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن قەيسەرنىڭ مەيدىسىگە ھەدەپ ئۇسەتتى، يۈزلىرىنى مورلاپ، چاچلىرىنى يۇلاتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە قەيسەرنىڭ قىيما قىلىنغان يۈزىدىن قان تەپچىرەپ چىقىپ چىدىغۇسىز ئېچىشىپ كەتتى...

— ئۇنداق... ئۇنداق قىلماڭ، رەھىمەخان! مېنى... مېنى قويۇۋېتىڭ، خۇدا ھەققىدە ۋارقىرىماڭ! قولۇم-قوشنىلار ئاڭلاپ قالسا سەت ئەمەسمۇ؟ كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ! بولۇڭ رەھىمە...

— ئاغزىڭنى يۇم سولتەك! كىمگىنى ساراڭ كۆرۈۋاتىسەن؟! مېنى بوزەك ئېتىپ، قىلدىغىنىڭنى قىپ بولۇپ... ۋايجان، مەن بولالمايۋاتىمەنغۇ! يىرىلىق دېگەن ياۋاش، ساددا دەپ بوزەك ئەتكىنىڭمۇ بۇ؟! ۋاي قورسىقىم، ۋاي بېلىم، ۋايجان! بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. ۋاي ئانام، مەندىن ئىسسىقلا بىر نەرسە مېڭىپ كەتتىغۇ... ۋايجان! سېنى تۇرمىگە قامىتىۋېتىمەن تېخى. ئۆمۈر بويى قاراڭغۇ تۇرمىدە ياتسەن، يامىنى كەلسە سوغىزلىقنىڭ سايىلىقىدا بىر پاي ئوق بىلەن ئۆلىسەن، ۋايجان!... — رەھىمە چاچلىرىنى يۇلۇپ ئۆز-ئۆزىنى كاچاتلاپ نالە بىلەن يىغلايتتى.

قەيسەرنىڭ ئىشىككە سوزۇلغان قوللىرى چۈشۈپ كەتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ ئىچىدە بوراندەك يىغا يامرايتتى. لېكىن ئۇ يىغلىيالمايۋاتاتتى. تاڭلايلىرى قۇرۇپ چوقچىيىپ تۇرغان بوغدىيىكى توختاۋسىز مىدىرلايتتى.

* *

— رەھىمەخانىنى كۆرۈپ كېلەي دەپ

زومەھەلدە يولغا چىققان، كېچىدىن بىچارە بالام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن قارىسىلا ماھنۇرخان، گۈررىدە ئىچىم ئېچىشىپ...

— ئوبدان قىپلا ئاچا، ئەجەپ ئوڭلۇق بالىكەن، گېپىمۇ ئۇز، خۇيىمۇ ئۇز... — تاشقىرىقى ئۆيدە ئىككى ئايالنىڭ پاراڭلاشقان ئاۋازى خىرە-شىرە ئاڭلاندى.

— رەھمەم، ھەي رەھمەم. تىللاخان ئاچام كەپتۇ. قېنى سىز؟ ھوي، نەگە كەتكەندۇ بۇ قىز، — ماھنۇر ئاشخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۆي ئىچىگە قاراپ باقتى. ئاندىن ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرگەنتى ئىشىك ئېچىلمىدى.

— ۋوي، قەيسەر، بۇ ياققا چىقىڭا، رەھمەخاننىڭ ئانىسى كەپتۇ. نېمانداق تاقىۋالدىڭىز ئىشىكنى؟ — ئىچكىرىكى ئۆيدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى.

— ئىشىكنى ئۆزۈڭ ئاچ، لۈكچەك،— رەھمەخان چىرت قىلىپ يەرگە تۈكۈرۈۋەتتى. قەيسەر ئېغىر ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەپ تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئالدى.

— ئانا! جېنىم ئانا، ماھنۇر ئاچا! — ئىچ كىيىملىرى يىرتىلغان يالىڭاچ رەھمەخان ھالسىز ئاياغلىرىنى تەستە يۆتكەپ ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى.

— ۋاي جېنىم بالام، نېمە كارامەت بۇ؟

— جېنىم ئانا، زاكامدىلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەك بولماسمىدى مېنى، مەن... مەن توگەشتىمغۇ ئەمدى...

ماھنۇرنىڭ يۈرىكى ئېغىزىغا تىقىلىپ قالدى. كۆز ئالدى خىرەلىشىپ قولاقلىرى ۋىڭىلداپ كەتتى.

— ماھنۇر ئاچا! مەن ئۆلۈپلا كەتسەم بولماسمۇ، ئېرىڭىز نېماندا ق ئەسكى، قارانىيەت ئادەم-ھە؟! ئۇ مېنى، ئۇ مېنى بوزەك ئەتتى!...

يۈزلىرى قىيما-ياما قىلىنىپ ياقىلىرى يىرتىلغان قەيسەر ئىشىك ئالدىدا ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى.

— قەيسەر!! نېمە ئىش بۇ؟! قانداق پەسكەشلىك بۇ؟! — ماھنۇر بوغۇلۇپ ۋارقىرىۋەتتى. چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن لۆممىدە ياش ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن يىرگەنگەن ھالدا ئېرىگە چەكچىيىپ قارىغاندا، قەيسەرنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كۆز ئالدىدىكى ئالەم خىرەلەشتى.

— مەن... مەنمۇ بىلمىدىم، ئۇنىڭ شۇنداق ئوتقاقلىق كېسىلى بولسا كېرەك، ئۇخلاپ ياتسام يالىڭاچ بولۇۋېلىپ ياقامدىن سىقىپ تۇرۇپتۇ... — ئىلتىجا، يىلىنىش بىلەن ئايالىغا تەلمۈرگەن قەيسەرنىڭ لەۋلىرى ھېلىدىن-ھېلىغا كىچىك بالىنىڭكىدەك ئۆمچەيدى.

— ۋاي قارايۈز لۈكچەك! سەي ئاقلاي دەپ تۇرسام ئۆزۈڭ چاقىردىڭ. يېنىڭغا كىرىشىمگە ئىشىكنى تاقىۋېلىپ كىيىملىرىمنى يىرتىپ، ئىپپەت-نومۇسۇمغا تەگدىڭ، ۋايجان! مەن بولالمايۋاتىمەنغۇ ئانا، مېنى دوختۇرغا ئاپىرىڭ! ياق ساقچىغا! ساقچىغىلا بارايلى ئانا! مېنىڭ ئۇلارغا دەيدىغان گېپىم بار، مەن... مەن ھەممىنى دەيمەن، ئەرز قىلىمەن، ئەرز قىلىمەنغۇ قانداق...

— جېنىم بالام، شور پېشانە قىزىم، ھەممە ئەيىب ئاناڭدا، مەن كۆزۈم ئوچۇق كوركەنمەن. قاراپ تۇرۇپ سېنى دوزاخقا ئىتتىرىپتىمەن، بۆرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ يولۋاسقا تاشلاپ بېرىپتىمەن ئەمەسمۇ جېنىم بالام،— ئانا ئۆز-ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلىدى.

— جېنىم سىڭلىم يىغلىماڭ، خۇدا ھەققى ئۆتۈنۈپ قالاي رەھمە! باشقىلار ئاڭلاپ قالسا بىزگە ئۆلۈم ئەمەسمۇ؟ —

ماھىنۇر ئالقىنى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

— يىغلىما بالام، بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ ئەمدى. بىزگە ئەرز قىلماقتىن باشقا يول يوق، سازايى-رەسۋا قىلغانىنىڭ پايدىسىمۇ يوق بۇ خەقنى. كىيىملىرىڭنى كىيگىن بالام، — ئاق لىچەكلىك ئانا قىزنىغا نەسىھەت قىلدى.

— ماھىنۇر، ماڭا ئۇۋال بولدى! ماڭا... ئۇنىڭ شۇنداق ئۇتتاقلىق كېسلى بولسا كېرەك... — قەيسەر ۋارقىرىدى.

— ماۋۇ لۈكچەكنىڭ گېپىنى، ھوي، قىلغۇلۇقنى قىپ بولۇپ قىزىمنى ساراڭغا چىقىرىۋاتامسەن تېخى، ئىش ئوپئوچۇق ئاشكارىلا تۇرسىمۇ تېنىۋالماقچىمۇ سەن؟ يۈر بالام، بىز ئەمدى ساقچىغا بارايلى، قوپ ئورنىڭدىن!

— ئۇنداق، ئۇنداق قىلمىسىلا ئۇز ئاچا، بىزگە رەھىم قىلسىلا، خۇدا ھەققىدە بۇ ئىش سىرتقا چىقىپ قالمىسا...

— ماڭا ئۇۋال بولدى... ماڭا ئۇۋال بولدى، ماھىنۇر!

چاڭ قىلىپ تەگكەن بىر شاپىلاقتىن قەيسەر-نىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ماھىنۇرنىڭ كىچىككىنە ئالقانلىرىمۇ قىزىشىپ كۆيۈشتى.

— سەن! سېنىڭ گەپ قىلىدىغانغا نىمە ھەققىڭ؟ ۋاپاسىز! — ماھىنۇر ئەلەم بىلەن يىغلىۋەتتى.

— ئەمسە، ئەمسە مۇنداق قىلايلىمۇ، — ئاق لىچەكلىك ئانا بىر كەمدە ئۇن قاتتى، — بىز دېگەن دېھقان خەق، ياخشى چاغدا كالا، يامان چاغدا توڭگۇز. لېكىن نىمىلا دېگەن بىلەن بىز مۇسۇلمان بەندە، ئادەم ئاتام، ھاۋا ئانامنىڭ پۇشتى، ئازمايدىغان بەندە يوق، قىزىم كاردىن چىقتى. ئۇنىڭ گۈلدەك ئىززىتى توپا بىلەن تەڭ بولدى. ئەرز قىلغان بىلەن ئورنىغا كېلىپ قالماس. توزۇت قىلىپ ئولتۇرماي گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەي

ئەمسە. ھەرقايسىلىرى قىزىمنىڭ خۇن ھەققى ئۈچۈن 5000 كوي بېرىشسىلە، مەن بالامنى داۋالىتاي، ئوغلاق تېرىسىگە ئېلىپ، كاللا-پاقال-چەك پىشۇرۇپ بەرمىسەم بولماس تېخى. بىز يېزىمىزغا كېتەيلى، — ئاق لىچەكلىك ئانا ئالقىنى بىلەن قىزىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى، — شۇنداق قىلايلى بالام، بىز كېتەيلى. ھەد-بۇسىنى چىقارماي ئۈن-تىنسىز كېتەيلى جېنىم، مەيلى پېشانەڭدە شۇنداق تارتقۇلۇقۇڭ بار چېغى، ھالۋا بىلەن ئۇماچنى پەرق ئېتەلمەيدىغان قېرى چال بولسىمۇ، ھېلىقى توزلۇقباش ئوگەي ئاكاڭ بولسىمۇ كۆزۈڭنى يۇمۇپ تېگەرسەن بالام، — ئانا تىترىگەن قوللىرى بىلەن قىزىنىڭ چۇۋۇق چاچلىرىنى سىلىدى.

— 5000 كوي؟! — ماھىنۇر بىلەن قەيسەر بېشىدىن بىر چېلەك مۇز سۈيى قويۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كېتىشتى.

— دېمىدىمۇ ماھىنۇر، ماڭا ئۇۋال بولدى دەپ، ئەمدى چۈشەنگەنسەن ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى؟! — قەيسەرنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى. زاڭاقلىرى تىترەپ مۇشتۇملىرى ئىختىيارسىز تۈگۈلدى.

— يا ئۇۋال بولار، يا بولماس، ئايرىيدىغانغا ئادىل ھۆكۈمەت بارغۇ. نىمە قورقۇش بىزگە، مۇشۇ خەق سازايى-رەسۋا بولۇشتىن ئۆزى قورقمىسا ئۆتى يېرىلىپ ئۆلۈپ بەرمىسۇن تۆت تال پۇل ئۈچۈن، ماڭ ئەمدى بىز كۆمسەم پىشارمىكىن، ياپسامۇ دەپ تۇرماي ئۇدۇل ساقچىغىلا بارايلىچۇ، قوپ ئورنۇڭدىن جېنىم بالام، ھاپاش قىلىۋالايمۇ-يا؟

— ئۇنداق، ئۇنداق قىلمىسىلا ئاچا، مەن، مەن ياق دېمىدىمغۇ سىلىگە، لېكىن-زە، بىزدە نەدىمۇ ئۇنداق جىق پۇل دەيلا، بىز دېگەن كادىر خەق، ھۆكۈمەت بەرگەن ئايلىق بىلەن ئاران كۈن ئۆتكۈزۈۋاتساق، —

ماھنۇر ئاق لىچەكلىك ئايالنىڭ يولىنى توسۇپ، قوللىرىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ يۇم-يۇم يىغلاپ يالۋۇردى.

— سىلى بىلەن جىق تاكاللىشىپ ئولتۇرغىلى چولام يوق. قىزىم بولالمايۋاتىدۇ. قىز بالا تۇغقان قورسىقىمنى يىرتۇەتسەم شۇتاپ. كۆرۈپ تۇرۇپتىلا ھازىر ماڭا پۇل كېرەك! مەيلى ئەمسە، گەپلىرى ئۇزكەن، لەۋزىلىرىنى ئالاي، شۇ پۇلنىڭ تېگىنى بىرىشسىلىمۇ مەيلى، تېز بىرىشسىلە.

— 2000 يۈەنلا پۇلىمىز بار، راست ئاچا، خۇدا گۇۋاھ بولسۇن، شۇنىڭ ھەممىسىنى بىرەيلى. ماقۇل دىسىلە جىنىم ئاچا!

— بەك تۆۋەن سورىدىلا ماھنۇرخان! بۇ دىگەن ئاددىي ئىش ئەمەس، بىر ئادەمنىڭ خۇن ھەققى، بىلەملا شۇنى.

— خۇش بولۇپ كېتەي ئاچا. ھە راست. ئۆيدە خەجلەيدىغانغا ئەللىك يۈەن قېپ قالغانتى شۇنىمۇ...

— نىماداق ئىنجىق خوتۇن سىلى، قارىسىلا قىزىمنىڭ ئەپتىگە. سىلىگە لازىم بالا ماڭىمۇ لازىم خىنىم، قېنى پۇل؟ پۇلنى چىقارسىلا ئەمسە... — ئاق لىچەكلىك ئايال شاقىلدىتىپ ئالقىنىغا مۇشتىلىدى.

— ماقۇل مەن... مەن پۇلنى ئەكىلەي، مەن ئەكىلەي ئاچا، كىچىككىنە تەخىر قىلىپ بەرسىلە، — ماھنۇر چامدانىدىن پۇل چېكىنى ئېلىپ سىرتقا يۈگۈردى.

بالا ئويغىنىپ چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن قەيسەر تەمتىرگەن، قورقۇمسىرىغان ھالدا بۆشۈككە قول سۇندى.

* *

— سانىۋالسىلا،ساپمۇ ساق 2000 يۈەن، مانا ماۋۇ ئەللىك يۈەن.

— پۇل ئالساڭ ساناپ ئال دەپتىكەن، — ئاق لىچەكلىك ئايال ماھنۇرنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىدىكى ئىككى كاللەك پۇلنى كاپپىدە تارتىپ ئالدى-دە، ئېتىكىگە قويۇپ بارماقلىرىغا تۈكۈرگىنىچە سانىغىلى باشلىدى. رەھمەخان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاق لىچەكلىك ئايالنىڭ ئېتىكىگە قارىغاندا ياشلىق كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر ئۇچقۇن يېنىپ ئۆچتى. شۆلگەي يىغلىپ قالغان جاۋغايلىرىدا ياۋا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. قەيسەر بېشىنى قاماللاپ جىممىدە ئولتۇراتتى. بوۋىقىنى ئېمىتىپ ئولتۇرغان ماھنۇرنىڭ ئەلەملىك كۆزلىرىدىن ئۇزۇلمەي ياش تۆكۈلەتتى.

— سانىۋالدىم. ساقكەن، قوپ قىزىم. كىيىملىرىڭنى كىيگىن بالام، بىز يېزىمىزغا كېتەيلى، بۇنداق ئىنساب-دىيانەت يوق ئىمانسىزلارنىڭ يۇرتىدىن كېتەيلى. يىغلىما. ئاۋايلا خىنىم، مەن ياردەملىشەيمۇ؟ — ئاق لىچەكلىك ئايال ھالسىز رەھمەخاننى قولتۇقلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى...

* *

بازار ئادەم بىلەن مىغىلدايتتى كوچىنىڭ پىيادىلەر يولىدا ئۈچ ئايال پاراڭلىشىپ تۇراتتى:

— بىز ئويتوغراق دىگەن يېزىدىن كەلگەن مۇساپىر، مېنىڭ ئېتىم سوپىيەخان، قىزىمنىڭكى ئادالەت. ئۇ بۇ يىل 17 ياشقا كىردى. دادۇيىمىزدىكى نەشەكەش سېكرىتارنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ بىزەڭ قىلغاچقا، زۇلۇمغا چىدىماي كەلگەنتۇق...

ئاق لىچەكلىك ئايال بىلەن قوڭۇر چاچلىق قىز ئوماقىنا بالىسنى ئولتۇرغۇزغان يۆلەنچۈكلۈك باللار ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان ياللاكىيشى ياشقىنا چوكانىڭ كەينىدىن سوكۇلداشتى...

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

ئالىمجان رەجەپ

# يېتىشكەن ئايال

(ھېكايە)



## 1

ئايالىم ئاخىرى يەڭگىدى. ئۇ، توپتوغرا ئالتە يېرىم سائەت تولغاق ئازابى يېدى. مەن ئەس-ھوشۇمنى يوقاتقىلى تاسلا قالدىم. ئۇنىڭ بېشى كېسىلگەن يىلاندەك تولغانغىنىنى كۆرۈپ چىدىمىدىم، تەگرىگە ئىلتىجا قىلدىم...

مەن يىغلاپ تاشلىدىم. يىغلىغاندىمۇ شۇنداق يىغلىدىمكى، خۇددى بازاردا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان سەبىي بالىدەك ئۆپكىدەپ يىغلىدىم. بىردىن قۇلىقىمغا بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئاندىن بۇرنۇمغا ئوغۇز سۈتىنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. مەن چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچتىم. يېنىمدا ئايالىم كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاق سۇزۇك مەڭزى، قارا خالى، ماڭا ھامىي بولۇپ كەلگەن يېقىملىق زىناقلىرى ئوتلۇق تەبەسسۇم جىلۋىسىگە كۆمۈلۈپتۇ. ئويچان كۆزلىرىدە بولسا بىر خىل سەمىمىلىك، ئاق كۆڭۈللۈك چاقناپ تۇرۇپتۇ.

— سايرا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا، — جېنىم، سىز ئازاد-لاندىڭىز، بەكمۇ ئازابلاندىڭىز.

ئۇ ھەيران بولدى.

— قىزىق، سىزگە نېمە دەرد يەتتى؟

ئايالىم پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان قوڭغۇراق ئاۋازىدەك مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق ئىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى يېزا ئاسمىنىنى لەرزىگە سالغان نەي ئاۋازىدەك ھۇجەيرىلىرىمگە سىڭىپ كەتتى. راست، ئۇ قاچاندۇر بىر چاغدا شۇنداق كۈلگەن. خۇددى ھازىرقى-دەك جەزىبىلىك ۋە يېقىملىق كۈي ياڭرىتىپ كۈلگەن. ئاشۇ كۈلكىسى بىلەن قەلبىمنى تىترەتكەن. ئۇ چاغدا مەن ھەممىنى ئۇنتۇتقان ھالدا ئۇنىڭ كۈلكىسىنى مۇھەببەت-نىڭ سىمۋولى، ئىككى قەلبنىڭ يۈرەك ساداسى دەپ چۈشەنگەن. تۇنجى مۇھەببەت ئۈچۈن تەكرار سوۋغا قىلىنىد-غان مۇنداق كۈلكىلەرگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتقانىدىم. مانا ئەمدى ھېس قىلالىۋاتىمەنكى، ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنداق يېقىملىق، شۇنداق لەرزانىكەن.

— مەن يەڭگىۋاتقان بىر ئانىنى

تەسۋىرلەۋېتىپ ھاياجانلىنىپ كەتتىم.

— ھە، مۇنداق ئىكەن-دە!

ئايالىم مۇلايىم كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى. مۈرەمگە ئاستا بېشىنى قويۇپ ھاياجان بىلەن پىچىرلىدى:

— يازغىنىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. بىراق پىشمىغان ئەسەرنى كۆرسىڭىز مەسخىرە قىلارسىزمىكىن.

— ھىم، — ئۇ ماڭا چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن قارىدى، — ئۇنداقتا، سىز ئۆزىڭىز يېزىۋاتقان ئايالنى ھەقىقىي چۈشەنمەپسىز، ئۆزىڭىزنىمۇ...

يۈزۈم لەپپىدە ئوت ئالدى. خىجىللىقتىن ئىسسىق قانلىرىم يۈزۈمگە تەپتى. كۆڭلۈمدە ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولدى.

ئورىگىناللارنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ ھېكايىنى قىزىقىپ ئوقۇپ چىقتى-دە، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىدى:

— يازغىنىڭىز پەقەت مۇشۇمۇ؟

— تېخى پۈتمىدى دېدىمغۇ!؟

ئۇ ئۈندىمىدى. بىر پەستىن كېيىن خۇددى مېنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تارتىنىش نەزەرى بىلەن كۆزۈمگە قارىدى:

— يازغىنىڭىز قاملىشىپتۇ. بىراق ئاياللارنىڭ تۇغۇتىدا ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىشلار بولىدىغۇ؟ سىلەر ئەرلەر ئاياللارنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيسىلەر، ئەلۋەتتە. بۇ سىزگىلا قارىتىلغان سۆز ئەمەس. جەمئىيەتمۇ ئاياللارنى تولۇق چۈشىنىشى كېرەك. ئاياللار خۇددى ئانا تۇپراققا ئوخشايدۇ. تۇپراقتىن خۇش پۇراقلىق گۈل-گىياھمۇ، بوك-باراقسان ئورمانلارمۇ، ئېگىز تاغلارمۇ، شاۋقۇنلۇق دەريالارمۇ ھاسىل بولىدۇ. لېكىن دەرەخلەر قۇرۇپ خازانلار تۆكۈلسە، دەريالار ئۆكسۈپ ھاياتلىق ئۈزۈلسە بۇنىڭغا تۇپراق سەۋەبچى ئەمەس. دېمەكچى بولغىنىم ئاياللار كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈن ئويۇنچۇق قىلىنماسلىقى لازىم. شۇ چاغدىلا سىز ئۇلارنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بولىسىز.

مەن ھەيران قالدىم. ئۆز كۆزۈمگە، قۇلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. كۆز ئالدىمدا ماڭا سۆزلەۋاتقىنى قانائەتچان، ياۋاش، ئاددىي ئائىلە ئايالى بولماستىن، بەلكى كۆكسى-قارنى كەڭ، ئۆز تەقدىرى، قىممىتى ئۈستىدە ئويلىنىدىغان، ھاياتقا، تۇرمۇشقا ئۈمىد بىلەن قارايدىغان ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى.

— سايرا، — دېدىم مەن ھاياجان بىلەن، — مەن ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەنمەن. سىزدەك ياخشى ئايالىم بولغىنى ئۈچۈنلا شۇنداق دېيەلەيمەن.

— ياق، — دېدى ئۇ مۆڭگۈلۈك كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ، — ئەمەلىيەتتە سىز ئۇنچىۋالا بەختلىكمۇ ئەمەس.

— نېمىشقا؟ نېمىشقا ئۇنداق بولغۇدەكمەن؟

— سىز ئۇنى قۇتقۇزۇۋالالمىدىڭىز، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلدىڭىز، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئايال، ماڭا ئوخشاشلا...

كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى، ئورنۇمدىن قانداق تېز تۇرغان بولسام، شۇنداق تېز ئولتۇرۇپ قالدىم.

## 2

بۇ يەردە يازنىڭ كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ ئوخشاشلا تىنجىق. ئادەملەر خۇددى قۇياش ئوربىتىسىغا كىرىپ قالغاندەك كۆيدۈرگۈچ ھارارەتتىن زار قاقشايدۇ. بۇ يەردە كېچە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ شاۋقۇنلايدىغان كىچىكرەك بىر ئېقىنمۇ بار. ئېقىن ئەتراپىدا قارىيىپ ياتقان جىمجىت ئورمانلىق ۋە ئۈرۈكلۈك باغلارمۇ بار. لېكىن تومۇز كىرىشى بىلەن كۆۋرۈك تۈۋرۈكلىرىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، بۇژغۇن چاچرىتىدىغان ئېقىن سۈيىمۇ، يۈزلىرىدىن كۆككۈچ قۇم

دانىچىلىرى ئۈكسۈمەيدىغان قاغجىراق تۇپراقمۇ تەننى كۆيدۈرىدۇ. سۇغا چۆمۈلۈپ يېتىش، لاي-لاتقىلارنى باغرىغا بېسىش، ھەتتا بۇك ئورمانلىقتا سەگۈنچەك ياساپ سايىدا شىمۇ كار قىلمايدۇ. بۇنداق تىنجىق كېچىلەردە بازار مەركىزىنىڭ جەنۇبىي دوقمۇشىدىكى بىليارت تاختىلىرىنىڭ ئەتراپى قالتىس قىزىپ كېتىدۇ. بۇ كۆكۈللۈك ئويۇن باش توخۇ چىللىغاندىن تارتىپ تاكى ئۇيۇقنىڭ جىبىكى سۈت رەڭگە كىرگەنگە قەدەر داۋام قىلىدۇ.

تۈن نىسپى. بىز ئالتۇن تاۋلاۋاتقان زەرگەردەك زور ئىشتىياق بىلەن ئالا-تاغىل ئورۇقلارنىڭ «يۇملاق ئوردا» ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىشىنى تاماشا قىلىۋاتاتتۇق. شۇ چاغدا بىرى خىرىلداپ كۈلگىنىچە يېنىمغا كەلدى:

— ھەي، قارا ئاۋۇ بۇلۇڭدا ئاجايىپ ئويۇن بار ئىكەن.

مەن پەرۋاسىز «قارا سەككىز» بىلەن ھەپىلىشىشكە باشلىدىم.

— ھەي، سەنزە، — ئۇ ئاغزىنى قۇلىقىمغا يېقىپ سۆزلىدى، — بۇنداق ئويۇننى ئۆمرۈڭدە كۆرمىگەنسەن.

— قانداق ئويۇنكەن ئۇ؟

— كومېدىيە، 90-يىللاردىكى شاھلارچە تۇرمۇش.

مەن ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. تىمتاس كېچە قاراڭغۇلۇقى ئىدى. پەقەت ئالدىمىزدىكى ئېرىق بويىدىن كىمنىڭدۇر خىرقىرىغان، ئىڭرىغان ئاۋازى كەلدى. مەن ئاۋازغا زەن سالدىم. ئەزبىرايى خۇدا، بۇ تونۇشلا بىر ئاۋازغۇ...

مەن كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. چاچلىرى چۇۋۇلغان، پۇتلىرى كىرلىگەن بىر ئايال ئېرىق ئىچىدىكى داق يەردە سۇنايلىنىپ ياتاتتى. گاھ خىرقىراپ كۈلەتتى، گاھ ئىسەدەپ يىغلايتتى. باش-ئايىغى يوق سۆزلەرنى قىلىپ ۋۇلقۇناتتى. يەرنى قاماللاپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولاتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ھالىدىن كەتتى بولغاي، چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى:

— ياش ئىدىڭ، ئالتە دەرۋازىلىق كۆلچەككە چۈشۈپ كەتتىڭ، ياڭاق يەپ ئۆگزىگە چىقتىڭ، ۋاي ھەنپەك، قېرى جوۋاينىمەك، كىندىكىڭگە شاپىلاقلا. ئاھ... ئاناڭغا ئىشتان تىكىپ بەر، ۋاي قومچاق بۇرۇن، يېنىمدا تىكەن بار، قولۇمدا گۈلۈم بار دەيتتىڭ. قۇشقاچنى ئۈركىتىۋەتمىسۇن. ۋاي سېسىق قامچا ئېغىزىڭنى ئاچ. ھاھ... ھاھ... ھاھ!

ئايال سۆزلەيتتى. سۆزلەۋېتىپ تېلىقىپ كۈلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئېغىر بىر گەۋدە بۇركۈتتەك قونۇپ ئولتۇرۇپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى:

— ئاھ، نېمانداق يۇمشاق، نېمانچە ئەۋرىشىم سەن!

ئايال يەنە ئىڭراپ كەتتى. تۇيۇقسىز گېلى بوغۇلغاندەك خىرقىراپ كەتتى:

— پۇتلاشتى، تاشقا ئۈستى، يالڭاچ ئوغرى. تاۋۇزۇڭنى ئۈزۈۋۈك يە! جېنىم ئالۋاستى، مېنى چاقىر... مېنى ئېلىپ قاچ!

— ئاھ، ئاجايىپ گۈزەل، بەكمۇ گۈزەل كۈيلەر...

ئايال ئەمدى جان تىكىپ ئېلىشتى. ھۆركىرىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۈچى تېنىگە ئوخشاشلا ئاجىز بولۇپ، پەقەت ھەيۋە قىلىش، سۆزلەشكىلا قادىر بولالايتتى.

— ۋۇي زاغرا پاچاق، ئۇ چاغدا سەن ئۆلمىگەن. ئاناڭنى، كىم سېنى ھەرەمگە ئەۋەتىپتۇ... چىق، چىق... شاپتۇلۇمنى ئەگمە، بېشىمغا بالا سالدى...

— ياق جېنىم... ئۇنداق دېمە!

ئۇنى تونۇپ قالدىم. بۇ خورلۇققا
زادىلا چىدىيالمىدىم. ئۇ مەن يېتتۈرگەن
بەخت ھەمشىرىسى ئىدى.

## 3

ئايالنىڭ ئاۋازى خۇددى سەھەردىكى
سالقىن شامالدەك قۇلاق تۈۋۈمدىن ئۆتۈپ
كەتتى. تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. يۈرىكىمنى
مۇدھىش بىر تۇيغۇ ئىگىلىۋالدى. كۆزۈمنى
چىڭ يۇمۇپ، قۇلىقىمنى مەھكەم ئېتىۋالسام-
مۇ، ئاشۇ مەنزىرە، ئاشۇ ئاۋازنىڭ ئاسا-
رىتىدىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم.

بۇ ئايالنى كىچىك بالىلارمۇ تونۇيدۇ.
ئۇ تالاي كۆزلەرنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ
قالغان يىرگىنچلىك ئىلاھە. ئۇنىڭ يۇرتى،
ئاتا-ئانىسى، قوۋم-قېرىندىشى كىشىلەرگە
كېچە ئاسمىنىدەك قاراڭغۇ. ئۇ تىكەندەك
يالغۇز، كونا لاتىدەك تاشلاندۇق، شامالدەك
ئىز-دېرەكسىز بىر ئايال. ئۇنىڭ ئادىتىمۇ،
يۈرۈش-تۇرۇشىمۇ غەلىتە. تاڭ سەھەردە
يۈزىنى قىپقىزىل بوياپ، كوچىدا پەيدا
بولىدۇ. يەلكىسىنى يېپىپ تۇرغان بۇدىرە
چاچلىرى ئارىسىدىن بىر جۈپ كۆزى كىچىك
يۇلتۇزلاردەك پىلىلداپ تۇرىدۇ. گاھ مۈرىسى-
گە كونا چاپىنىنى ئارتىپ، كوچىمۇ كوچا
ئايلىنىپ يۈرىدۇ. گاھ بىر پارچە سوقىچاق
تاشنى كۆتۈرۈۋېلىپ، رەستىلەردە قاتىرايدۇ.
ھېرىپ ھالىدىن كەتسە ئادەم ئۆكسۈمەيدى-
غان باغچىنىڭ راۋىقىغا چىقىۋالىدۇ. كىشىلەر
ئۇنى ئۇرسىمۇ، تىللىسىمۇ تاكى گۇگۇم
چۈشمىگىچە كەتمەيدۇ. بايرام كۈنلىرى
ئۇمۇ خۇشال بولىدۇ. ئۇ كونىسىرىۋا قۇتىلىرىنى
بىر-بىرىگە ئۇرۇپ شوئار تووْلاشقا باشلاي-
دۇ. بىر توپ بالىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ.
قورسىقى ئاچسا ئالدىدا نېمە بولسا شۇنى
يەيدۇ. تاۋۇز شاپىقى، مېۋە شۆپەكلىرى،
قەغەز، چىپىنداق (ئاڭلاشلارغا قارىغاندا،
تۆمۈر پارچىسى، مىققا ئوخشاش نەرسىلەرنى-
مۇ يېگەنلىكى مەلۇم) ئۇنىڭغا ئوزۇق بولىدۇ.
جۇدۇنى تۇتقان چاغلاردا ناۋايلارنىڭ
تەۋەككۈلىرىنىمۇ ئۆرۈپ تاشلايدۇ. بۇنداق
ئىشلار كىشىلەرگە غەلىتە تۇيۇلمايدۇ،
ھېچكىم ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە ئەجەبلەنمەيدۇ.

ئالدىنقى يىلى قىشتا ئۇ يوقاپ كەتتى.
كىشىلەر ئۇنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى ئۆزلىرىگە
مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىسىمۇ، يەنىلا ئىز-دې-
رىكىنى قىلىشتى. ئەمما ئۇنىڭ قارىسىمۇ
كۆرۈنمىدى. بارا-بارا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا
ھېسداشلىقى قوزغالدى. بۇ خىل ھېسداشلىق
ھەر كىمنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىغا ماس كېلىدى-
غان سۆز-چۆچەكلەر بىلەن باغلىنىپ كەتتى.
مەززىلىك قورۇما، قورداق، شورپىلارنىڭ
بۇسى ئىچىدە يۈرۈپ، ئاق پىيازدەك تىقىلىپ
كەتكەن ئايىم ھەدە بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ
ئىز-دېرىكىنى قىلدى:

— توۋا، توۋا، — ئايىم ھەدە خېمىر-
يۇقى ئالقىنى بىلەن تېقىمىغا ئىككىنى
شاپىلاقلىدى، — شۇ كۈنى مەنمۇ بار
ئىدىم. مانا مۇشۇ ئۇستەلگە چاي قويۇ-
ۋاتاتتىم. ئۇ بەغەرەز خوتۇن ئاشخانا
ئوچىقى ئالدىدا چۈچۈلىدەك قولىنى قاقلاپ
ئولتۇراتتى. بىردىنلا قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈ-
لۈپ ئوچاق ئۈستىدىكى قاسقاندىن كۆتۈ-
رۈلگەن بۇس ئاشخانىنى بىر ئالدى.
قارىسام، ھېلىقى خوتۇن پاسكىنا قولى
بىلەن يۇتازىدىن بىرنى تۇتماسمۇ، مانا
مۇشۇ كۆتمەك سۈپۈرگىنى بىرلا شىلتىۋىدىم،
ئارقىسىغا دىرىڭىدە ئۇچۇپ چۈشتى. ۋاي
كاساپەت، ئۇنىڭ قولى، تەگكەننى كىممۇ
بىسۇن؟ ئىمانىم قىرىق گەز ئۇچتى. تازا
بىر ئەدىپىنى بېرەي دەپ يۈگۈرۈپ چىقسام
ئاسماندىمۇ-يەردىمۇ يوق. شۇ كۈندىن
باشلاپ ئۇ بۇ يەردىن يوقالدى. ئىككىنچى-
لەپ كۆرۈنمىدى، — ئۇ بىر پەستىن

كېيىن ئۇھ تارتىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — توۋا، شۇنداق ئۇسال ئادەملەرمۇ بولىدىكەن. شۇنداق ئادىمى ھايۋانلارمۇ بولىدىكەن. قانداقمۇ كۆڭلى كۆتۈرگەندۇ، ئاۋۋال ئاخشامدا بىر توپ ئادەمنىڭ كۆزىچىلا... تاپتەك سېسىق پۇرايدىغان ئاشۇ مەخلۇقنى قۇچاقلىۋالغىنىنى...

— بەلكىم شەيتان سۈيدۈكى ئىچكەن مەستلەر بولسا كېرەك، — كۆتمەك ساقال خېرىدار قىزىقىپ شۇنداق دەپ قويدى. ئايىم ھەدە خېرىدارنىڭ سۆزىنى تۈزەتمەكچى بولغاندەك بارمىقىنى چىشلىدى:

— توۋا، ساقلى ئۇچتەك ئاقارغان بىر قېرى ئىكەن. ھېلىقى جوۋايىنمەك ئۆستەڭ بويىدىكى ياڭاقنىڭ شېخىنى سۇندۇرۇپ، ئىس چىقارغان چېغى، بەگباش چال ئۇنىڭ بوينىنى قايرىپ... — ئۇ ئۇنىڭ نېرىسىنى سۆزلەشتىن تەپ تارتتى بولغاي، گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. كۆتمەك ساقال ئەڭ يېڭى ئۇچۇرنى يەتكۈزمەكچى بولغاندەك ئاۋازىنى پەسەيتتى:

— بىزمۇ ئاڭلىدۇق، سالاپەتلىك، كەپكە كىيگەن، سارجى كاستيۇم-شىم كىيگەن بىر ئەركەن، يۈز-ئىناۋىتىدىن ھەممە ئادەم تىترەيدىكەن. توغرا، قايسىبىر ئىدارىنىڭ كادىرىكەن... ئۇنى بېسىۋاپتۇ. ھېلىقى ئىشنى مەكتەپ باللىرىمۇ، ياقا يۇرتتىن كونا گىلەم، زايوم ۋە ئېشەك سېتىۋالغىلى كەلگەنلەرمۇ كۆرۈپتۇ.

— شۇندىن كېيىن ئۇ بۇ يەردىن يوقالدى، — ئايىم ھەدىنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى، — كېيىن، ئۇزۇن يولغا قاتنايدىغان شوپۇرلاردىن ئاڭلىدىم. بىرى ئۇنى ئوغرى مۈشۈكنىڭ پۇتىنى چۈشىگەندەك چۈشەپ، ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا تاشلاپ قويۇپتۇ. شوپۇر ماشىنىسىنى ھەيدەپ چۆلگە بارغاندا تۇيۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۇت-قولىنى بوشىتىپ چۆلگە قويۇپ بېرىپتۇ. شۇندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى چۆلدە قىپيالىڭاچ ھالەتتە كۆرۈپتۇ، توۋا، توۋا خۇدايىم، غەلىتە ئىش. ئۇنىڭ قورسىقى بارغانسېرى يوغىناپ قاپتۇ. كېيىن ئۇ پاقلاندەك ئوماق ئوغۇل تۇغۇپتۇ...

## 4

ئىككى ئايلىق كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلسەم، ئۆيدە ئايالىم كۆرۈنمەيتتى. ئۆي ئىچى يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى خارابىلىققا ئوخشاپ قاپتۇ. چىنە-قاچىلار سۇنۇپ چېچىلغان. تەشتەكتىكى گۈللەرمۇ قۇرۇپ، ياپراق تاشلىغانىدى. قويۇندەك پىرقىراپ كەتتىم. ئايالىم ۋە ئوغلۇم بىرەر بالايى-قازاغا ئۇچرىغاندۇ دېگەن گۇمان بىلەن تەرەپ-تەرەپكە قاتىرىدىم. قولۇم-قوشنىلاردىن، ئىدارىدىن سۈرۈشتۈردۈم. ھېچكىم ئۇلارنى كۆرمەپتۇ. ئاخىرى سەھرادىكى ئانامنىڭ يېنىغا باردىم.

تۈچ ھالقىلىق دەرۋازا ھىم يېپىقلىق ئىدى. دەرۋازىنى قاقتىم. ئايالىم ھازىرلا ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقىدىغاندەك ھېس قىلدىم. لېكىن ھويلىدىن پىشىكنىڭ غىڭشىغان ئاۋازىدىن بۆلەك ھېچ ئاۋاز ئاڭلانمىدى. مەن بىر نەچچە قېتىم چاقىرغاندىن كېيىن، ئانام ياقتۇرۇپ كىيىدىغان كالاچىنىڭ تىۋىشى كەلدى. يۈرىكىم تىپىرلاپ كەتتى. قانلىرىم ئۇخچۇشقا باشلىدى. نەھايەت، يېقىنلاپ قالغان پويىزنىڭ گۈدۈكىدەك كۈچلۈك ئاۋاز بىلەن دەرۋازا ئېچىلدى. بوسۇغىدا ئانام مۈكچەيگەن ھالدا تۇراتتى. ئۇ باش-ئايىغىمغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن بىردىنلا مۈرەمگە ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى:

— تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى.

— ئانا، — دېدىم مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، — زادى نېمىش بولدى؟

— ئوغلۇم، — دېدى ئۇ ھاياجىنىنى بېسىپ، — بىز ئۇنى نابۇت قىلدۇق، ئۇنى تۈگەشتۈردۇق!

ئانام ئىسسىق ياشلىرىنى سۈرتكەن ھالدا كارىۋاتتا ياتقان ئوغلۇمنى ئويغاتتى. ئۇ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى-دە، مەندىن يېتىرقاپ ئانامغا يېپىشتى. يۈرىكىم سىنقىلدى. چىرايىمنىڭ تۈمۈردەك قارىداپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئانام يىغا ئارىلاش پىچىرلىدى:

— ئۇ كەتتى، بىزنى تاشلاپ يىراققا كەلمەسكە كەتتى.

بېشىمغا تاغ كۆمتۈرۈلگەندەك بولۇپ، مېنى ئاچچىق بىر يىغا قىستىدى.

— ئاھ، ھەنىپە، بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟!

ئىككى ئاي ئىلگىرىكى خوشلىشىش كۈنى دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن ئاي نۇرىدا ئۇ مېنى باغرىغا باسقان، يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىپ، ئايرىلىشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغانىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قارىغانىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى مۆڭلۈق ئىدى. كۆز چاناقلىرىدا بولسا سۈزۈك تامچىلار ۋىلىلداپ تۇراتتى.

كېيىن ئۇ مېنى ئۇزاتتى. ئوغلۇمنى قۇچاقلاپ قايتا-قايتا سۆيدى. ئەركىلەپ بۇرنۇمنىڭ ئۇچىنى چىمداپمۇ قويدى. كۆزىدىن ياش ئەگكەن، بوينى قىسىلغان، ئاپئاق ئالقانلىرى ھاۋادا پۇلاڭلىغان ھالدا يولنىڭ چېتىدە قالدى. مەن پەقەت شۇ چاغدىلا يۈرىكىمنىڭ پىژىلداپ ئېچىشقىنىنى، قەلبىمنىڭ ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ھەنىپىنىڭ كېتىشى سىر بولۇپ قېلىۋەردى، ئۇنى كۆپ ئىزدىدىم، ھەممە يەرگە دېگۈدەك بېرىپ ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلدىم. ئۇ گويا يۇزلەرگە يۇمشاق ئۇرۇلىدىغان ئىسسىق شامالدەك كۆزدىن غايىب بولدى.

بىر يىل، ئىككى يىل كۆتتۈم، ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تۇرنىلار تۆت قېتىم كېتىپ، تۆت قېتىم قايتىپ كەلدى. ئۆرۈكلەر تۆت قېتىم چېچەكلەپ مېۋە بەردى. ئەنە شۇنداق كۈتۈش، زارىقىش، ئۈمىدسىزلىنىش ئىچىدە كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم، ئۇ سىم-سىم يامغۇردىكى نەم ھاۋاغا ئوخشاش تۇپراققا سىڭىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

* *

— دادا!

ئوغلۇم ئىشىكتىن ئۇقتەك ئېتىلىپ كىردى. ئۇنىڭ يۈزىدىن قان قېچىپ، تاتىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنى بىرى ئىشىك ئالدىغىچە قوغلاپ كەلگەنىدى.

— ھىم، كۈپكۈندۈزدە بالىنى بوزەك قىلىشقا پېتىنغان قانداق لەنىتىدۇ؟

ئاچچىقىمدا قولۇمغا ئەپكەشنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىقتىم. ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەيدە چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، غۇژمەكلىشىپ كەتكەن، كىيىم-كېچەكلىرى قەبىرىستانلىقتىكى تۇغ-ئەلەملەردەك يىرتىلىپ كەتكەن بىر ئايال ئىشىك تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. بىر توپ بالا كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە يىراقتىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىش نىيىتىدە ئەپكەشنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئاستا تەگكۈزدۈم. ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك مىدىر قىلماي ئولتۇرۇۋەردى.

— ھۇ، ساراڭ! — دېدىم مەن ئاچچىق بىلەن، — تۇر، بالىلارنى قورقۇتماي بۇ يەردىن كەت!

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، قايرىلىپ ماڭا قارىدى-يۇ، قاققان قوزۇقتەكلا تۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ، قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ قالغان مىسكىن چىراي ھەنىپە ئىدى.

يۈرىكىم قارتتىدە قىلدى. بەدىنىم ئۈششۈك تەگكەن يوپۇرماقتەك تىترەپ كەتتى.

— ھەنپە... مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ — دېدىم مەن تەستە ئېغىز ئېچىپ.

— سەن...

ئۇ ئاستا ئالدىمغا كېلىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئۇنىڭ قارىچۇقىدىن ئۆتكۈر، ئەمما سوغۇق بىر نۇر چاقنايتتى. ئۇ ئۈستىبېشىمغا نەزەر سالدى. چىرايىدا ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئۇ ناتونۇش كىشىلەرگە قارىغاندەك پەرۋاسىز ھالەتتە تۇرۇۋەردى. كېيىن بىردىن ھويلىغا قارىدى. ئوغلۇم يېنىمدا يىغلامسىراپ تۇراتتى. ئۇ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ چاناقلىرىدا ياش ئەگىپ، كالپۇكلىرى يېنىك تىترىدى. قولىدىكى كونىرىۋا قۇتىسىنى ئوغلۇمغا سۇندى. ئوغلۇم قورققىنىدىن يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ شارتتىدە بۇرۇلدى-دە:

— ياش ئىدىڭ، ئالتە دەرۋازىلىق كۆلچەككە چۈشۈپ كەتتىڭ. ۋاي ھېنپەك، قېرى جۇۋاينىمەك. كىندىكىڭگە شاپىلاقلا. ياڭاق يەپ ئۆگزىگە چىقتىڭ. ئاناڭغا ئىشتان تىكىپ بەر. ۋاي قومچاق بۇرۇن، قومچاق بۇرۇن، قومچاق بۇرۇن... — دېگىنىچە قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ كېتىپ قالدى.

ئايالىم چىقىپ مېنى قايتۇرۇپ كىرمىگەن بولسا تاشتەك قېتىپ تۇرۇپ كېتەرمىدىممىكىن، مەستكە ئوخشاش دەلدۈگۈنۈپ ئۆيگە كىردىم. گېلىمدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. كېچىسى ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىنى ئەسلەپ، خۇددى بىرى جىگىرىمنىڭ بىر پارچىسىنى كېسىۋالغاندەك چەكسىز ئازاب ئىچىدە قالدىم. ئۇ يەنە كەلدى. ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە مەن ئۆيدە يوق ئىدىم. ئوغلۇم دەرۋازا ئالدىدا ئويناۋاتقانىكەن. ئۇ تۇيدۇرماي ئوغلۇمنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ سۆيۈۋاپتۇ. ئاندىن بۇرنىنى چىمدىۋاپتۇ، ئوغلۇم قورقۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. قوشنىلار كېلىپ ئۇنى ھەيدىۋېتىپتۇ. كېيىن ئۇ يەنە كەلدى. بۇ قېتىم كۈندۈزى ئەمەس، كېچىسى كەلدى.

ئۇ زىمىستان قىشنىڭ بىر كېچىسى ئىدى. تۈن نىسبى بولغاندا ئەتراپتىكى ئىتلار ئەنسىز قاۋىشىپ كەتتى. ئۆينىڭ ئارقىسىدىن خۇددى يىراقتىكى ئېقىننىڭ شىرقىرىشىدەك زەئىپ بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ۋاي زاغرا پاچاق! ئاناڭنى...

ئۇ چاغدا سەن ئۆلمىگەن، كىم سېنى ھەرەمگە ئەۋەتىپتۇ. چىق، چىق... شاپتۇلۇمنى ئەگمە، بېشىمغا بالا سالدى.

چىدىيالمىدىم، يۈرىكىم پىژىلداپ ئېچىشقاندەك بولدى. بىردىن پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولاشتى.

— ئۇنى قوتقۇزايلى، — ئايالىمنىڭ بۇ سۆزى يۈرىكىمنى لەختە-لەختە قىلىۋەتتى. ئۇ ھەممىنى تۇيغان، ھەممىنى بىلىپ بولغانىكەن. ئىككىمىز سىرتقا چىقتۇق. مەن ئۇنى چاقىردىم. ئۇنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىمايتتىم. ئاۋازىم شىۋىرغانغا قوشۇلۇپ يىراق-يىراقلارغا كەتتى. لېكىن ئۇ نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. پەقەت ئۇنىڭ قار ئۈستىدە يىراقلارغا سوزۇلغان ئاياغ ئىزلىرىلا قالغانىدى.

شۇندىن كېيىن ئۇ قايتا كەلمىدى.

## 5

تاك، تاك، تاك...

— كىم؟

ئايالىمنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى، ئۇ يېشىنىۋاتاتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

چىراغنى ياقاي دەپ تۇرغىنىمدا ئىشىك
يەنە قېقىلدى. ئايالىم رەنجىگەن هالدا
يەنە توۋلىدى:

— كىم؟

— مەن، مەن. جېنىم ئىشىكنى ئاچ،
چاپسان بول!

كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. گەجگەم
قورۇلۇپ، چىشلىرىم گىرىچلاپ كەتتى.
شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى زورغا بېسىۋالدىم.
ئازغىنىپ قالغان مەست بولسا كېرەك،
دەپ ئويلىدىم. بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز
بېرىشىدىن ئەنسىرىگەن ئايالىم زەردە
بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئىشىكنى ئاچالمايمەن!

كوڭلۈمگە قانداقتۇر بىر ئوي كىرىۋال-
دى. مۇشتۇمنى چىڭ تۈگكەن هالدا
ئىشىكتىن چىقىشقا تەمشىلىۋىدىم، ئايالىم
بوينۇمغا ئېسىلىۋالدى.

— ياق، — دېدىم مەن غەزەپتىن
تىترەپ تۇرۇپ، — مۇنداق ئىشقا چىداپ
تۇرالمايمەن. توختا، ئىشىكنى ئۆزۈم ئاچىمەن!

هويلىغا چىقتىم. مەن يالاڭ ئاياغ
بولغاچقا، هېچقانداق شەپە چىقمايتتى.
بۇ يەردە بىر ئويۇن بولمىسۇن دېگەن
ئوي بىلەن هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدىم.
هويلا ئىچى قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك
قاراڭغۇ ئىدى. ئىشىك يەنە چېكىلدى:

— جېنىم سايرا، مەن سېنى سۆيۈ-
مەن، سېنىڭ سۈزۈك مەڭزىڭ، مەڭزىڭدى-
كى قارا خالىڭ، ئوتلۇق كۆزلىرىڭ مېنى
مۇشۇ هالغا كەلتۈردى. مەن... مەن...

چىداپ تۇرالمىدىم ۋە هويلىنىڭ
ئىشىكنى غەزەپ بىلەن ئاچتىم. ئېگىز
بىر گەۋدە «جېنىم، مەن سېنى...»
دېگىنىچە ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىردى-دە،
غولىچىنى بوركۈتنىڭ قانىتىدەك يېيىپ،
مورەمگە ئېسىلدى. ئۇ غەرق مەست ئىدى.

— ئاه، جېنىم، نېمانچە يۇمشاق،
نېمانچە ئەۋرىشىم سەن! مەن...
مەن... بوگۈن...

كۆزلىرىم غەزەپتىن چاقناپ كەتتى.
بىردىن تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن تۇنجى
ئايالىم هەنىپەنىڭ ئېچىنىشلىق سىماسى—
ئۇنىڭ زىمىستان كېچىدىكى نالىسى، سوغۇقتىن
كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرى، بىليارت تاختىسى
يېنىدىكى ئېرىقتا چاچلىرى چۇۋۇلۇپ سۇنايلىنىپ
يېتىشى، قىپيالىڭاچ هالدا چۆللەردە يۈگۈرۈپ
يۈرگەنلىكى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئاه،
مەن نېمىشقا ئۇنى ئويلىمىدىم. مەن كاماند-
دىروپكىغا چىقىپ كەتكەن ئاشۇ چاغدا
مۇشۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەن بولسىچۇ؟!

مەن تاقەت قىلالمىدىم. قولۇمدىكى
ئورۇندۇقنىڭ پۇتى بىلەن ئۇنى راسا
دۇمباللىدىم. ئۇ ئارقا-ئارقىدىن تەگكەن
تاياق زەربىسىدىن هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
گۈپپىدە يىقىلدى. غەزەپ-پىغانلىرىم
ئاشقانسېرى، شۇنچە قاتتىق ئۇردۇم.
قۇلىقىمغا هەنىپەنىڭ ئاشۇ سوغۇق كېچىدىكى
زەئىپ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. مەن
ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە قاتتىق
ئۇرۇۋەردىم. هەنىپە ئۈچۈن، يېتىم قالغان
ئوغلۇم ئۈچۈن ئۇردۇم. ئايالىم مېنىڭ قارا
تەرگە چۆمۈلۈپ ئۇنى ساراڭلارچە ئۇزۇ-
ۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ قورقۇپ تىترىگەن
هالدا پەنەرنى ياندۇرۇپ چىقتى. مەن
چىراغ يورۇقىدا قانغا مىلىنىپ ياتقان
گەۋدىگە كۆز تاشلىدىم-دە، هاڭ-تاڭ
قالدىم. يەردە ياتقىنى ئۇستازىم ۋەلى
چوڭ ئىدى. تۇنجى قېتىم ئىسكىرىپكىنىڭ
كامالچىسىنى قولۇمغا تۇتقازغاندىلا، مەن
ئۇنى ئۇستازىم دەپ ئاتىغانىدىم. سەنئەت
ئۆمىكىگە كەلگەن ئون يىلدىن بېرى ئۇنى
ئۆز ئاكامدەك هۆرمەتلەپ كەلگەنىدىم.
ئۇ تولىمۇ چىقىشقاق ئادەم ئىدى. بېشىغا

قانچە چوڭ كۈلپەتلەر، ئازاب-ئوقۇبەتلەر ياغسىمۇ، تۇرمۇشتا بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسىمۇ كۈلۈمسىرەپلا يۈرەتتى.

— ھەي ئۇكا، — دەيتتى ئۇ دائىم ماڭا، — بۇ جاھاننىڭ خوۋلۇقلىرىنى بىلىپ بولمايدۇ، ئاخىرى بىر چىمدىم توپىغا ئايلىنىمىزغۇ؟ كۈلىمىز، يىغلايمىز، گاھ بۈركۈتكە ئوخشاش پەرۋاز قىلىمىز، گاھ قۇرتتەك ئۆملەيمىز. ئادەم دېگەن ھەممىگە چىدايدۇ...

ئۇ سەنئەت بۆمكىنىڭ گۈلى ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تالانت ۋە جۈرئەت بار ئىدى. مەن ئۇنىڭ تالانتىغا قول قوياتتىم. تۇنجى ئەسىرىم ئېلان قىلىنغان كۈنى بەكمۇ خۇشال بولدۇم. بۇ ئەسىرىمگە ئۇ يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرگەچكە، ئۇنى مېھمان قىلدىم. ئايالىم ئىككىمىز پايپېتەك بولۇپ ئۇنى كۈتتۇق.

— خوش ئۇكام، — دېگەنىدى ئۇ دەل ھويلىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شۇ تاپ ئۆزى سۇنايلىنىپ ياتقان جايغا كېلىپ توختاپ، — بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىدىغان بولدۇق... ئەمدى يولۇڭ ئېچىلدى... ئەتە-ئۆگۈن مەشھۇر ئادەمگە ئايلىنىسەن...

ئۇ كۆپرەك ئىچىپ سالغاچقا، سەل كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. مەن ئۇنى ھويلا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم. ئۇ ھاياجان بىلەن يەلكەمگە قولىنى قويدى.

— ياز، ئۇكا، تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ ياز. شۇ چاغدىلا ھەقىقىي بۈركۈتكە ئايلىنالايسەن.

كۆپ ئۆتمەي مەن كاماندىروپكىغا ماڭدىم. ئايالىم ھەنپە ئۈچ ياشلىق ئوغلۇم بىلەن ئۆيدە قالدى. ئاڭلىسام مەن كېتىپ ئىككىنچى كۈنى كەچتە ئۇستازىم ئىشىكنى چېكىپتۇ. ئايالىم ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئۇنىڭ مەستلىكىنى كۆرۈپ خاۋاتىرلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىغا داستىخان ساپتۇ. ئايالىم كىتاب ئوقۇشقا، مۇزىكا ئاڭلاشقا بەكمۇ ئامراق ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. ۋەلى چوڭ باش توخۇ چىللىغانغا قەدەر ئولتۇرۇپتۇ. شېرىن-شېكەر سۆزلىرى بىلەن ئايالىمنى ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولۇپتۇ ۋە ئاخىرى ئايالىمنىڭ يالۋۇرۇشلىرى، تىللاشلىرى، قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە قارىماي ئۇنىڭغا چاڭگال ساپتۇ، دەل شۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئايالى ئايىم ھەدە كىرىپ قاپتۇ. ئۆيدە چىراغ ئۆچۈرۈلگەنىكەن. ئايىم ھەدە يولدىشى ۋەلى چوڭنىڭ ئۆزىنىڭ شاگىرتى، جان دوست سىردىشىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ئۈستىدە خۇددى قىيادىكى بۈركۈتتەك قونۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك قاتتىق چىرقىراپتۇ... ئارقا مېڭىسى بىر يەرگە قاتتىق تېگىپ كەتكەن ھەنپە شۇ كېچىسىلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ماڭا شۇ چاغدىكى ئايروپىلان بېلىتىنى ۋەلى چوڭ ھەل قىلىپ بەرگەن. بۇ قېتىممۇ شۇ ھەل قىلىپ بەردى. ئەمما مەن بارىدىغان جايدا تۇمان بەك قويۇق بولغاچقا نۆۋەتچى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى كېچىكتۈرۈلگەنىدى. مۇبادا ئۇچۇپ كەتكەن بولسام، يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرەتتىكىن؟

خىيالىمغا ھەنپە كەلدى. ئۇ ھازىر چۆلدە قىپيالىڭاچ ھالدا يۈزىنى قىزىل بوياپ كېتىپ بارىدۇ. چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى قىلىدۇ، گاھ كۈلۈپ، گاھ يىغلايدۇ. خىيالىمۇ يېتىپ بارالمىغۇدەك يىراق بىر يەرگە قاراپ جان-جەھلى بىلەن يۈگرەيدۇ...

مەسئۇل مۇھەررىر **كامىل تۇرسۇن**

ئەخمەتجان تۇرۇپ

# سەھرادىكى بۇلاق كۈيلەيدۇ

## تەتۈر قىسمەت

تاشلاندى كۆۋۈككە يىرتقۇچلۇق تىلەك،
چىلاندى سارغايغان سۆيگۈ كۆز ياشقا.
ئۈيغىنىپ قۇيۇننى تىكەنلىك ئۆسەك،
توزىغان چېچەكنى ئۇردى قىر تاشقا.

چېپىلدى ئايپالتا ئارچا بېلىگە،
مىقتالدى بۇلاقنىڭ كۆزىگە بۆگەچ.
پېتىم ھېس جۆيلۈشكە قالغاچقا پېتىپ،
سەرسان روھ چۈشەيدۇ باھارنى بۇ كەچ.

## كولدۇرما ناخشىسى

كۈن نۇرىنى چاڭقاتقان تىلسىم ئۈۋىسى،
باغرىڭنى ئاچ ماڭا، سەگىتىپ ئۆتەي.
بۇزسامۇ چۈشۈڭنى تولغىما بويۇن.
قاغجىراق لېۋىڭگە بىرنىلا سۆيەي.

قانغۇسى چاڭقىقلىك پەقەت بىر لەھزە،
سالامغا چىقمىسۇن سىرلىق ۋەھىمە.
ناخشامغا ئۈنتىزار تۇمەن تاقىر تاغ،
بىركېچە قونغىن دەپ ياستۇق تەڭلىمە.

## كەل يېنىمغا مەن سۆيگەن سەنەم

لەيلىمەكتە دالىدا تۇمان،
تەن بەرگىمگە قوندۇرۇپ شەبنەم.
قامالغانمۇ ئۆڭكۈرگە گۇگۇم،
ماڭا شۇ تاپ ئاقلىقلا ھەمدەم.

ئاچقاچ ئاق يول قۇچىقىنى كەڭ،
ماڭا شۇ تاپ ئاقلىقلا ھەمدەم.
سۈت قەلبىڭگە تېمىتاي مەلھەم،
كەل يېنىمغا مەن سۆيگەن سەنەم.

كەل يېنىمغا مەن سۆيگەن سەنەم،
بوش قالمىسۇن مۇقەددەس ماكان.
ئاق تىلەككە كېلەر نېمە تەڭ!؟
كۈي كۈيلەيلى ئاق يولدا راۋان.

## ئۈزىماقتا خىيالچان يىگىت

ئۈزىماقتا خىيالچان يىگىت
ئالتۇن قۇمنىڭ كۆكسىگە دەسسەپ.
ناخشىسىنى يوقاتمىدى ھېچ
كەلگەندىمۇ بورانلار دەۋرەپ.

ئۈزىماقتا خىيالچان يىگىت
قىلىۋېلىپ تەقدىرنى چاكار.
ئويغانماستا ئۇيقۇسىدىن توڭ،
چۈشۈۋالدى ئىزىغا باھار.

## تەنھالىق لىرىكىسى

كۈيلىرىمنى يۇتتى قەھرىتان
سەنسىز جېنىم ساتما كۈلبىدە.

ۋۇجۇدۇمنى چىرمىدى تىترەك،
باسقان كەبى تاغلار گۆپپىدە.

كۆلۈپ بەرمەس بوپ قالدى ئېغى
ئالتۇن كۈننى يوشۇرغان كۆزنەك.
خىيالچان بوپ قالدى ئۆڭگەن تام،
غېرىپ چالدىن ئالغاندەك ئۆرنەك.

يۇلتۇز ئۇۋا سالغان تورۇسقا
ئۆمۈچۈكلەر تىكلىدى چېدىر.
باراڭدىكى ناخشىچى دەمدەر
دان بەرسەمۇ قىلمىدى قىمىر.

شۇڭا بۈگۈن يولۇڭغا قاراپ،
بۇتناشلىرىم تۇرار ئېگىپ بەل.
يۈرىكىمىز سىپلىشسا گىرە
ئۈيۈپ قالار مەڭزىمدىكى سەل.

## تەسكەي بۇلاق كۈيلەيدۇ

ئۇزاپ كەتتىڭ، ئۇزىدىڭ ئاستا،
تاشقان كەبى پۇتلىرىڭغا تاش.
ئۇچقۇر ناخشا كۈيلۈپ قوقاستا،
دوملاتتى سۆزۈك بىر تال ياش.

ئۇزاپ كەتتىڭ، ئۇزىدىڭ ئاستا،
ئاتەش يۈرەك ئۇستىگە دەسسەپ.
تەسكەي بۇلاق كۆكسى چىڭقىلىپ،
قالدى مۆڭلۈق-مۆڭلۈق ئىسەدەپ...

## شېئىرلىرىم كۈلسەن قاچان

يىرىقلاردىن تۇرىدۇ ماراپ،
يۈرىكىمنى سۆزۈك بىر يىغا.
كىرىۋالدى چۈشۈمگە تەكرار
ئىس چىڭقالغان قاپقارا جىلغا.

ئاق كېچىدە ئۇچقان خىيالنى،
قىلدىڭىنە كەم-كەملەر بوزەك.
قالدى بۇدەم ئۈستەك جىلۋىسىز،
تۇنجۇققاندەك يامغۇردا غوزەك.

هالسىرىدى ئۇچقۇر قەدەممۇ،
تور تاشلىغاچ يوللارغا مانان.
ئازاد بولۇپ كۆز ياش كۆلىدىن،
شېئىرلىرىم كۈلسەن قاچان؟

## تەنها قالدىڭ دېمە ئەزىزىم

كەتتىڭ، ئەمما قەلبىم ئىزىنى
سۆكۈتلەرگە ئاچمىدى قۇچاق.
كۆكاتلىرى كۆككە بوي سوزۇپ،
غەزەل توۋلاپ يۈرمەكتە ياڭراپ.

كەتتىڭ، ئەمما ئۈمىد قۇشۇمنى
پەر قاققۇزدۇڭ يەنە بىر بالداق.
ئايىغىمدا قالدى ئىز-راپ بوش،
يۈرىكىمگە ئېتىلغان تاياق.

كەتتىڭ ئەمما ھايات يولۇمنى
قىلىۋەتتىڭ تېخىمۇ ئاپئاق.
سۆيەر جەزمەن مېنىمۇ بىرى،
تەنها قالدىڭ دېمىگىن قىزچاق.

## كۈتەر كۆلكەم يېقىن بىر جايدا

چۈكۈپ كەتتىم كۆكۈچ تۇمانغا،
كۆكتىن يۇلتۇز سىرغىپ چۈشكەن دەم.
كەلدى چاتقال قولىنى سوزۇپ،
قىلىش ئۈچۈن ئۈزلىرىگە يەم.

تاغ سۈيىنى قويدى ئۇلغايتىپ،
زىنىقىمدىن ئاققان قوش ئېقىن.
تارتىلسىمۇ كۆزلىرىمگە تور،
چېقىپ تۇردى ئېڭىمدا چېقىن.

تۆكسەم كېيىن قۇياشقىلا سىر،
تۇمانلاردىن قالمىدى ئەسەر،
چاتقال كۆلگە ئايلاندى تامام،
زەئىپ ھېسلار قېچىشىپ بەدەر.

قالغاچ زۇمرەت ياسغۇرمۇ توختاپ،
چىقتى ھەسەن-ھۈسەن سالامغا.
ماڭدىم كۆلكەم ئۈزىغان يولدىن،
(ئۇ ساقلىغاچ يېقىن ماكاندا)

ئابدۇكېرىم ئەبەي

## گادىرماش خىياللار

### خىرە ئەسلىدە

مەۋھۇم بىر بوشلۇقنى قىلغاندا قامال،
سايىلەر سىلجىيدۇ ئاستا ۋە ئاستا.
دەريادا يامرىغان بىر ئېزگۈ خىيال
شەپەققە چىلىنىپ تۇرىدۇ قاشتا.

مەندىن پۈتۈلگەن رەڭلەر ھېكمىتى
زۇمرەترەڭ بۇلاقتا قىلىدۇ ناۋا.
قان يۇتقان ئۇيۇقتىن چاچرىغان سەزگۇ
ئالەمگە سىن بېرىپ ئۆتمەكتە مانا.

مايسلار يۈرىكى چاقناتقان تىلەك
كۆك ئاسمان بېتىدە يۈرىدۇ لەيلەپ.
قەدىمدىن قېپقالغان داترەڭ ئابىدە
يىغلايدۇ ئۆزىگە ئېسەنلىك تىلەپ.

قايمۇققان يوللاردا پارلىغان شولا
قورۇنغان شاخلارغا قونماقتا ئاستا.
كۆيگەندە كۆكتىكى ئىلاھىي ھىجران،
چېچەكلەر ئۇھسىنىپ قېلىشتى ئىندا.

ئەلگەكنىڭ كۆزىدىن ئۆتمەكتە ھايات،
جىلمايغان كۆزلەردە ئاداققى ئارمان.
ئۆلۈكلەر تىرىكلەر بوپ قالدى بىر چۈش
بۇ جاھان يەنىلا غۇۋادۇر ھامان.

### مەڭگۈلۈك چۈش

داغلانغان يۈرەكتىن بۇقسىغان ھاۋا
تىننىقلار تەپتىدە زارلايدۇ ئاچچىق.
مۈك-زەرداپ دەستىدىن ئېگىلگەن شاخلار
رىۋايەت سۆزلەيدۇ بولۇپ بىر ناتىق.

تۈن بەرگى ئۈستىدىن چۈشكەن قىزىلگۈل
باياۋان دەشتتە تۇرار ئېچىرقاپ.
جۇدۇنلار تۆككەندە ئەبجەق يېشىنى،
ئېزىلەڭگۈ تەبىئەت قالدى ھالسىراپ.

چۈشلەردىن بالقىغان تەڭرى سايىسى
شەيتاننىڭ كۆزىدە ئۆزمەكتە لەرزان.
بۇلبۇلنىڭ ئاھىدىن خۇن بولغان ئۇيۇق
ئىڭرايدۇ نالە قىپ چەكسىزلىك تامان.

سۈكۈتتىن بىخ يارغان مىغ-مىغ سۇئاللار
سائەتنىڭ ئۈستىنى ئەگىيدۇ ئاستا.
مىڭ تۈرلۈك ۋەھىمە كەلگەندە دەۋرەپ،
تاغلاردىن ياشا دەپ كەلدى بىر سادا.

تۇزانغا مىلىنىپ ياتقان گۆھەر تاش
نۇرلارنى نۇرلارغا ئۇلايدۇ تاڭدا.
چۈشىنىكسىز سىرلاردىن قېتىپ كەتكەن باش
تەپەككۇز يۈرگۈزەر ئۈمىد-ئارماندا...

ئابدۇلئەھەت داۋۇت (شەھلائى)

# بېھىش ئەنداز ئالغان دىيارىم

## ھايات ئىشقى

چىغىر يولدا كېلەر چۇمۇلە،
كاتاڭلارغا نەچچە مۇدۇرۇپ.
گاھ چوققىلار توسسا ئالدىنى،
ئىقىنلار گاھ كېتەر چۆكۈرۈپ.

چاتقاللارغا ئۇرىدۇ گاھى
قىلىپ ھەيۋە تەلۋە قۇم-بوران.
جاراھەتكە تولغاچ بەدىنى
قەدىمىنى يۆتكەيدۇ ئاران.

كۆتسمۇ گەر نى-نى سىناقلار،
كەتمەس ئۈمىد كېمىسى چۆكۈپ.
كۆز ئالدىدا پارلايدۇ مەنزىل،
قۇياش كەبى تال-تال نۇر تۆكۈپ...

## باھارنى سېغىنىش

ئېلىنمايدىكەن
كۆل بويىنغا چۈشكەن مۇز تاقاق،
كەلمىسەڭ ئەگەر.

مۇز لاگىرىغا قامالغان بېلىق،
ئارامىنى قويار يىتتۈرۈپ.
(قىلالمىغاچ ۋاقتىنى پەرق)
كەلمىسەڭ ئەگەر.

دالىدىكى يالىڭاچ ئورمان
يوقىتىدۇ ئەقىل-ھوشىنى،
كۆرەلمەيدۇ يېشىل چۈشىنى،
كەلمىسەڭ ئەگەر.

## قالدى تۈلكە تۇتۇلۇپ

ھىيلىسىنى قىلىپ دەسمايە،
پەيزى سۇرۇپ يۇرەتتى تۈلكە.
تۇيۇقسىزلا چۈشۈپ قىسماققا،
غايىب بولدى چېھرىدىن كۈلكە.

كۆرەڭلەپ ئۇ قاقاتتى مەيدە:
پېقىر كىمگە كەتكەن ئۇتتۇلۇپ؟
قىزىق يېرى قالغىنى ئۇنىڭ
توقسان ياشلىق چالغا تۇتۇلۇپ.

## سەھرا — ئانام

زورلىمىغىن شەھەرگە مېنى،
جېنىم-پاكلىق مۇجەسسەم سەھرا.
بۆشۈكۈمدۇر ئىللىق باغرىدا
ئەركىلەتكەن يېشىلزار دالا.

ئاشىقىدۇر تىنىقلىرىمنىڭ
گۈلنى سۆيگەن سەھرا ھاۋاسى.
سىڭىپ كەتكەن قەلبىم بېتىگە،
قۇشلارنىڭ شوخ كۈيى-ناۋاسى.

بېھىش ئەنداز ئالغان باغلىرى
تۇغدۇ بال (بالدىنمۇ ئارتۇق...)
ئىپار پۇتقان ئەركە ساباھلار
قىلار بەخت، شادلىقنى تارتۇق.

خىسلەت كانى، بايلىق داستىخنى
ھەم ئۈگمەس رەڭ قەلبىمدە ئەبەت.
ئوغۇزنى يۇتتۇم، ئۇ — ئانام،
پەرزەنتلىكىم — بۈيۈك مۇھەببەت!

## چوققىلار

(بىر شائىرغا تەقلىد)

ئېگىلمەڭلار كۆك تىرىگەن چوققىلار،
تاغ دېگەن ئۇ تىك تۇرۇشقا يارالغان.
سىلەر ۋەتەن پەخرى، غەزەپ خەنجىرى،
قارا بۇلۇت يۈرىكىگە قادالغان.

ئېگىلمەڭلار كۆك تىرىگەن چوققىلار،
كۆكسۈڭلارغا ھوقۇش ئۇۋا سالمىسۇن.
سىلەر تاۋلاپ قانات قاققان بۈركۈتنىڭ
باغرى سۇنۇپ ئەلەم چېكىپ قالمىسۇن!

**مۇھەممەتجان يۈسۈپ**

## مۇھەببەت شۇنداق

ئەللەيلەپ كۆكسۈڭنىڭ تەۋرىنىشىدە،
قاچانكى ئۇقۇلسا بىر ناخشا شۇنداق.
يۈرەككە ئۇرۇلغان تۇنجى زەخمەك ئۇ،
ئۆتكۈنچى ھېسسىيات دېمىگىن ئۇنداق.
بىلگىنكى مۇھەببەت دەسلەپتە شۇنداق.

بارغانچە خىيالىڭ ئاقار يىراققا،
كېزىدۇ تونۇشسىز روجەكلەرنى ھەم.
ئەركسىز مەھبۇستەك ئۆتۈلار تىلىڭ،
ئېپىتالماي سىرىڭنى تىپىرلايدۇ ھەم.
سەزمەيدۇ سۆيگۈڭنى سەن سۆيگەن سەنەم.

يىتمەيدۇ قەلبىڭدىن بىر گۈزەل سىما،
تۈنەيدۇ ناخشاڭدا بىر شېرىن خىيال.
يۈرىكىڭ تارىدا پەرىنىڭ قولى،
ئازابلىق كۈيۈڭگە چالىدۇ رويال.
ئاشىقلىق كەچمىشى ئاشۇنداق بىر ھال.

پىنھانلار ئۇ سېنىڭ لەرزان بۆشۈكىڭ،
كۆلدىكى خىيالچان ئاق قۇ سەن ئۇندا،
كۆزلىرىڭ سۇدىكى ئويناق بېلىقتا،
بولارسەن شۈڭگۈپلا يۇتۇش غېمىدا.
ئىستەكلەر ئېچىرقاپ سەۋدا گاھىدا.

تۈگمەس ئازابلار قەلبىڭنى سېنىڭ
ۋىساللىق شۇ پەيتلەر يەتكىچە تىلغار.
بىر چاغلار چۈشىنىپ سىرىڭنى سېنىڭ،
ئۇمۇ ھەم چۈشىدە تاتلىق تولغۇنار.
شۇ تەرىق ئۆتىدۇ ئارىدىن يىللار.

كۆكسۈڭگە باش قويار بىر كۈن جانانىڭ،
ئەقىدەڭ سۆيگۈڭگە بېرىدۇ ئامال.
سېزىسەن ئۆزۈڭنى تەڭداشسىز غەيۇر،
جىسمىڭدە تاپىدۇ ھېكمەتلەر كامال.
ئالەمدە يېگانە ئىلاھەسەن-ئىلاھ،
ئەتكەندەك بىر يالغۇز جاھانىنى قامال.
مۇھەببەت لەززىتى ئاشۇنداق بىر ھال.



قەييۇم تۇردى

## ئاتاقلىق ئەدىب ئىمىن تۇرسۇن ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز

يولداشلار، دوستلار!

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، بەدىئىي ئەدەبىيات ئىنسانىنىڭ چەكسىز ھېسسىيات كۈچى ۋە تۇرمۇش ئادىمىنىڭ سېھرىي كۈچى ئۈستىدىكى بىرخىل ئىنچىكە ئىزدىنىش پائالىيىتى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىدا ناتۇرالىزم، مودېرنىزم، رومانتىزم، تەنقىدىي رېئالىزم ۋە سوتسىيالىستىك رېئالىزم قاتارلىق ئىجادىيەت مېتودلىرىنى قورال قىلىپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ باردى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئىجادىيەت مېتودلىرىنىڭ ئەدەبىيات ئالىمىدە ماكان، زامان جەھەتتىن پەيدا بولغان ۋاقتى، تۇتقان ئورنى، ئەھمىيىتى، ھاياتىي كۈچى، قىممىتى ۋە ئۆمرى ئوخشاش بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىمى رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودى يازما ئەدەبىيات پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بىر خىل تارىخىي ھادىسە ۋە مۇقەررەرلىك سۈپىتىدە ئۆز قىممىتى، تەسىرى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ دۇنيا قارىشى، بىلىش ئىقتىدارى، ئىجادىيەت پىسخىكىسى، بەدىئىي غايىسى ۋە گۈزەللىك چۈشەنچىسى ئوخشىشىپراق كېتىدىغان زور بىر تۈركۈم ئەدىبلەر ئوخشاش بولمىغان زامان ۋە ماكاندا تۇرۇپ، رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى قورال قىلىپ، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى ياراتتى، مىراس قالدۇردى.

تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغىنى شۇكى، 20-ئەسىرنىڭ پەردىسى ئېچىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور سۈپەت ئۆزگىرىشى بولدى. رېئالىستىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان، يېڭىچە مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبنى بەلگە قىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ۋە بۇ رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى نۇرلاندۇرىدىغان زور بىر تۈركۈم ئەدىبلەر ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. ئالايلۇق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەخمەت زىيائىي، نىمشېھىت ئارمىيە داموللام، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، شۇكۇر يالقىن، ئابدۇكېرىم خوجا، ئەرشىدىن تاتلىق، تۇردى سامساق، ئەيسا يۇسۇپ، ئابدۇللا تالىپ قاتارلىق ئەدىبلەر خەلقىمىزنىڭ مول مەزمۇنلۇق، رەڭگارەڭ تۇرمۇشىنى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرى، تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە ئۆزىگە خاس ھېسسىيات ئارقىلىق كەڭ ۋە چوڭقۇر يورۇتۇپ بېرىپ،

ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىيات سەھنىسىدە رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرمۇنچە قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىنى تىكلىدى ۋە ئۇنىڭغا خېلى پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىنىڭ پەرۋىشكارلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ 52 يىللىق ئىجادىي هاياتىنى ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللەپ-روناق تېپىشىغا بېغىشلىغان، قەلەمنى قورال قىلىپ مول مېۋە بەرگەن ۋە رېئالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ بېغىنى سۇغۇرۇپ كەلگەن تۆهپىكار ئەدىب، پېشقەدەم شائىرىمىزدۇر.

بىز بۈگۈن ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىكىنى مۇبارەكلەپ، ئۇنىڭ ئىجادىي هاياتىغا بېغىشلانغان بۇ ئەهمىيەتلىك ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنىنى ئۈتكۈزۈۋاتقان چېغىمىزدا، شىنجاڭدىكى هەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى نامىدىن ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە ئىلىم-پەن تەتقىقاتى سەپىرىدىكى هارماس-تالماس پېشقەدەم تۇلپارىمىزنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش ۋە مۇكەممەللىشىپ بېرىش روهىغا چىن قەلبىمىزدىن ئاپىرىن ئوقۇيمىز هەم ئۇنىڭغا چوڭقۇر هۆرمەت-ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا زامانىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملىرىمىزدىن بىرى سۈپىتىدە كۆپ تەرەپلىمە ئىجادىي ئەمگەك ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى، جۈملىدىن تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، تەرجىمشۇناسلىق ساھەسىدە ئۆزىگە خاس يول، نۇقتىئىينەزەر ۋە ئۇسلۇب بىلەن قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق جامائەتچىلىكنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان كۆپ قىرلىق مۇتەخەسسىس بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، بىزنىڭچە، يەنىلا ئالدى بىلەن بىر بۈيۈك ئەدىب ۋە شائىردۇر.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيىتى 1942 - يىل 1 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «لېنىننى ئەسلەش — لېنىن يولىدا ئالغا!» ناملىق پوبلىستىك ماقالىسى بىلەن باشلاندى ۋە ئۇ «دەۋرانى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىرىي ئەسەرلىرىنى كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلىشقا باشلىدى. ئۆتكەن 50 يىل مابەينىدە ئىمىن تۇرسۇن ئاكا ماتارىپ، نەشرىياتچىلىق، خەلق ئەدەبىياتى، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى، تەرجىمە، تەھرىرلىك ۋە لۇغەتچىلىك ساھەسىدە جاپالىق، ئۈنۈملۈك ئەجىر قىلىپ، مول مېۋە بېرىپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇناسىپ ۋە قىممەتلىك ئىز قالدۇردى.

شائىرنىڭ هازىرغىچە ئېلان قىلىنغان تېماتىك مەزمۇنى روشەن، ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى كەڭ، شەكلى خىلمۇ خىل، تىلى پاساھەتلىك ۋە چوڭقۇر پەلسەپۋى پىكىرلەر بىلەن سۇغۇرۇلغان «هەۋەس»، «سەپەر سەزگۈلىرى» ۋە «تارىمدىن تامچە» ناملىق نەزمىي، نەسرىي توپلاملىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزىقىپ ئوقۇشىغا ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى. بىرمۇنچە ئېسىل شېئىرلىرى، جۈملىدىن «چىمەننەگۈل»، «كەلدى نەۋرۇز»، «بۇلبۇل بىلەن تۇتى» قاتارلىق مەسەل هەم شېئىرلىرى هەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى ۋە خەنزۇ، ئىنگلىز هەمدە ئېلىمىزدىكى بەزى قېرىنداش مىللەتلەر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر توپلاملىرىغا

تاللاپ كىرگۈزۈلۈپ تونۇشتۇرۇلدى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان يەنە بىر تۆھپىسى تەرجىمىشۇناسلىقتۇر. ئەدەبىي تەرجىمە، مەلۇمكى، يېڭىدىن پىششىقلاپ ئىشلەش، قايتا ئىجاد قىلىش جەريانىدۇر. ئىمىن تۇرسۇن ئاكا پىشقان بىر ئەدەبىي تەرجىمان سۈپىتىدە، ئۇزاقتىن بۇيان، دۇنيا ئەدەبىياتى ۋە ئىلىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىرمۇنچە ئېسىل ئەسەرلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇشنى مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ھەمدە بىزنىڭ شەرەپلىك تارىخىي بۇرچىمىز دەپ قاراپ كەلدى ۋە بۇ جەھەتتە ئىزچىل تەشەببۇسكار بولدى.

40 يىلدىن بۇيان ئۇ ئۆزى باشلامچى بولۇپ بىرمۇنچە ئېسىل رومان، دراما، لۇغەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىگە دائىر يېڭى بىلىملەرنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى، شۇنىڭدەك جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىسى ھېسابلانغان يىرىك رومان «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نى باشتىن ئاخىر ئۆزى تەھرىرلىدى، بېكىتتى ھەمدە بۇ چوڭ ھەجىملىك رومانىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ تەرجىمە قىلدى.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىمىن تۇرسۇن ئاكا 1949-يىل 12-ئايدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى بىرىنچى بولۇپ تەرجىمە قىلىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىپ، جامائەتكە تونۇشتۇردى. «نۇتۇق» نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنىشى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئىتى ساھەسىدە ئەينى ۋاقىتتا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە زور ۋەقە ئىدى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ كىشىنى رازى قىلىدىغان يەنە بىر ئالاھىدە تۆھپىسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ۋە قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش، توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدۇر. يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە ئۇ، ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا ياردەملىشىپ، بۇ ئورۇندا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى قول يازما ۋە چاپى نۇسخا ئەسەرلەرنىڭ 1000 پارچىسىدىن ئارتۇقراقىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، رەتلەپ، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى بېكىتىپ چىقتى. «زەلىلى دىۋانى»، «تارىخ تەبەرى»، «دىۋانى ھېكمەت» قاتارلىق قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراسلارنى نەشرگە تەييارلىدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ناۋائىي ئەسەرلىرى تەتقىقاتىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، يىراق تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن بىرمۇنچە ئىلمىي، نەزەرىيىۋى تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى بەزى مۇھىم بوشلۇقلارنى تولدۇردى.

بىز يەنە ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ يېقىندا جاپالىق ئەمگەك ۋە ئەستايىدىل ئىزدىنىش بەدىلىگە پۈتكەن «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخى»، «ئون ئىككى مۇقامنىڭ مىللىي خاسلىقى» ۋە «بىلىم ئېگىزىدىن تېرىلگەن باشاقلار» ناملىق ئىلمىي

ئەمگەكلىرىنىڭ تېزراق جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىنى سەممىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

يولداشلار، دوستلار:

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتى بۇ بىر-ئىككى يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى جانلاندۇرۇش، تۆھپىكار ئەدىب، يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قەدىرلەش ۋە كەڭ ئىجادىيەت خادىملىرىغا ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە بىر قاتار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزدى، ئېيتايلۇق، تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، ئىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن لىيۇشياۋۋو، شۈكۈر يالقىن، ۋاڭ يۈخۇ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، يۈسۈپ ماماي، ئەلقەم ئەختەم، قۇرمانغالى ئوسپان، مەھەممەتجان سادىق ۋە بۈگۈن بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۋاتقان ئىمىن تۇرسۇن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ئەدەبىيات مۇنبىرىگە زور خۇشاللىق ۋە جانلىنىش ئېلىپ كەلدى. بۇندىن كېيىن بۇ خىلدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كۆپرەك ئۆتكۈزۈشىمىز، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم.

يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش جاڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋە ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق 4-ئومۇمىي يىغىننىڭ چاقىرىقىغا ئەمەلىي جاۋاب قايتۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە كېلەر يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ 50 يىللىقى خاتىرىلىنىدۇ. بېيجىڭدە دۇنيا ئاياللىرى قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلىدۇ ھەمدە دۇنيا كىنو سەنئىتى مەيدانغا كەلگەنلىكىنىڭ 100 يىللىقى تەبرىكلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق ئاۋاز قوشۇپ مۇبارەكلىشىمىزگە مۇھتاج. كۆپچىلىكنىڭ بۇ چوڭ ئىشلارغا مۇناسىپ ئاۋاز قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا ئاتاقلىق ئەدىب، پېشقەدەم شائىر ئىمىن تۇرسۇن ئاكىغا سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر، ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابلىز ئاتاۋۇللا

# ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ تىلشۇناسلىق، تىل-يېزىق خىزمىتى ساھەسىدىكى تۆھپىلىرى مەڭگۇ قەدىرلىنىدۇ

بۈگۈن بىز بۇ يەرگە جەم بولۇپ، يېتىلگەن ئەدىب، پېشقەدەم تىلشۇناس، تونۇلغان تەرجىمان، مۇھەررىر، تارىخچى يولداش ئىمىن تۇرسۇننىڭ ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي پائالىيىتى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزمەكتىمىز. بۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ۋە خاسىيەتلىك ئىش. مەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىدىكى بارلىق كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ۋاكالىتەن مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! ئىمىن تۇرسۇن ئاكىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

يولداش ئىمىن تۇرسۇن ئۆزۈن يىللىق ھاياتىدا ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، بارغانسېرى پىشىپ يېتىلىپ، جاپالىق ئىجادىيەت، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك نۇرغۇن ئەسەر-ماقالىلەرنى يېزىپ، شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكە مۇھىم تۆھپە قوشقان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى. ئۇ يېتىلگەن ئەدىب، تەرجىمان، مۇھەررىر، تارىخچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناس. يولداش ئىمىن تۇرسۇننىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى تەتقىقاتى ۋە ياراتقان زور نەتىجىسى ئۇنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە، مىللەتكە قوشقان تۆھپىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

ھەممىزگە مەلۇمكى، تىل-ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى، تىل-تەپەككۇر قورالى، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئالاقە قىلىش قورالى. يېزىق — تىلنىڭ بەلگىسى. تىل — مىللەتنىڭ تۆت مۇھىم بەلگىسىنىڭ بىرى. تىل-يېزىق ھەرقانداق مىللەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھېچقانداق ئادەم، جەمئىيەتتىكى ھېچقانداق ئىش تىل-يېزىقتىن ئايرىلالمايدۇ. تىل — يېزىق بولمىسا، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ، پەن-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا مىللەتنىڭ مىللەت بولۇپ تۇرۇشى، جەمئىيەتنىڭ جەمئىيەت بولۇپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر مىللىتىگە ئوخشاش ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي تىل. ئۇيغۇرلار تارىختا خېلى بۇرۇنلا ئۆز يېزىقىنى ئىجاد قىلغان ۋە قوللانغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەرياندا ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغان، بېيىغان ۋە

مۇكەممەللەشكەن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقى تېخىمۇ تېز راۋاجلاندى، بېيىدى ۋە مۇكەممەللەشتى. پارتىيە ماركسىزمنىڭ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى پرىنسىپىنى مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ تۈپ پرىنسىپى قىلىپ بېكىتتى. ئاساسىي قانۇندا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەممە مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە دەپ ئېنىق بەلگىلىدى، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى كىرگۈزدى، مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى توغرىسىدا نۇرغۇن قارار، بەلگىلىمە، ئۇختۇرۇش، قانۇن-نىزاملارنى چىقاردى. مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، خىزمەت ئاپپاراتلىرى، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنى قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، تىل-يېزىق كادىرلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرى قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى، خىراجەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئوبدان شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى، شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 40 نەچچە يىل داۋامىدا، شىنجاڭنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتى يېڭى تارىخىي دەۋرگە، سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىش ۋە گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ئۈزلۈكسىز بېيىدى ۋە مۇكەممەللەشتى، تىل-يېزىق ساھەسىدە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر ئۇيغۇر تىلى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم قورالغا، ئوقۇش-ئوقۇتۇش تىلى، مەدەنىيەت تىلى، پەن-تېخنىكا تىلىغا ئايلاندى، ھەر جەھەتتىن راۋاجلىنىپ، بېيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئىپادىلىگىلى بولىدىغان ھەرقانداق چوڭقۇر ئوي-پىكىر، ئىلمىي كۆز قاراش، نەزەرىيە ۋە نازۇك ھېس-تۇيغۇنى بىمالال ھەم توغرا ئىپادىلىگىلى بولىدىغان، چوڭقۇر نەزەرىيىۋى، ئىلمىي ئەسەرلەر، مۇنەۋۋەر بەدىئىي ئەسەرلەرنى يازغىلى ۋە تەرجىمە قىلغىلى بولىدىغان تىلغا ئايلاندى، يېزىقىمىزمۇ كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللەشكەن، جەمئىيەتنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرالايدىغان يېزىققا ئايلاندى. بۇ تەرەققىيات ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە غەمخورلۇق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ماركسىزملىق مىللىي سىياسىتى، مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا تىل-يېزىق خىزمىتى خادىملىرىنىڭ، بولۇپمۇ بىر تۈركۈم پېشقەدەم تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئىشلەپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئىزدىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، تىل-يېزىق ساھەسىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى توغرا ۋە ئىلمىي يوسۇندا ھەل قىلىپ، تىل-يېزىقىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشقا زور تۆھپە قوشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. يولداش ئىمىن تۇرسۇن ئەنە شۇنداق جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، زور تۆھپە ياراتقان پېشقەدەم تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ بىرى.

يولداش ئىمىن تۇرسۇن ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا تىرىشىپ ئۆگىنىپ خەنزۇ، ئەرەب، پارس، رۇس تىلىدىن ئاساسىي ساۋاتقا ئىگە بولغان ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، يەنى

1950 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە باشقا ئورۇندا ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن تىل - يېزىق ساھەسىدىكى خىزمەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان. مەسىلەن، 1950 - يىلى شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ئۆتكۈزگەن تىل - ئىملا كونفېرېنسىيىسىدە ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىكى ئەرەب تىلىغا خاس بولغان « ع، ذ، ط، ظ، ث » قاتارلىق سەككىز ھەرپنى قىسقارتىپ، يېزىقنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1952 - يىلى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاچقان ئۇيغۇر تىلى ئىملاسى ھەققىدىكى سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئالمۇتا ئىملا كونفېرېنسىيىسىدە تۈزۈلگەن ئىملا قائىدىسىنى شەرتلىك قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارارنى ئىشلەشكە ئىشتىراك قىلغان. 1954 - يىلى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان ۋە بۇ ھەيئەت ئاچقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسى ھەم ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەش سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە « ئې، ئى، ي » فونېمىلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان ئۈچ ھەرپ بىلەن ئىپادىلەش توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يولداش ئىمىن تۇرسۇن 1956 - يىلى تىل - يېزىق تەتقىقات كومىتېتىغا يۆتكىلىپ، تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان ۋە بۇ كومىتېتتا 1962 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كەتكىچە سەككىز يىلدەك ئىشلىگەن. ئۇ بۇ مەزگىلدە تىل - يېزىق ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىشىغا تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. مەسىلەن، 1956 - يىل 8 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 1 - نۆۋەتلىك تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەشكىللەش خىزمىتىگە قاتناشقان، يىغىندا بېرىلگەن ئاساسىي دوكلاتلارنى يېزىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، يىغىندا « ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەش مەسىلىسى » دېگەن تېمىدا دوكلات بەرگەن. ئۇ بۇ دوكلاتىدا ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ ئاساسىي دىئالېكت بار دېگەن قاراشنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭدەك ئاتالغۇلارنى ئىشلەشتە خەلقنىڭ جانلىق تىلىنى ئاساسىي مەنبە قىلىش، ماركسىزم - لېنىنىزم پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش، باشقا مىللەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش دېگەن ئۈچ پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شەرھلىگەن. خەنزۇ يولداشلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن « ئۇيغۇر تىلى » دەرسلىكىنى تۈزگەن. 1956 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تىل تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ، سابىق سوۋېت تۈركولوگى تېنىشۇ بىلەن بىرلىكتە 6 - ئەترەتنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان.

يولداش ئىمىن تۇرسۇن 1962 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى تەتقىقاتىنى ئۈزۈپ قويماستىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى ۋە تەتقىقات دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، تەتقىقات مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. مەسىلەن، 1964 - يىلى « خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت » نى تۈزۈشكە ئاكتىپ قاتناشتى. 1976 - يىلى خەنزۇ يولداشلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن « ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس » دېگەن كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇردى. 1979 - يىلدىن تارتىپ، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، « تىل ۋە تەرجىمە » دېگەن ماۋزۇدا خەنزۇ - ئۇيغۇر تىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ ماقالە ئېلان قىلدى. 1980 - يىلى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئاساسىدا، « خاقانىيە تىلى ۋە خوتەن شىۋىسى » دېگەن ماۋزۇدا ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدى.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەممىي غەمخورلىقىدا، يولداش ئىمىن تۇرسۇن باشقا تىلشۇناسلار، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى تەييارلاشتىكى تەشكىللەش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈچمەس تارىخىي مىراسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا بايلىق بولغان «دىۋان» نى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن بىۋاسىتە يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە، مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە، دۇنياغا تونۇتۇشقا تۆھپە قوشتى. «دىۋان» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، «ئۇلۇغ ئالىمنىڭ نادىر ئەسىرى» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى يازدى، بۇ ماقالە گېزىتتە ئېلان قىلىندى، رادىئودا ئاڭلىتىلدى، شۇنىڭدەك ياپونىيە ئوكياما داشۆسىنىڭ پروفېسسورى تاكوجى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلدى. يولداش ئىمىن تۇرسۇن 1982 ـ يىلى «ھون ـ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل تۇغقانچىلىقى» دېگەن تارىخىي ـ ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. 1990 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مىللىي تىللار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇر ـ مانجۇ تىللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئىلمىي دوكلاتىنى ئېلان قىلىپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئۇلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يولداش ئىمىن تۇرسۇن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ۋە باشقا تارماقلاردا ئىشلىگەن كۆپ يىللار داۋامىدا، تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ئاكتىپ قوللاپ كەلدى. يېڭى ئىملا قائىدىسى، ئىملا لۇغىتىنى تۈزۈش، بىرقانچە يىل ئەمەلىيەتتە قوللىنىش ئاساسىدا، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى تولۇقلاش، ئاتالغۇلارنى بېكىتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق تىل ـ يېزىق خىزمىتىگە ئائىت يىغىنلارغا تەكلىپ قىلىناق، ۋاقتىدا كېلىپ قاتناشتى، مۇھاكىمە قىلىنغان مەسىلىلەر توغرىسىدا ئورۇنلۇق، ئەتراپلىق ئىلمىي قاراش، پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇ مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق، توغرا ھەل قىلىشقا كۈچ چىقاردى.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، يولداش ئىمىن تۇرسۇن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يېتىلگەن تىلشۇناس سۈپىتىدە ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئۇيغۇر ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا زور تۆھپە قوشتى. تىل ـ يېزىق خادىملىرى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق، تىل ـ يېزىق خىزمىتى ساھەسىدە ياراتقان زور تۆھپىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ.

ئاخىرىدا يولداش ئىمىن تۇرسۇننىڭ تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى، ئائىلىسى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقاتتا تېخىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى تىلەيمىز!

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

# نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى تۆھپىكار ئۇستاز

ئۇستازلار، يولداشلار، بۈگۈن ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ يەتمىش ياشقا تولغانلىقىنى ھەم ئىلمىي، ئەدەبىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىڭ 52 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقىنىمىزدا ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق، شېئىرىيەت، تارىخشۇناسلىق جەھەتلەردىكى مول ئەمگەكلىرى بىلەن بىللە نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى ئۆچمەس تۆھپىلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

نەشرىياتچىلىق ھەرخىل مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ خەلقنى تەربىيىلەيدىغان، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، خەلققە ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ساھە. ئىمىن تۇرسۇن ئاكا مۇشۇ ساھەدە نەچچە ئون يىللاپ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان تۆھپىكار ئۇستازلارنىڭ بىرى. ئۇ بۈگۈنكى كۈنگىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرى يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ۋە ئىنقىلابىي تىكلەشنىڭ باش لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىش قاتارلىق ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىسلاھاتلارغا دائىر ھۆججەتلەرنى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە دائىر نەزەرىيىۋى ماقالىلارنى مىللىي تىللىدا نەشر قىلىشتا تەشەببۇسكارلىق رول ئوينىدى. ئۇ ئەينى يىللاردا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلىدى. ئۇ مەيلى قەھرىتان قىش كۈنلىرى بولسۇن، مەيلى ھۆل-يېغىنلىق كېچىلىرى بولسۇن، باسما زاۋۇتىنى قاچان تېلېفون قىلسا دەرھال زاۋۇتقا باردى. كېچىلىرى شېرىن ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىپ باسما ماشىنىسى ئۈستىدە كىتابلارنىڭ بېسىلىش نۇسخىلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ قول قويۇپ بەردى. بەزى قېيىن ماتېرىياللارنى تىزىشتا باسما زاۋۇتىدىكى نابورچىكلارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ ئۆزى قول سېلىپ تىزىشىپ بەردى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا كىتابلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا كۆپ ئىزدەندى، تەھرىرلىك ۋە كوررېكتورلۇق تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈشنى تەتقىق قىلىپ ساۋات خاراكتېرلىك ماتېرىياللارنى تۈزۈپ چىقتى.

ئۇ ھەر دائىم: نەشرىياتچىلىق ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە، ئىلمىي خىزمەت، كۆچۈرۈش ھالقىسىدىن تارتىپ كىتاب چىققۇچە بولغان ھەممە ھالقىلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىل تۈزىتىمىغاندا كۆتۈلمىگەن خاتالار سادىر بولۇپ يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا قىلچە بىپەرۋالىق قىلماسلىق لازىم، دەپ ياش مۇھەررىرلەرگە تەلىم بېرىپ كەلدى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا باشقىلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇپلا قالماي، ئۆزىگىمۇ تەلەپچان بولدى. ئۆزى تەھرىرلىگەن، تۈزگەن كىتابلارنىڭ سۈپىتىگە، ئىلمىيلىكىگە ئالاھىدە دىققەت

قىلدى، شۇڭا ئۇ ئۆزى يازغان ۋە تۈزگەن، تەرجىمە قىلغان ۋە تەھرىرلەپ نەشرگە تەييارلىغان نەچچە ئونلىغان كىتابلار كىتابخانىلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالالىدى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە خەنزۇ كادىرلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئۆگىنىشى ئۈچۈن «ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس» دېگەن كىتابنى، شۇنداقلا مىللىي كادىرلارنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشى ئۈچۈن تۇنجى قېتىم «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت» نى تۈزۈپ چىقىپ، مىللەتلەر ئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش جەھەتتە ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئۇ بىر مەزگىل سىياسىي - نەزەرىيىۋى ژۇرنال «ئالغا» نىڭ مەسئۇل تەھرىرلىكىنى زىممىسىگە ئېلىپ، مىللىي كادىرلارنى تۈرلۈك ساۋاتلار بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەشكە ئەھمىيەت بەردى.

ئۇ يەنە «ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى» نىڭ بىرىنچى تومىنىڭ تەرجىمە تەھرىرلىكىگە قاتناشتى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ئىنتايىن شەرەپلىك ۋە مۇشەققەتلىك ۋەزىپە ئىدى، ئىمىن تۇرسۇن ئاكا بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا تەشكىللەش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ئالاھىدە تەغدىرلەندى.

ئۇ دۇنيادىكى، جۈملىدىن جۇڭگودىكى مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلەر ھەم رومانلاردىن «كەلىلە ۋە دەمنە»، «مىڭ بىر كېچە»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «قىزىل قۇياش»، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلىپ ۋە نەشرگە تەييارلاپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىمىزنى بېيىتىشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەھرىرلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ياش مۇھەررىر، تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇلارغا ئىملا مەسىلىلىرىدىن تارتىپ كوررېكتورلۇق، تەھرىرلىك جەريانلىرىدا ئۇچرايدىغان كونكرېت مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش يوللىرىنى ئۆگەتتى. ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى غوللۇق بىر قىسىم تەرجىمان، مۇھەررىرلەر ئەينى يىللاردا ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا نەشرىياتىمىزنىڭ مەسئۇللۇقىنى زىممىسىگە ئالغان چاغلاردىمۇ ئامما بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولدى. كەسپىي جەھەتتە ئاممىغا ياخشى مەسلىھەتچى بولدى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئاممىنىڭ سىرداش دوستى بولدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى ئۇنى بىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەن پېشقەدەم مۇھەررىرلەر ھازىرغىچە ئۇنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي كېلىۋاتىدۇ.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا ئۆزىنىڭ نەشرىيات ساھەسىدىكى ئۇزۇن يىللىق تۆھپىسى ئۈچۈن يۇقىرىدىن نام - مەنپەئەت تەلەپ قىلمىدى، ئەمەل كۆزلىمىدى، نامسىز قەھرىمان بولدى. ئۇ ھەربىر كىتابنى نەشرگە بەرگەندە مىللەتنى، خەلقنى، ۋەتەننى كۆزدە تۇتتى.

بىز يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ نەشرىيات ساھەسىدىكى تۆھپىلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇيمىز.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

ئابدۇرۇپ پولات

# يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى توغرىسىدا

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇچۇر، ئىسلاھات دەۋرىگە كىرىپ كەلگەندىن بۇيان، ھەقلىق يوسۇندا يېڭىدىن يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ۋە ئېرىشمەكتە. بۇ ماقالىدە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ رېئال ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدۇ.

## I ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى

ئەدەبىي ئاخبارات مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەدەبىي ژانىر بولۇپ، ئۇ ئۆزى مەيدانغا كەلگەن ۋە ئەدىبلەر تەرىپىدىن ئايرىم تۈر قىلىپ ئېتىراپ قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە گۈللەپ، ئەدەبىيات گۈلزارىنى زىننەتلەپ كەلمەكتە. بىراق بەزى يازغۇچى ۋە كىتابخانلارنىڭ بۇ يېڭى ژانىر توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئانچە چوڭقۇر ئەمەس، بۇ ھال بىزنىڭ مۇھاكىمىمىزنى مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

«جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ھازىرقى زامان نەسرىي ئەسەرلىرىنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكى، ئەدەبىيات بىلەن ئاخبارات ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ژانىر ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئادەم ۋە ئىشلار جەزمەن چىن بولۇشى كېرەكلىكى بايان قىلىنغان. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ھەققىدىكى كىتابلارنىڭ ئەدەبىي ئاخبارات ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ بەزىلىرى تەپسىلىي، ئۇزۇنراق، يەنە بەزىلىرى ئىخچام، قىسقىراق بولۇپ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق، توغرىدىن توغرا ۋە دەل ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەدەبىي شەكىل ئەدەبىي ئاخبارات دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن چۈشەنچىنى تەبىر ئاساسى قىلىدۇ.

يۇقىرىقى بايان ۋە تەبىرلەرگە ئاساسەن ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن:

بىرىنچى، ئەدەبىي ئاخبارات ئالدى بىلەن بىر ئاخباراتتىن ئىبارەت. ئاخبارات ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ مەزمۇن نېگىزى ۋە قىممەت مەنبەسى. ئەدەبىي

ئاخباراتنىڭ كىتابخانىلارغا ئالدى بىلەن بېرىدىغىنى مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە خەۋەر، زۆرۈر ئاخباراتتىن ئىبارەت. مەلۇمكى، ئاخبارات چىن بولغاندىلا، قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. چىنلىق — ئاخباراتنىڭ جېنى. ئەدەبىي ئاخبارات ئالدى بىلەن بىر ئاخبارات ئىكەن، ئۇنىڭ قىممىتىمۇ مەزكۇر ئاخباراتتا بايان قىلىنغان ئادەم ياكى ۋەقەنىڭ راستلىقى، چىنلىقىنى شەرت قىلىدۇ. ئەدەبىي ئاخباراتنى «ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ۋەقەلەرنى توغرىدىن توغرا (يەنى چىنلىق بىلەن) ئەكس ئەتتۈرىدىغان شەكىل» دېيىشىمىزنىڭ زاكۇن ئاساسى مانا مۇشۇ يەردە. شۇڭلاشقا ئەدەبىي ئاخباراتتا ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق ئوبراز يارىتىشقا، ئويدۇرما ۋەقە ئارقىلىق ھېكايە توقۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئەدەبىي ئاخبارات ئادەتتىكى ئاخبارات ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيلەشتۈرۈلگەن ئاخباراتتۇر. ئەدەبىيلىكنى ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ بايان ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلما مىزانىدىن ئىبارەت دېيىشىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي ئاخبارات بۇ ئۆلچەك ۋە مىزانغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلمىسا تەھقىقكى، بۇ ئەدەبىي ئاخبارات بولالمايدۇ. بىراق ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىدىكى ئەدەبىيلىك ئاخباراتنىڭ چىنلىقىدىن ئىبارەت كۈچلۈك چەكلىمە ئاستىدىكى ئەدەبىيلىك بولۇپ، ئەدەبىي ئاخباراتتا ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش كۆپتۈرۈش، مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغىلى بولمايدۇ. ئەدەبىي ئاخباراتتا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش ۋە چىنلىق مىزانى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولىدۇ.

ئەدەبىي ئاخبارات ئادەتتىكى خەۋەرلەر تىزمىسى بولغان ئاخباراتتىن ئۆزىنىڭ ئەدەبىيلىكى ئارقىلىق تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئەدەبىي ئاخباراتتىكى ئادەم ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى، شۇنداقلا باشقا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر تۈز ۋە تومتاق بايان ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن ئەدەبىي ئىش قوشۇلغان تەسۋىر بىلەن يورىتىلىدۇ. دەرۋەقە، ئەدەبىي ئاخباراتتىكى بۇ خىل ئەدەبىي ئىش قوشۇش باشقا ژانىرلاردىكى ئەدەبىي توقۇلما بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئاخباراتتا بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق ئوبراز يارىتىلمايدۇ، بەلكى بايان قىلىنغۇچى ئادەمنىڭ مەۋجۇت ئوبرازى ۋە ھەقىقىي ۋەقەلەر چىنلىق بىلەن ئەدەبىي ئۇسلۇبتا تەسۋىرلىنىپ، كىتابخانىلارغا ئەينەن تونۇشتۇرۇلىدۇ.

بىراق، ئەدەبىي ئاخباراتتىكى ئەدەبىيلىك بولىسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان قوشۇمچە ياكى بەت تولدۇرىدىغان كاۋاك چالمىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ مەزكۇر ژانىرنىڭ ئەدەبىي سورۇندىكى مەۋجۇتلۇقىنى تەمىن ئېتىدىغان زۆرۈر شەرتلەردىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي ئاخباراتتىكى چىن خەۋەر ۋە ھەقىقىي ۋەقەلىك مەزكۇر ژانىردا نامايەن قىلىنىدىغان ھەقىقەت بولسا، ئەدەبىيلىك ئاشۇ ھەقىقەتنى ئۆزىگە خاس قۇدرىتى ئارقىلىق جىلۋىلەندۈرىدىغان مەجازدۇر. «جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولمىسا.» دېمەك، ئەدەبىي ژانىر ئالاھىدىلىكى بويىچە ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئاخباراتتىكى ئەدەبىيلىك پەقەت ئۆلچەك بويىچە ۋايىغا يەتكۈزۈلگەندىلا، ئاندىن ئۇ ئۆزىدىكى مەجاز كۈچى ئارقىلىق ئەسەرنى كۆزلەنگەن ژانىر گۈزەللىكىگە ۋە ئومۇم ئەۋزەللىكىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئاخبارات باشقا ھەرقانداق ئەدەبىي ژانىرغا ئوخشىمايدىغان كۈچلۈك دەرىجىدىكى ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئىگە ئەسەر بولۇشىنى مەزكۇر ژانىرنىڭ ئالدى بىلەن بىر ئاخبارات ئىكەنلىكى بەلگىلىگەن. ماۋدۇن ئەپەندى ئاخبارات ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىتابخانلار تۇرمۇشتا ئۇنۇتقۇن يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى بىلىشنى تەقەززالىق بىلەن ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا يازغۇچىلار جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن (كۈندە دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدىغان) ئەڭ يېڭى ھادىسىلەرنى كىتابخانلارغا تەپسىلىي تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئالدىرايدۇ. گېزىت-ژۇرناللارمۇ ئۆتكۈر دەۋر تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخباراتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە گۈللىنىشىدىكى سەۋەبلەردۇر.» مېنىڭچە، ماۋدۇن ئەپەندى ئېيتقان «تۇرمۇشتا ئۇنۇتقۇن يۈز بەرگەن ھادىسىلەر» دېگەن سۆز «ئۆتمۈش، ئۇزاق ئۆتمۈش» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئەكسى بولۇپ، ئۇنىڭ «تېخى ئۇنۇتقۇنلا يۈز بەرگەن، ئەڭ يېڭى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىدا شەك يوق. بۇ باياندىن شۇنى چۈشىنىۋېلىش مۇمكىنكى، ئاخبارات دېمەك تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەڭ يېڭى ۋەقە ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەر دېمەكتۇر. ھالبۇكى، ئەدەبىي ئاخباراتمۇ ئالدى بىلەن بىر ئاخبارات ئىكەن، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئادەم ۋە شەيئىلەر ھەققىدىكى ۋەقەلىك جەزمەن يېڭى بولۇشى كېرەك. ئۇنداقتا ئەدەبىي ئاخباراتتا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنىڭ يېڭىلىق دەرىجىسى زادى قانچىلىك بولۇشى كېرەك؟ مېنىڭچە، ئەدەبىي ئاخباراتتا بايان قىلىنغان ۋەقەلىك مەزكۇر ئەسەر كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇرغان شۇ كۈنلەردە تېخىچە داۋاملىشىۋاتقان بولۇشى ياكى شۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغان چاغدا مەزكۇر ۋەقەلىك يۈز بەرگەن جايدىكى خەلقلەر ئەسەردە بايان قىلىنغان ئاشۇ ۋەقەگە، ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىغا شاھىت بولالايدىغان، ۋەقەنىڭ چىنلىقىغا شاھادەت بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، «مايبۇلاق» (ئۆز ۋاقتىدىكى «قاراماي ئەدەبىياتى») ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان «چۆلدىكى تۇنجى چىراغ» ناملىق ئەسەر ھەرگىزمۇ ئەدەبىي ئاخبارات بولالمايدۇ دەپ قارايمەن.

ئارسلان تالىپ، مۇھەممەت مەمتىلى قاتارلىق ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ بىرلىشىپ يازغان ئەسىرى — «چۆلدىكى تۇنجى چىراغ»قا «ئەدەبىي ئاخبارات» دەپ ئالاھىدە ئىلاۋەت بېرىپ ئېلان قىلغاندىن باشقا، «مايبۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىللىق 3-4-قوشما سانىدا ئېلان قىلىنغان «قارا مايىنىڭ ھازىرقى پروزىچىلىقى ھەققىدە» ماۋزۇلۇق ئەدەبىي ئوبزور (تۇرسۇن تالىپ يازغان)مۇ مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاشۇ ئاپتورلارنىڭ ئاتىغىنى بويىچە ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىغا كىرىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ باھا بەردى ۋە كۆپ مەدھىيىلىدى.

مەن «چۆلدىكى تۇنجى چىراغ»نى ناچار ئەسەر دېمەكچى ئەمەسمەن، مېنىڭچە، ئۇ خېلى ياخشى يېزىلغان ئەسەر. بىراق ئۇ ئاپتور ۋە ئوبزورچىلارنىڭ دېگىنىدەك ئەدەبىي ئاخبارات ئەمەس.

دۇرۇس، سېلىم بوۋاي راست ئۆتكەن ئادەم، شۇنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ ھەقىقىي بولغان ۋەقە. ئۇ مۆھتەرەم زاتنىڭ تاكى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ چىن قەلبىدە ھەمىشە

يادلىنىپ، ئەۋلادلار تىلىدا «قارامايىنىڭ تۇنجى ئاھالىسى»، «قارامايىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى»، «چۆلگە تۇنجى چىراغ ياققان ئادەم» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ پاكىت. بىراق پاكىت بىلەنلا ئەدەبىي ئاخبارات يازغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەدەبىي ئاخباراتقا پاكىتتىن باشقا يەنە ۋاقىت كېرەك. ئەگەر پاكىت ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ جېنى بولسا، ۋاقىت ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان قېنىدۇر. ئەڭ مۇھىمى، بۇ ۋاقىت باشقا بىر ۋاقىت ئەمەس، بەلكى «ھازىر» دۇر. «پاكىت» قا «ھازىر» قوشۇلسا، ئاندىن ئەدەبىي ئاخباراتقا لايىق ۋە زۆرۈر بولغان «ئاخبارات» شەكىللىنىدۇ. «پاكىت» قا قوشۇلغان «ئۆتكەن ۋاقىت، ئۆتمۈش» ئادەتتە، «تارىخ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېچىپ ئېيتقاندا، چىن پاكىتقا قوشۇلغان ئۆتمۈش ئارقىلىق، ئەدەبىياتتا تارىخ، تەرجىمىھال، تارىخىي رومان، تارىخىي پوۋېست، تارىخىي ھېكايە قاتارلىقلارنى يازغىلى بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئەدەبىي ئاخبارات يازغىلى بولمايدۇ.

يەنە دېسەك، «چۆلدىكى تۇنجى چىراغ» ھېكايە قىلغان ئادەم — سېلىم بوۋاي راست ئۆتكەن ئادەم. بىراق ئۇ زات 1958 ـ يىلى سېنتەبىردە ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇڭلاشقا بۇ زات ھەققىدىكى ھېكايىنىمۇ كەم دېگەندە مۇندىن ئەللىك يىل بۇرۇنقى چاغ — ۋاقىت ئېتىبارى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ھازىر» ئەمەس بەلكى «تارىخ» تۇر. ئەڭ مۇھىمى، بىز «چۆلدىكى تۇنجى چىراغ» ناملىق مەزكۇر ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئەسەرنىڭ «مۇقەددىمە» سىدىن باشقا، «خەير، ئانا يۇرت»، «سەرسانلىق»، «ئاھ، ئايىقىز»، «سېلىم ئۆيلەنسۇن»، «ئاش بەرگەن قازاننى چاقما، ئوغلۇم»، «يولۇمنى توسما!»، «ئەجەب ئادەملەركىنا؟!»، «مايىبۇلاقتىكى مېھمانلار»، «ماي چىقتى» قاتارلىق بابلاردىن تەركىب تاپقان ئەسلى تېكىستنى ئىچىدىن، ھەتتا يىل، ئاي، كۈنلەرگە ئائىت سانلىق مەلۇماتلارغىمۇ تۇزۇك ئېرىشەلمەيمىز. «تۈن كېچە، ئەل شېرىن ئۇيقۇغا چۆككەن چاغ» دەپلا خۇدايىمنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدىن باشلاپ ھېكايە قىلىنغان بۇ ئەسەر مەيلى ئەسەر قۇرۇلمىسى جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى بايان ئۇسلۇبى جەھەتتىن بولسۇن، كىتابخانغا سېپى ئۆزىدىن بىر پوۋېست تەسىراتىنى بېرىدۇ. ئەمدى ئەسەردە بايان قىلىنغان سېلىم بوۋاينىڭ راست ئۆتكەن ئادەملىكىنى گەۋدىلەندۇرمىسەك بولمايتتى دېسەك، مەزكۇر ئەسەرنى «تارىخىي پوۋېست» دەپ ئاتىساقمۇ بولار. بىراق قانداقلا بولمىسۇن ئۇنى «ئەدەبىي ئاخبارات» دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى خۇددى ئەلىشىر ناۋائىينىڭ مۇندىن بەش يۈز يىل بۇرۇنقى ھاياتىنى ھېكايە قىلىپ ئەدەبىي ئاخبارات ئىجاد قىلغىلى بولمىغىنىدەك، سېلىم بوۋاينىڭ مۇندىن ئەللىك يىل بۇرۇنقى تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپمۇ ئەدەبىي ئاخبارات قۇراشتۇرغىلى بولمايدۇ.

بۇ يەردە شۇنى قوشۇپ قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى باركى، «چۆلدىكى تۇنجى چىراغ» ئاپتورلىرىنىڭ مۆھتەرەم سېلىم بوۋاينىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ھايات پائالىيەتلىرى ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىشى ھەقىقەتەنمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان مەھبۇب ئەمگەك بولغان. مېنىڭچە، ئاپتورلار مۇشۇ جەرياننى، يەنى ئۇلارنىڭ ماتېرىيال توپلاش مۇددىئاسىدا، سېلىم بوۋاينىڭ ماي بۇلاقلىرى گەمسىدە بولغانلىقى، سېلىم بوۋايغا 1893 ـ يىلدىن 1943 ـ يىلغىچە ھەمراھ بولغان توقسان ياشلىق كېرىماخۇن ئاتىنى زىيارەت قىلغانلىقى،

ئۆز زامانىسىدا سېلىم بوۋاي ئەڭ يېقىن ئۆتكەن قازاق قېرىنداش ئەشمەتنىڭ كۆيۈغلى ۋە بوۋاينىڭ ئەڭ ئامراق سۆھبەتدىشى جۇما غازىنى يوقلىغانلىقى، بوۋاينىڭ 50-يىللاردىكى تونۇشى ۋارىسجان تۇردىنى ئىزدىگەنلىكى، سېلىم بوۋاينىڭ چېپە يېزىدىكى تۇرالغۇ قەدىمجايىنى ۋە شۇ يەردىكى ھەمسۆھبەتلىرىنى تاۋاپ قىلغانلىقلىرىدىن ئىبارەت رېئال ئەھۋاللارنى ئەينەن يېزىپ چىققان بولسا، مانا بۇ ھەقىقىي ئەدەبىي ئاخبارات بولغان بولاتتى ۋە كىتابخانلارمۇ ئۇنى ئىنتىراپ، ئاپىرىن تۇيغۇسى بىلەن مىڭ مەرتىۋە سۆيۈپ ئوقۇغان بولاتتى، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، ئەدەبىي ئاخبارات دېگىنىمىز، ھەقىقىي ۋەقەلىك بىلەن ھازىرقى ۋاقىتنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان ئاخباراتقا مۇۋاپىق ئەدەبىي ئىش قوشۇش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان خاس قۇرۇلمىلىق ئەسەر بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيلىك، ئاخباراتچىلىق ۋە ھازىرجاۋابلىقتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىي ژانىردۇر. ھالبۇكى، يازغۇچىلار ۋە بارلىق ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى ئەدەبىي ئاخباراتنى ئوقۇپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنمەي، ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى زۆرۈر تەتقىقاتقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بۇ ژانىرنىڭ ئەدەبىيات سەھنىمىزدىكى بۈگۈنكى ھالىتى ھەققىدە لىللا باھا بېرەلەيمىز ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى كەڭ قۇچاق بىلەن كۈتۈۋالالايمىز.

## II ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ تۈرلىرى

ئەدەبىي ئاخباراتلارنى ئىپادىلىگەن مەزمۇنى، شۇنداقلا قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى بويىچە بىرقانچە تۈرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. مەن دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنى مەزمۇنغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدىكەن دەپ مۆلاھىزە قىلدىم:

بىرىنچى، ھېلىھەم ياشاۋاتقان ئادەم ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى يېزىلغان ئەدەبىي ئاخبارات، بۇ خىل ئەدەبىي ئاخباراتتا بۈگۈنكى زاماندا ياشاۋاتقان، ئۇنىڭ ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق ئەمەلىي نەتىجە ياراتقان، شۇ تۈپەيلى خەلق ئىچىدە يۈكسەك شۆھرەت قازانغان كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرى خاس بەدىئىي ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان بولىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى مۇھەممەت باغراش يازغان « باھار، زېمىن، روھ » ماۋزۇلۇق ئەدەبىي ئاخباراتقا ئوخشاش.

« شىنجاڭ گېزىتى » نىڭ 1992-يىل 21-، 22-، 23-، 24-نويابىر سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان مەزكۇر ئەدەبىي ئاخبارات « مۇقەددىمە »، « تارىخ ئالدىدىكى دەككە-دۈككىچىلىك »، « زېمىن ئويغاندى »، « تېخىمۇ پارلاق ئەتىنى يارىتىش ئۈچۈن » قاتارلىق تۆت بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا شىنجاڭ مىچۈەن ناھىيە گۇمۇدى بازار گۇڭشېسىنىڭ 1981-يىلدىن بۇرۇنقى مۇئاۋىن مۇدىرى، 1984-يىلدىن كېيىنكى پارتكوم شۇجىسى ياسىن تۇردىنىڭ ئىسلاھات باھارىدىن ئالغان كۈچ بىلەن قەلبىدە زامان ۋە زېمىنگە بولغان خوجايىنلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، كونا گۇمۇدىدىن ئىبارەت ئەخلاق زېمىندا قالاقلىق ۋە قاشاقلىققا قارشى كۈرەش ناغرىسىنى چالغانلىقى،

ئەمەلىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئۇيەردە تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىنى ئاچقانلىقى ئەدەبىي ئاخباراتقا خاس ئۇسلۇب ۋە يېتۈك ماھارەت بىلەن بايان قىلىنغان. ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىگە بېغىشلانغان سىمفونىيىگە ئوخشاش ياڭراق ۋە تەسىرچان چىققان بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ تىرىكلەر يېزىلىدىغان ۋە تىرىكلەرگە مەدھىيە ئوقۇلىدىغان شۇ خىل تۈرىگە ئەۋرىشكە قىلغۇدەك مۇنەۋۋەر ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، يېڭىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئۇنتۇلماس ئىش-پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئاخبارات. بۇ خىل ئەدەبىي ئاخباراتتا ۋاپات بولۇپ كەتكىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، ھايات چېغىدا قىلغان بۈيۈك ئەمگەكلىرى ۋە مەھبۇب سىماسى خەلقنىڭ كۆز ئالدىدىن تېخىچە كەتمىگەن ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئۈرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان پائالىيەتلىرى يېزىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى يازغان ئەدەبىي ئاخبارات «ھاكىمنىڭ كەپىسى»گە ئوخشاش.

«ھاكىمنىڭ كەپىسى» ماۋزۇلۇق بۇ ئەدەبىي ئاخبارات 1987-يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا ئالدىنقى يىلى كېسەل مۇناسىۋىتى بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتكەن، خوتەن ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى مۇھەممەتتوختى روزىنىڭ خەلق خىزمەتكارى بولغان ئوتتۇز نەچچە يىل مابەينىدە، ئۆزى ئاددىي كەپىدە ئولتۇرۇپ، جاپالىق ۋە جانپىدالىق ئەمگىكى بىلەن خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ئۆرۈلمەس قەسىر بىنا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت رېئال پاكىتنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ھېكايە قىلغان. مەزكۇر ئەدەبىي ئاخبارات ئۆز ۋاقتىدا، بەجايىكى مۇھەممەتتوختى روزى ھاكىم ۋاپاتىنىڭ يىلىغا ئاتاپ يېزىلغان مەرسىيە بولۇپ، مەرھۇمنىڭ ئۆلمەس ئەمگەكلىرىگە شاھىت ماتەمدار خەلق ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرچاغدا، ئۇ يەنە ئەدەبىي ئاخباراتقىلا خاس بولغان ھازىر جاۋابلىقى ئارقىلىق كادىرلار ئىچىدىكى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بەيگىسىگە ئەمەس، بەلكى ئۆي-جاي سېلىش مۇسابىقىسىگە چۈشكەن، ئۆزى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر بولۇپ بولغىچە كونا كەپىسى قەسىر-ئوردىغا ئايلىنىپ بولىدىغان ھەشەمەتۋاز كادىرلارنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ ئۇرۇلغان بىر شاپىلاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئەلەم ۋە غەزەپتىن چىشىنى غۇچۇرلىتىشقا، يەنە بەزىلىرىنى بولسا، خىجىللىقتىن بېشىنى تۆۋەن سېلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

ئۈچىنچى، ئۈلگە قىلىشقا لايىق ياكى ئىبرەت قىلىشقا مۇناسىپ بولغان مۇئەييەن بىر ئىش-ھەرىكەت ھەققىدە يېزىلغان ئەدەبىي ئاخبارات. بۇ خىل ئەدەبىي ئاخباراتتا كونكرېت ئادەم ياكى بىرەر تىپىك شەخسنى يېزىش نۇقتا قىلىنمايدۇ. بەلكى بۈگۈنكى تۇرمۇشتا بەلگىلىك ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولۇپ قېلىۋاتقان مۇئەييەن بىر ئىش يېزىلىدۇ. بۇ خىل ئىش كىشىلەر ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىغان ياخشى ئىشلار بولۇشىمۇ، ئىبرەت ئېلىپ ساقلىنىشقا ۋە تۈپتىن يوقىتىشقا تېگىشلىك يامان ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى يازغان «رەڭگارەڭ ئالۋاستىلار» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتقا ئوخشاش.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 7-سانىدا ئېلان قىلىنغان «رەڭگا رەڭ

ئالۋاستىلار » ماۋزۇلۇق ئەدەبىي ئاخبارات « ئەخمەتجان پاجىئەسى » ، « قارا ئالۋاستى ئاپىتى » ، « چېكىلمەيدىغان زەھەرلىك چېكىملىك » ، « ئاق ئالۋاستى » ، « ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇزايلى » ، « ئەخمەتجان پاجىئەسىنىڭ خۇلاسىسى » قاتارلىق ئالتە بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا جەمئىيەتتە خۇسۇسەن ياشلارنىڭ جىنىغا ۋە روھىيىتىگە زامىن بولۇۋاتقان ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئومۇمىي ساپاسىغا ئېغىر دەرىجىدە تەھلىكە سېلىۋاتقان خروئىن، نەشە، مەجۇن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تولىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ « رەڭگا رەڭ ئالۋاستىلار » دەپ ئاتايدۇ ۋە ئاشۇنداق ئالۋاستىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان مەرھۇم ياش گىتارچى ئەخمەتجان مەتمىن پاجىئەسىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق ئاتا-ئانىلارغا: « ئوغۇل-قىزلىرىڭلارغا ھېزى بولۇڭلار ، رەڭگارەڭ ئالۋاستىلار — ئاق ئالۋاستى، قارا ئالۋاستى ۋە يەنە ئاللىقانداق ئالۋاستىلار ئۇلارغا مۇدھىش تىرناقلىرىنى سوزۇپ كەلمەكتە . ھېزى بولۇڭلار ، ئۇلارمۇ ئەخمەتجاندەك قىسمەتكە دۇچار بولمىسۇن! » دەپ سەممىي نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. پۈتۈن خەلققە بولسا: تەدبىر قوللىنىپ « ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇزايلى » دەپ جىددىي خىتاب قىلىدۇ.

ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ تۈرى ئۆزلىرىدىكى مەزمۇن نۇقتىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئۆزئارا پەرقلەنگەندىن باشقا، ژانىر قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى قاتارلىق جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ، رېئال تۇرمۇشتا ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## III ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئەدەبىيات سورۇنىدا تۇتقان ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى

ئەدەبىي ئاخبارات ئەمەلىيەتتە ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە قوشۇلغان يېڭى قان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى چىن، ھەقىقىي ئىشلارنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئۆز ۋاقتىدا يورۇتۇپ بېرىشتەك خاسلىقى شاراپىتىدىن ئەدەبىيات سەھنىسىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. ھالبۇكى ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىگىلىگەن مۇنداق ئالاھىدە ئورنىنى مەزكۇر ژانىرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلىرى بەلگىلىگەن.

ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئاخبارات ھېلىقىدەك ۋەقەلىكى توقۇلما بولغان ھېكايە تىپىدىكىلەرگە ئوخشىمايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئەدەبىي تەسۋىر، زوروزور مۇلاھىزە، مۇھاكىمە ۋە ھۆكۈملەر بېرىلمەيدىغان ساپ خەۋەرلەر تىزمىسى بولغان ئاخباراتقىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئىشلار، چىن ۋەقەلەر بەدىئىي ئۇسۇلدا بايان قىلىنىش بىلەن بىر چاغدا، ئاشۇ چىن ۋەقە، ھەقىقىي ئىشلارغا ماس كېلىدىغان مۇھاكىمە، مۇلاھىزە ۋە ھۆكۈملەر پىششىق تىل ۋە ئىخچام بايان ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئاندىن ئەدەبىي ئاخبارات يۈكسەك دەرىجىدىكى جەڭگىۋارلىققا ئىگە ژانىر. ئەدەبىي ئاخباراتتىكى مۇلاھىزە، مۇھاكىمە ۋە ھۆكۈملەر مەزكۇر ژانىردا بايان قىلىنغان چىن ئادەملەر ۋە ھەقىقىي ۋەقەلەرنى پاكىت قىلغان ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان بولغاچ، ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ھەرقانداق ژانىردا ئىپادە قىلىنىدىغان پىكىرلەرگە قارىغاندا

سىلىنىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە جانلىق، تەسىرلىك ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە باي بولىدۇ. ئالايلۇق، مۇھەممەد باغراشىنىڭ «باھار، زېمىن، روھ» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىدىكى «بۇ ئالەم زۆرۈرىيەت ئالىمى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە پۈتكۈل مەدەنىيىتى زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن ئاپىرىدە بولغان. بىر شەخسىنىڭ، بىر مىللەتنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ زۆرۈرىيەتنى ھېس قىلىش قابىلىيىتى ئۇش يۈزىدە ئۇنىڭ ھاياتىي قۇدرىتىنىڭ بەلگىسىدۇر.»، «زۆرۈرىيەتنى ھېس قىلالىغانلار، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرالىغانلار، دەل ۋاقتىدا ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرالىغانلار ياشايدۇ، ئەكسىچە مەيداندا تۇرغانلار ھالاك بولىدۇ!»، «تولغاق پەريادى ئاڭلىماققا بىر كۈي ياكى ناخشىدەك يارقىن بولمىسىمۇ، مەدھىيىگە سازاۋەر، چۈنكى ئاشۇ ئازابلىق پەرياد بىر ئۇلۇغ تۇغۇلۇشنىڭ دەبدەبىسىدۇر!» دېگەنگە ئوخشاش تەپەككۇر جەۋھەرلىرىگە تالىق قۇرلار پەقەت مەزكۇر ئەسەردە پىلانلىق تۇغۇتنى ئىبارەت ئەڭ نازۇك مەسىلىگىمۇ توغرا تېگىشكە جۈرئەت قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ يۈكسەك جاسارىتى بىلەن يۇرتىدا يېڭى تارىخ ياراتقان يولداش ياسىن تۇردىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدىن چىقىرىلغان يەكۈن سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ كىتابخانلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. ئوخشاشلا نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «رەڭگارەڭ ئالۋاستىلار» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىدىكى «بىزنىڭ ئىقتىدارىمىزنىڭ باشقىلاردىن كەم بولۇشى، ئىرادىسىزلىكىمىز، قورقۇنچاقلىقىمىز، ئىچكى ئىنتىپاقلىمىزنىڭ ناچار بولۇشى، شۇنداقلا مىللىتىمىز ئىچىدە ھورۇن، نامرات ئادەملەرنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشى بەلكىم ئاشۇ قارا ئالۋاستىغا مۇناسىۋەتلىكمىكىن دەپ قالىمەن» دېگەن مۇلاھىزىسى پەقەت ئاشۇ ئەخمەتجان مەتىمىن پاجىئەسى يىپ ئۇچى قىلىنغان ھالدا ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىلىپ سازايى قىلىنىۋاتقان نەشىكەشلىك ئىللىتىنى پاكىت قىلىپ دېيىلگەنلىكى ئۈچۈنلا، ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسىنى لېۋىنى چىشلىگەن ھالدا چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ باشقا ئەدەبىي ژانىرلاردا يوق تەڭداشسىز كۈچىنىڭ سەمەرىسى! مانا بۇ — ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئەدەبىيات سەنئىتىدە مۇناسىپ ھالدىكى يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇشىغا سەۋەب بولغان قۇۋۋەت مەنبەسى!

ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ ئەدەبىيات سەنئىتىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي رولىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق تونۇش ئۈچۈن، مەن يازغۇچىلار ۋە كىتابخانلارنى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئاخبارات «ئانا تىل ئىشقىدا» بىلەن «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان تونۇشتۇرۇش ماقالىسى «خەمىت تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات ساھەسىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى»نى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ بېقىشقا تەۋسىيە قىلىمەن.

«ئانا تىل ئىشقىدا»نىمۇ، «خەمىت تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى»نىمۇ ئوخشاشلا ئاپتور ئابلىكىم مۇھەممەت يازغان بولۇپ، مەزكۇر ئىككى ئەسەردە يېزىلغىنى ئوخشاشلا ئاتاقلىق تىلشۇناس خەمىت تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى. بىراق «خەمىت تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات ساھەسىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى»دە خەمىت تۆمۈرنىڭ كىملىكى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق

ئىلمي ئەمگەكلىرى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ماقالىنى ئوقۇغان ئادەم خەمىت تۆمۈرنىڭ ئەسلىدە بىر ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئۇستازنىڭ ئۆز خىزمىتىنى بەجا كەلتۈرۈش جەريانىدا، قېتىرقىنىپ ئىشلەش، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى مول نەتىجە ياراتقانلىقىنى ئۇقىدۇ. دېمەك، بۇ ماقالە ئومۇمىي ئۇزايىدىن «خەمىت تۆمۈر كىم؟ ئۇ قانداق ئىشلارنى قىلغان ئادەم؟» دېگەن سوئالغىلا جاۋاب بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر ماقالىنىڭ ۋەزىپىسىمۇ شۇ بولۇپ، ئۇنى شۇ تۈردىكى تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرىنىڭ سەرخىللىرىدىن دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدى بىز «ئانا تىل ئىشقىدا» ئەدەبىي ئاخباراتىنى ئوقۇيدىغان بولساق، ئىش باشقىچە. تەسىرات باشقىچە، ئۇنۇم باشقىچە. چۈنكى مەزكۇر ئەسەردە ئاپتور ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىغا خاس بولغان ئۆلچەك بىلەن ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ماھارىتىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات ساھەسىدە ھېلىھەم ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىپ ئىشلەۋاتقان ئۇستاز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ ئىلمىي ھاياتىنى تولىمۇ يارقىن بايان قىلغان. بۇ ئەدەبىي ئاخباراتىنى ئوقۇغان ئادەم «خەمىت تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات ساھەسىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى» ماقالىسىدە يوق بەدىئىي زوق ۋە ئېستېتىك ئۇزۇق بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇتقىنىدىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى ئەدەبىي ئاخبارات تەمىن ئەتكەن كەڭ سەھىپە ۋە ئۇنىڭدا قانات يايغان مەنتىقىلىق تەپەككۇر، پاكىتلىق مۇھاكىمە ۋە ئىلمىي مۇلاھىزە كەڭلىكى ئارقىلىق خەمىت تۆمۈرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەھمۇد قەشقىرى يورۇتقان ئىلىم مەشئىلىنى كۆتۈرگەن ئۆز ئانا تىلىنىڭ بىر ئاشىقى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇيدۇ؛ ئۇنىڭ يېرىم ئەسىرگە ئۇلىشىدىغان ئىلمىي ھاياتىدا جاپا-مۇشەققەتكىمۇ، كەمبەغەللىككىمۇ ئوخشاشلا پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلىپ، بىر قەدەممۇ بىر ئىز چىقارغان ھالدا ئىجتىھات بىلەن ياشاپ، نەتىجىلىك ئەمگەكلىرى ئارقىلىق خەلققە خالىس نەپ ۋە ساپ بەھرە يەتكۈزەلىشىنىڭ سەۋەبكارىمۇ دەل ئۇ ئىجىل بولغان ئانا تىل مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى روشەن ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇ ئۇستازغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

ئەدەبىي ئاخبارات ئاشۇنداق ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەدەبىيات گۈلزارىدا كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە. مېنىڭچە، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىدە گۈللىنىش ۋە يەنىمۇ روناق تېپىش ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپلىك ئاساسلار بىلەن شەرھلەش مۇمكىن.

بىرىنچى، چىنلىق ۋە ھازىر جاۋابلىق ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئىبارەت بۇ ژانىرنى جەمئىيەتنىڭ رېئال ئەھۋالىنى دەل توغرا ئىنكاس قىلىپ بېرىدىغان بىر ئەينەككە ئايلاندۇرغان بولۇپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىلىكىدە مىسلىسىز جانلىنىشقا ۋە رەڭگارەڭ ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولۇۋاتقان يېڭى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتى دەل مۇشۇنداق بىر ئەينەككە ھاجەتمەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئاخباراتنى راۋاجلاندۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ ئەھمىيەتلىك رېئال ئەھۋالىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈش زامانىنىڭ تەلىپى، دەۋرنىڭ تەقەززاسى.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سىياسىتىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە، مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى ئالدىراشچىلىق ۋە جىددىيلىك قايىنىمىغا چۆككەن ھەرساھە

خەلقى ۋە بارلىق كىتابخانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان چىن ئادەم ۋە چىن ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان ئەدەبىي ژانىر ئەدەبىي ئاخباراتنى تونۇمۇش رېتىمى ھەرقانچە تېزلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئوقۇيدۇ، ئوقۇغاندىمۇ يارىتىپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى خەلق ئاممىسى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا يەنىلا نەق ۋە چىن نەرسىلەرگە ئامراق. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئاخباراتنى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سېپىدىكى ئەڭ كۆپ كىتابخانىلىق ژانىر دېيىشكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئاخبارات مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىكى مەۋجۇت رېئاللىقنى لىللا مەيداندا تۇرۇپ كۆيلەيدۇكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئەدەبىي ژانىرلار ئىچىدە تىرىكلەرنى قەدىرلەيدىغان، تىرىكلەر ئۈچۈن خاتىرە مۇنارىسى تىكلەيدىغان، تىرىكلەر ئۈچۈن مەدھىيە ئوقۇيدىغان بىردىنبىر ژانىر. ئۇ تىرىكلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق يەنە تىرىكلەرنى يېتەكلەيدىغان بولغاچقا، باشقا ئەدەبىيات ژانىرلىرىدا تاپقىلى بولمايدىغان يۈكسەك دەرىجىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە.

تۆتىنچى، ئەدەبىي ئاخبارات ئەمەلىيەتتە، بۈگۈن ئۈچۈن چىن خەۋەر، مۇھىم ئاخبارات، ئەتە ئۈچۈن بولسا، تولىمۇ قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەتتۇر. ئۇ كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، قايسىدۇر بىرىيەرلىرى چۈشۈپ قالغان ياكى بايانى مۇجمەل بولۇپ قالغان غۇۋا ئەسلىمە ئەمەس، بەلكى چىن ۋەقەنى ئەينى بىلەن ھېكايە قىلىپ بېرىدىغان پاكىتلىق خاتىرە. مانا بۇ ئەھمىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئەدەبىي ئاخبارات كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك بولغان جىڭ مال.

يۇقىرىقىدەك ژاكۇنلار ئاساسىدا ئېيتالايمىزكى، ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدە ناھايىتىمۇ كەڭ ۋە ناھايىتىمۇ پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە ژانىر. بىز بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز ۋە ئاڭلىق ھالدا، ئۇيغۇر ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ئەمەلىي ئەمگەكلەرنى قىلىشىمىز لازىم. مەسىلەن، ئەدەبىي يېزىقچىلىق كۇرسلىرىدا ئەدەبىي ئاخباراتچىلىق نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى ئۈچۈنمۇ مەخسۇس لېكسىيەلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشىمىز، مەخسۇس ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشىمىز، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئاخباراتلاردىن خاس توپلاملار ئىشلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئىبارەت بۇ يېڭى ژانىر ئۆزىنىڭ نەۋقىران گەۋدىسى بىلەن ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا تېخىمۇ جۇلالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پۈتكۈل مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ھەسسە قوشىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



ئەكبەر قادىر

# قەدىرلىنىدىغىنى خاسلىقتا ئىگە خاراكتېر

ئەدەبىيات ھەم ئوبرازلىق تىل سەنئىتى، ھەم جانلىق، ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر سەنئىتى بولغاندىلا، ئۆزى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ ئىستىقبال مەنزىرىسىنى ئاچالايدۇ. دۇنيانىڭ مەدەنىيەت سەھنىسىدە ئەدەبىياتنىڭ رولى ئۇنىڭ تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى قانداق تىپىكلەشتۈرگىنىگە قارىغاندا، كۆپرەك ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرلار ئارقىلىق ئىشقا ئېشىپ كەلگەنلىكى بىزگە ئايان. دونكىخوت، گراندې، ھاملېت، ئاكيۇلار ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بۈگۈنمۇ ۋە بۇندىن كېيىنمۇ قىممەتلىك. چۈنكى، بۇ خاراكتېرلاردا ئالدى بىلەن ئۆز رېئاللىقى ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان ھادىسىلەرگە قارىغاندا خاسلىق، ئايرىملىق گەۋدىلىك، تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ خاراكتېرلار پەقەت شۇ ماكان، شۇ مىللەت ئۈچۈنلا يارىتىلغان ئەمەس، ئۇلار مەلۇم رېئاللىقتا ئۆزىگە خاس تۇرمۇش بۆلىكى ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە نىسبەتەن شۇنداق تۇرمۇش بۆلىكى ھاسىل قىلالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان. شۇڭا دونكىخوتنىڭ «ھەي ئەخمەقلەر، مېنىڭ نەيزەم بىلەن دۇبۇلغامنىڭ ئالدىدا سەن تۇگمەن تېشى نېمىتىڭ» دەۋاتقىنى، ئاكيۇنىڭ باشقىلاردىن تاياق يەپ قالغاندا يەنىلا ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتۇپ، «بالىسى دادىسىنى ئۇرىدىغان قانداق زامان بولۇپ كەتتى بۇ؟» دەۋاتقىنى، گراندىنىڭ سەكراتتا تۇرۇپ «چىراغ يىغىنى ئىسراپ قىلماڭلار» دەپ كۆز يۇمۇۋاتقىنى بىزگە دائىم بىر خىل قىزىق تۇرمۇش، خاس خاراكتېر ھەققىدە لەتىپە سۆزلەپ تۇرىدۇ. ئەدەبىيات پېشىۋايىمىز زۇنۇن قادىرنى ئەسلىگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ قىزىق ئادىمى مەتنىياز ۋە ئۇنىڭ شۇنچە ھورۇنلۇقىغا باقماي، «ئۇتتۇرىسنى، باغ، ئەتراپنى ناغ قىلاي دەيمەن» دېگىنى يادىمىزغا كېلىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، خاس خاراكتېر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ بىرلا ئەسىرىگە تەۋە ئەمەس، ئۇ يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتى، بەدىئىي ئىزدىنىشى، تۇرمۇش رېئاللىقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، مىللىي ئېڭى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۆھپىسى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرۈشتىن پۈتۈپ چىققان بىر خىل ئالاھىدە مەھسۇلاتى. شۇڭا خاس خاراكتېر ئۈستىدە توختالغاندا، چوقۇم ئۇنى بىر تەرەپتىن، تۇرمۇش رېئاللىقى نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، يەنە بىر تەرەپتىن، يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبى، تالانتى نۇقتىسىدىنمۇ كۆزىتىش كېرەك.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنى ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، تۇرمۇش رېئاللىقىمىزنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىپ بېرىشى، بەزى نەرسىلىرىمىزنىڭ تېز يوقىلىشى بىلەن بەزى نەرسىلىرىمىزنىڭ تاساددىپى پەيدا بولۇپ قېلىشى سەۋەب بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سەنئەتكارلىرىمىزدىكى ئىجادچانلىق

روھىنىڭ تەخىرسىزلىكى سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. يازغۇچىلىرىمىز تۇرمۇشنى ئىلاجى بار ئىنتىۋىدۇئال خاراكتېرلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ. خاراكتېرلارنىڭ خاسلىشىش دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ بىزگە يازغۇچىلىرىمىزدىكى ئۆزىنى خاس خاراكتېر يارىتىشقا ئۇرۇنۇشتەك روھنىڭ بارغانچە كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىزنىڭچە، خاس خاراكتېر يارىتىش بىر خىل قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئېسىل ئىجادىيەت روھى.

تىرىشچان يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىن خېلى كۆپ يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىدە ئۆز ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان خاراكتېرلارغا ئىزچىل خاس خۇسۇسىيەت بېرىشنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ كەلدى. ئۇ يازغان «داغدا قالغان قىز»، «ئىككى يۈزلۈك ئادەم»، «ۋىجدانىڭ نېمە دەيدۇ» قاتارلىق پوۋېستلاردىكى شۆھرەت، زىننەت، قاسىم، كۈيدۈرگە بەگ قاتارلىق ئوبرازلار بىر تەرەپتىن، تىپىك تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئادەملەرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان خاسلىققىمۇ ئىگە قىلىنغان.

ناچار ئىللەت، ناچار ھادىسىلەرنى كۆپرەك قىز-يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئېچىپ بېرىدىغان خاھىش يېقىنقى يىللار ئىچىدە كۈچىيىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئاۋام خەلق ئارىسىدىكى ئاچچىق يىلتىزلىرىنىڭ تولۇق ئېچىپ بېرىلىشىگە بەلگىلىك تەسىر يەتكەنىدى. ئىجتىمائىي ئەخلاقتا، كىشىلىك ۋىجدانىغا، مىللەتنىڭ مەنىۋى سۈپىتىگە بېرىپ چېتىلىدىغان بۇنداق ھادىسىلەرنى ئىككى ياش ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان بىر-بىرىنى تاشلاپ كېتىپ قېلىش، ۋەسلىگە يېتەلمەسلىك، قىز ماجىراسى قاتارلىق تەرەپلەرگىلا ئىنتىرىپ قويماسلىق كېرەك. بەلكى ئۇنى پۈتكۈل خەلقىمىز ئارىسىدىن، ئۇلار پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاشۇ شەھەر، يېزا، قۇملۇق، بوستانلىقلاردىنمۇ ئاختۇرۇپ بېقىش كېرەك. ئېلىمىز خەنزۇ ئەدەبىياتى نەچچە مىڭ يىللىق فېئودالىق تۈزۈم ئۆزلىرىگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەنىۋى ئىللەتلەرنى روھىي قۇللۇق ئىدىيىسىدىن ئىزدەپ، ئۇنىڭ تۈپ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇۋاتقان پەيتتە، بىز بۇنداق ئىللەتلەرنى ھەسەتخورلۇق ئىدىيىمىزدىن ئىزدەپ باقساق نېمە بوپتۇ؟ ئۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىزلىرىنى ئەمگەك ھارغىنلىقىنى غەيۋەت قىلىش بىلەن چىقىرىدىغان ئاشۇ ئادەملەر ئارىسىدىن ئىزدەپ باقساق نېمە بوپتۇ؟ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىشچان، باتۇر، مېھماندوست دېگەنلەردىن باشقا ئامىللارمۇ مەۋجۇتمۇ-يوق؟ بىز ئويلىنىش ئىچىدە مۇنۇلارنى كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزىمىز:

يېزىلىق قىز زىننەت ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندىن كېيىن ئۆزىگە مۇۋاپىق چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. مىليونلىغان جۇڭگو زىيالىيلىرىغا ئوخشاشلا بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ بارلىق ئۈمىدىنى شەھەرگە باغلايدۇ. شەھەرگە يېتىۋالسىلا ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش تېپىپ ئىشلىيەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن يىگىتى شۆھرەت ئەكسىنچە ئۆز يېزىسىدا قېلىپ قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ ۋە شۇ ئارقىلىق چىقىش يولى تېپىش پىكرىدە چىڭ تۇرىدۇ. مانا بۇ «داغدا قالغان قىز»دىكى تەسۋىر. بۇ يەردە ئادەتتىكى ئىسلاھات ھېكايىلىرىغا ئوخشىمايدىغان ھالەت ۋە ئۆزگىچە خاراكتېر مەۋجۇد. شۆھرەت ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ قىلغىنىنى قىلماقچى ئەمەس ياكى بولمىسا يېزىغا مەبلەغ سالغۇچىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭدا كارخانىچى بولۇش دېگەن ئوي تېخى شەكىللەنگىنى يوق. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ئاتا-بوۋىسىنىڭ، يېزىلىق قېرىنداشلىرىنىڭ كەتمەنگە تايىنىپ ئۆتكۈزگەن جاپا-مۇشەققەتلىك

ئۆتمۈشى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى داۋامى. دېمەك، شۆھرەتتە قىيىن شارائىت ئىچىدىن يول تېپىش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ئۆزگەرتىش، يېزىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش روھى ناھايىتى كۈچلۈك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئەسەردە باشتىن ئاخىر مۇشۇ روھ، مۇشۇ ئىرادە كۈچىدە ئىنتىلگۈچى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. «بىز تا بۈگۈنگىچە ئىككى بىلىكىمىزگە، قارا كۈچىمىزگە تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىشتىن قۇتۇلالمايۋاتىمىز، بىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمىز مۇشۇ ۋەجىدىن مۈكچىيىپ كەتتى. لېكىن ئۇلار قورساقنى ئاران بېقىشتىن نېرىغا ئۆتەلمىدى، بىز ئەۋلادىمىزغا نېمىنى قالدۇرۇپ كېتىمىز؟ يەنىلا كالىدەك قارا كۈچكە تايىنىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان نادانلىق ۋە نامراتلىقنى قالدۇرىمىزمۇ؟» شۆھرەتنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ قالاق قول ئەمگىكىگىلا تايىنىپ ياشاپ كەلگەن نەچچە مىڭ يىللىق ئۆتمۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئەمدىكى بۇرۇلۇش ھالىتىدىن بىشارەت بېرىدۇ. تايىنىپ ياشاشتەك ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىنىپ كەتكەن ئاڭ بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ھالدا چاقنىغان ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىنى سېلىشتۇرۇش ئېڭى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتىمۇ ئۆتكۈر ئېلىشىشنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

جاپالىق سەھرا مۇھىتىدا يېتىلگەن كۈچلۈك ئىرادە ۋە يۈكسەك يىگىتلىك غورۇر بىلەن ئاتا-ئانىسىغا ئەسقېتىپ ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە بەل باغلاش — شۆھرەت خاراكتېرىنىڭ تۈۋەن قاتلىمى. ئاپتور شۆھرەت خاراكتېرىنى ئۇنىڭ ئەنە شۇ روھىي مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ھالدا تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇنى ئىسلاھات، ئىلغار تېخنىكا ئۆگىنىش، مۇھەببەت ئازابى دېگەندەك تەرەپلەرگە بەنت قىلىپ قويماي، بەلكى باشتىن-ئاخىر دىققىتىنى ئۆز يېزىسىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىشقا قارىتىدىغان، ئەنئەنىۋى قول ئەمگەككىلا تايىنىپ ياشاۋرمەسلىكنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان جۈرئەتلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك يېڭى يىگىتى قىلىپ تەسۋىرلىگەن. بىز ئەسەر ئېلان قىلىنغان 80-يىللارنىڭ باشلىرى بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى يېزىلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە نەزەر ئاغدۇرىدىغان بولساق، شۆھرەت روھىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ تولۇق ھېس قىلىمىز.

بىز زىننەت بىلەن يىراقتا تۇرۇپ شۆھرەتنىڭ ئۆز يېزىسىدا رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى بىلەن مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرغانلىقىنى ئاڭلايمىز. بۇ ۋاقىتتا زىننەت شەھەردە ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ساتتارۇپنىڭ ھىيلە-مىكرىنىڭ قۇربانى بولۇپ ئاللىقاچان ئائىلە ئايالى بولۇپ بولغانىدى، ھەتتا بارغانسېرى تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرگە قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى ساتتارۇپتىن ئېشىپ باشقىلارنىڭمۇ ئاياغ-ئاستى قىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. زىننەت مەنىۋى جەھەتتىكى بۇنداق خورلۇقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي خاتىرجەملىك ئىزدەپ ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. شۆھرەت بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماقچى بولىدۇ.

بۇ يەردە زىننەتنىڭ ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۇنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنى يۇرتىنى سېغىنىپ قايتىپ كەلدى دېگەندىن كۆرە خورلۇق دەستىدىن ئۆزىنى قويار جاي تاپالماي قالغاندا قايتىپ كەلدى دېيىش مۇۋاپىق. ئەجەبا ئۇ، ئۆز يېزىسىدىكى تۇرمۇشنىڭ شەھەردىكى باياشات تۇرمۇشقا يەتمەيدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئاشۇ ئاغزى ئىتتىك، غەيۋەتخور ئاياللارنىڭ ئەمدى تېخىمۇ كۆپ سۆز-چۆچەك قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ شۆھرەتنىڭ ئەمدى ئۆزىگە نەپرەت بىلەن قارايدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئېنىق بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، زىننەت خاراكتېرىمۇ ئەدەبىياتىمىزدا ئالدانغان قىزلار قاتارىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان مىڭلىغان

زىننەتلەرنىڭ ئىچىدە تېگىشلىك خاسلىققا ئىگە خاراكتېردۇر.

زىننەتنىڭ داغدا قېلىشىدا، ئىنچىكىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق، مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئامىلنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بايقايمىز. بىرىنچىدىن، زىننەت روھىدا شەھەردە خىزمەت قىلىش، باياشات، پاكىز مۇھىتتا تۇرمۇش كەچۈرۈش غايىسىنىڭ بەك كۈچلۈكلىكى. بىز بۇ يەردە بۇنداق غايە-ئىستەكنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز ياكى يېزا ئادەملىرىدە پەقەت يېزا تۇرمۇشى سەۋىيىسىگە خاسلا ئوي-ئىستەك، تەپەككۇر بولۇشى كېرەك دېگەننى تەشەببۇس قىلماقچى ئەمەسمىز. مەسىلىنىڭ نېگىزى زىننەتتە شۇ خىل غايە-ئىستەكلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا بولغان ئىشەنچ ۋە قەتئىي ئىرادىنىڭ بار-يوقلۇقىدا، ئاجىز-كۈچلۈكلىكىدە. ئەسەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇ بۇ غايىسىنى شەھەردىكى يىراق تۇغقانلىرىنىڭ ھىممىتىگە تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان پىركازچىك ساۋاقدىشى رىسالەت ۋە ھىيلىگەر ساتتاروپقا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدۇ. بىزنىڭچە بۇ بىر تەۋەككۇلچىلىك بولۇپ، ئۇ زىننەتنىڭ ھايات يولىغا نىسبەتەن مەڭگۈلۈك بەخت ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا زىننەت غايە، ئىستەك ئارقىسىدىن قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئىككىنچىدىن، يېزا تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇش، ئىچى سىقىلىش كەيپىياتىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى. بىز ئەسەرنىڭ بېشىدىلا زىننەتنىڭ يېزا تۇرمۇشى ھەققىدە ئېيتقان «قاچانغىچە كەتمەن بىلەن ئورغاقنىڭ بەندىسى بولۇپ يۈرەرمىز. ھەي تەقدىر، سەن نېمىدېگەن رەھىمسىز-ھە، قېرىشقاندەك بەختكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغاننى بەختسىز قىلىپ قويىسەن» دېگەندەك دادلاشلىرىنى ئاڭلايمىز. يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئۆز يېزىسىدا تاماملىغان بىر قىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە شەھەر مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلىش، شەھەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم ۋە كەسپ ئىگىلەش ئىستىكىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئەقلىگە ئۇيغۇن. شۇ ۋەجىدىن زىننەتتەك قىزلاردا پسىخىكا جەھەتتىن شەھەر تۇرمۇشىغا قىزىقىش، يېزا تۇرمۇشىغا نىسبەتەن تويۇنۇش كەيپىياتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن يېزا تۇرمۇشىغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي سوغۇق پوزىتسىيىدە بولۇش، ئۇنى ئورۇنسىز ئەيىبلەش نورمال پسىخىكا ئەمەس. لېكىن زىننەت بۇ مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىدى. شۇنداق بولغاچقا زىننەتنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا ھەرخىل پېشكەللىك ۋە ئازابلارغا ئۇچرىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئېڭىغا، خاراكتېر مەنتىقىسىگە تامامەن ئۇيغۇن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مۇستەقىل ياشاش ئىرادىسىنىڭ تولىمۇ كەمچىل بولۇشى. بۇ تەرەپنى ئالاھىدە تىلغا ئالماي بولمايدۇ. زىننەتنىڭ ئۆز يېزىسىدىن چىقىپ كېتىش مۇددىئاسىدىن تارتىپ كېيىن يەنە ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىغىچە ئومۇمەن تايىنىپ ياشاش، مەلۇم ھىمايە ئاستىدا پاراغەت ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئاجىز پسىخىكىسىمۇ يوشۇرۇنغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ شەھەردىكى تۇغقانلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، دەرھال ساۋاقدىشى رىسالەتنى خىيالىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتىدۇ. ساتتاروپ بىلەن رىسالەتنىڭ ئۆزىنى دەرھال ئارىغا ئېلىشىدا، كاتتا ئۆي ھەل قىلىپ بەرمەكچى بولۇشىدا مەلۇم سىر بارلىقىنى سەزگەندەك قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە سەگەكلىك بىلەن ئويلىنىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەكسىچە يار-يۆلەك ۋە ھىمايىلىك تۇرمۇشتىن چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ. ساتتاروپنىڭ ئۆزىنى باشقىلارنىڭ قوينىغا تاشلاپ بېرىشتەك رەزىل نىيىتى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن

بولسا، قانۇن ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق مىزانلىرىغا تايىنىپ ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تېگىشلىك مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا ماڭماي، يەنىلا بىھۇدە ھالدا شۆھرەتنى ئويلايدۇ. ناۋادا زىننەت مەيلى يېزىدا بولسۇن، مەيلى شەھەردە بولسۇن، ناچار شارائىت ۋە كەيپىياتلارنى، تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىش ئىرادىسىنى يېتىلدۈرەلىگەن بولسا، ئۇ چاغدا كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىدىغان بۇنداق ئاقىۋەتلەرگە قالمىغان بولاتتى.

كوچىدىكى غەيۋەتخور ئاياللار دۇنياسى، ئۇلارنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن تاپىدىغان تۈرلۈك ئۆسەك سۆزلىرى، زاڭلىق قىلىشلىرىمۇ زىننەت تراگېدىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن تاشقى ئامىللارنىڭ بىرى. زىننەت ئەمدىلا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تۇرۇشىغا كوچىدىكى ئاياللارنىڭ ئاغزىدا «چوقۇم بىر ئىش چىقىرىپ قويغان گەپ»، «ھالى چاغلىق بولسا كېرەك...» دېگەندەك سۆزلەر پەيدا بولدى. زىننەت بۇ سۆزلەردىن قىزلارغا خاس نازۇكلۇقى بىلەن ئويالدى، ئازابلاندى ھەم ئۆزىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىدىن تېخىمۇ قاتتىق ئازابلىنىدىغان بولدى. بۇ ھال ئۇنىڭ روھىدىكى يېزا تۇرمۇشىدىن بىزار بولۇش كەيپىياتىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى شۇ ئاياللارنىڭ نەزىرىدىن بولسىمۇ يىراق تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىنى ئاڭلىماسلىق تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن قەتئىي نىيەتكە كەلگەن زىننەت ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تراكتورغا ئولتۇرۇپ ئۆز يېزىسىدىن ئايرىلدى.

يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىن ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى يۇقىرىقىدەك ناچار ئىللەتلەرنى تەسۋىرلىگەندە ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي ئازادلىقىغا، خاتىرجەملىكىگە ئېلىپ كېلىدىغان بېسىمىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشتىكى چاكىنا قىلىق، چاكىنا سۆز-ھەرىكەتلەرنى بىرنەچچە سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ۋۇجۇدىغىلا مەركەزلەشتۈرۈپ قويماي، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ پۈتكۈل ئىجتىمائىي كەيپىيات بىلەن باغلاش، ئاۋام خەلقىمىز ۋۇجۇدىدىنمۇ ئىزدەش، بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىمىزگە ئېلىپ كېلىۋاتقان تراگېدىيىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىش يولىدىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئەگەر زىننەت تراگېدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاشۇنداق ئىچكى-تاشقى سەۋەبلەر يازغۇچى تەرىپىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرسىتىلمىگەن، تەھلىل قىلىنمىغان بولسا، بىر قاتار ئاقىۋەتلەر كىتابخانغا پەقەت زىننەتنى ئۆز يېزىسىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنگە تويغۇزۇشتەكلا تۇيغۇ بېرىپ قويغان بولاتتى، خالاس.

بىز يازغۇچىنىڭ يەنە «ئىككى يۈزلۈك ئادەم» پوۋېستىدىن قاسىمنى، «ۋىجداننىڭ نېمە دەيدۇ» پوۋېستىدىن كۆيدۈرگە بەگنى ئۇچرىتىمىز. بىزگە بۇ ئادەملەرنىڭ رېئاللىقتىكى چىن ئادەملەر بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ. ئۆزگىچە خاراكتېر ئالغان بۇ پېرسوناژلار يەنە بىزنىڭ ئاۋام خەلقىمىزنىڭ روھىغا مەھكەم ماكانلىشىۋالغان رەزىل مەنىۋى ئىللەتلەرگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلاردۇر. بىزنى ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇنداق كىشىلەر قانداقلا يەردە، قانداقلا ۋاقىتتا بولمىسۇن، كىشىلەر قەلبىدىن ئۆزىگە ئاسانلا بىر كىشىلىك ئورۇن ھازىرلىۋالىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بىز بۇ يەردە پۈتۈن ئەسەردىن «مۇشۇنداق ئىللەتلەرنى قوبۇل قىلالمايدىغان ئىككىنچى بىر قەلب زادى نېمىشقا يوق؟» دېگەن بىر خىل سادانى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىمىز. قاسىم بىلەن كۆيدۈرگە بەگلەرنىڭ يارىتىلىشىدىمۇ دورامچىلىقتىن خالىي بولغان خاسلىق ئامىللىرى مەۋجۇد. قاسىم ھوقۇق تەمەسى يولىدا چېقىمچىلىق، مەككارلىق قىلىشنى كەسىپ قىلغان. ئەمما، ئۇ بۇ مەقسەتكە ئەمەتنى سەمەتكە ئۇدۇل يامان

كۆرستىش يولى بىلەن يەتمەكچى ئەمەس. ئۇ بۇنداق قىلىشنىڭ كونا «ئەنئەنە» ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ بۇنى «يېڭىلىغۇچى»، شۇڭا يېڭى كەلگەن رەھبەرگە ئاۋۋال ئۆزى بىلەن خىزمەتداشلىرىنى تازا ماختاپ، ئۇستىلىق بىلەن «ھەممە ياخشى، ئۆزىمۇ ياخشى» دەك كەيپىيات ھازىرلىۋالىدۇ. ئەكسىنچە قاسىم ياخشى گېپىنى قىلغان نىزامىدىنىدەك ئادەملەر رەھبەرگە پىچىرلاپ، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلدى. نەتىجىدە قاسىم رەھبەرلىكنىڭ نەزىرىدە باشقىلار كۆرەلمەيدىغان ياخشى ئادەم بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە، بۇ يەردە پەقەت قاسىمنىڭ ئىنتايىن ئۇچىغا چىققان سۇيىقەستچىلىكى ئۇستىدىن ئاچچىق تەنقىدلا ئېلىپ بېرىلغان ئەمەس. لېكىن ئاكىدەك رەھبەرلەرنىمۇ تەنقىد نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. سۆكەك بار يەردە ئىت بار دېگەندەك قاسىم ھەم كۆيدۇرگە بەگدەك قىزىل كۆز، چېقىمچى، ھەسەتخور ئادەملەر بار يەردە ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشايدىغان، ئۇلارنىڭ ئىنتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئالالمايدىغان رەھبەرلەرنىڭمۇ بارلىقى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

كۆيدۇرگە بەگ بىر ئۆمۈر ياخشىلار ئۇستىدىن شىكايەت قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ شىكايەتلىرى ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشى، ئېڭى، چۈشەنچىسى. تەپەككۇرىغا شۇنچىلىك ئۇيغۇن بولغاچقا، كىتابخاننى ئۆزىگە بەك قىزىقتۇرىدۇ. «ۋەزىيەت ئۆزگەرسە كۆزقاراشنىڭمۇ ئۆزگىرىشى مۇقەررەر» دېگىنى ئۇنىڭ تۈپ روھىي مەنتىقىسىدۇر. ئۇ رېئال ھادىسىلەرنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى، مۇھەببەتنى پۈتۈنلەي باشقىچە نۇقتىدىن چىقىپ كۆزىتىدۇ. ئۇنىڭغا ھەممىلا نەرسىنىڭ ئارقىسىغا بىر خىل ھىيلىگەرلىك يوشۇرۇنغاندەكلا سېزىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ خۇددى ئاكىسىدەك ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە بولمايۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ھەدىسىنىڭ ياتلىق بولغانلىقىنى «ئالدىنىپ كەتتى» دەپ قارىسا، ئايالى مۇددەتتىن بۇرۇن يەڭگىپ قالغاندا «دەۋرىمىز قانداق دەۋر؟ بۇ دەۋردە يۈز كۈنلۈك ئىشنى بىر كۈندە پۈتتۈرۈۋاتىمىز. مۇشۇنداق خاسىيەتلىك دەۋردە خوتۇنۇممۇ توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئورنىغا ئالتە ئاي قورساق كۆتۈرۈپلا تۇغسا نېمە بوپتۇ؟» دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ. ئۇ يەنە ھەمىشە «كوممۇناغا بولغان چىن مۇھەببىتىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئارزۇلۇق ئوغلۇمغا كوممۇنا دەپ ئات قويغانمەن»، «مەن بىلەن بىردەم پاراڭلاشساڭلارلا ئىنتايىن ئۆتكۈر بىر تالانت ئىگىسىنىڭ توپا-چاڭ سەھرادا كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى بايقايسىلەر» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆز-ئۆزىدىن چەكسىز پەخىرلىنىپ يۈرىدۇ. دېمەك، كۆيدۇرگە بەگ چېقىمچى، ھەسەتخورلۇقى بىلەن ئەسەردىكى ئاساسىي پېرسوناژ بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرىقىدەك سۆز-ھەرىكەتلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا تېخى بىخ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان «ئارتۇق ئادەم» ئوبرازىغىمۇ ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. ئاغزىدىكى چېقىمچىلىق، ھەسەتخورلۇق بىلەن ئاڭ جەھەتتىكى نامرات، نادانلىقى گىرەلىشىپ ھايات سەھنىسىدە ئاجايىپ بىر رولغا چىققان بۇ پېرسوناژ سىزنىڭچە سەھنىدىن قانداق چۈشۈشى مۇمكىن؟! ئۇنىڭ ئۆلۈۋالغىنى ھەقلىق بولدىمۇ-قانداق؟

يۇقىرىدا يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ ئۈچ پارچە پوۋېستى ۋە ئۇلاردا يارىتىلغان خاراكتېرلاردىكى ماھىيەتلىك خاسلىقلار ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتتۇم. يازغۇچىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدىن كۈتىدىغان ئۇمىدىمىزنىڭ زورلۇقى سەۋەبلىك تۆۋەندە بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يازغۇچى مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ

تىلدا يارىتىلىۋاتقان پېرسوناژنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ئاڭ سەۋىيىسى، ئىستېتىك قىزىقىشى قاتارلىقلار بىلەن تازا ماس كەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن، «ئاينۇرى» ھېكايىسىدە ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن ئاينۇرنىڭ تىلىدىن «ئېيتقىنا، چوڭ ئانا، مەن راستىنىلا ھارامدىن بولغان بالىمۇ؟» دېگەن سۆزلەر بېرىلگەن. بۇنداق سۆزلەر ئاينۇرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى بىلەن قىلچە سىغىشالمايدۇ. يازغۇچىنىڭ يەنە بەزى ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى بەك ئۇزۇن، جانلىقلىقى كەمچىل. مەسىلەن، «داغدا قالغان قىز» پوۋېستىدا شۆھرەت بىلەن زىننەتنىڭ دىئالوگىدا مۇنداق ئۇزۇن جۈملىلەر بار: «سىز راھەت-پاراغەتنى چىن مۇھەببىتىمىزدىن ئۈستۈن كۆرۈپ، مېنى ھىجران ئوتىغا تاشلاپ كېتىپ قالدىڭىز. چوڭ-كىچىك ئۇندەك ماشىنىدىن تەركىب تاپقان قىز كۆچۈرۈش كارۋىنى ھەيۋەتلىك سەپ تارتىپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىققاندا، غۇيۇلداپ ئايلىنىۋاتقان چاقلار ئاستىدىن قوزغالغان چاڭ-توزانلارغا مىلىنىپ قەيەرلەرگىچە يۈگۈرۈپ بارغانلىقىمنى بىلمەيمەن...» ۋاھاكازالار. زىننەت يېزىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شۆھرەتنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا: «ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، قىزىم، ياخشى ئىشلە، خۇدا ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلغاي» دەيدۇ. بۇ دىئالوگدا ئىپادىلىنىۋاتقىنى ياشانغانلارغا خاس مېھرىبانلىقتەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن شۆھرەت بىلەن زىننەتنىڭ بىرگە بولۇشى تىلىنىۋاتقاندەك مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. ھەشەمەتلىك توي بىلەن شەھەرگە ئۇزىتىلىپ كېيىن ئاجرىشىپ يېنىپ كەلگەن جوگاننى تېخى ئۆيلەنمىگەن ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش شۆھرەتنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئېڭىغىمۇ، مىللىتىمىزنىڭ قائىدە-يوسۇنىغىمۇ تازا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىش.

ئىككىنچى، ئىنسان تەبىئىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدە بەزى ھاللاردا بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىنى چەتكە قاقىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. بىزگە مەلۇم، رېئال ئادەملەردە ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى ئۇلاردا قىزغىنىش، يوشۇرۇشتەك پسىخىك كەيپىياتلارنى دائىم پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرىدە مەلۇم خاسلىققا ئىگە، كىشىنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزلۈك ئېڭىغا تەۋە ھادىسىلەر بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاققا يات ھادىسىلەر تەڭ كېلىپ قالغاندا ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەي، ھەممىسىنى قارا-قويۇق ئىجتىمائىي ئەخلاققا يات ھادىسىلەر، ناچار ئىللەتلەر قاتارىغا چىقىرىپ تەنقىدلەپ كەتكەن. نەتىجىدە يارىتىلىۋاتقان ئوبرازلاردىكى خاراكتېر جەھەتتىكى خاسلىقنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تەسىر يېتىپ قالغان. قاسىمدەك ئوبرازلارنى يارىتقاندا ئۇنىڭ خۇددى بىزگە ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان تەپسىلاتلارنىڭمۇ بولۇشىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىمىزنى يازغۇچىنىڭ ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## مەسەل ۋە ساتىرىلار

م. سادايى

# مەسەللەر

### • قوزۇقنىڭ تەقدىرى

مېنى شاختىن كېسىپ رۇسلىغان،
بىر بېشىمنى يونۇپ ئۇچلىغان.
ئۇكەملەردە مەغرۇر ئۆتەتتىم،
قاققان يەرگە كىرىپ كېتەتتىم.
كۆچلۈكلەرمۇ ماڭا باغلىنىپ،
قۇدرىتىمدىن باغرى داغلىنىپ؛
قانچە كۆچەپ يۇلۇۋېتەلمەي،
ئايلىناتتى يىراق كېتەلمەي.
ئايلاندىمۇ تەقدىرىم تەتۈر،
پەستىن چىققان پالاكەتنى كۆر.
توخماق تېگەر توختىماي باشقا،
ماڭاي دېسەم تاقاشتىم تاشقا.
ھەددىم يوقتۇر قاڭقىپ تېپىشقا،
ئامال بارمۇ ئامان قېلىشقا؟
توخماق قاتتىق، تاش بۇندىمۇ بەك،
چىقمىدى بىر خەيرخاھ-يۆلەك.

### تۈلكىنىڭ تەدبىرى

ئۇۋچى كەپتۇ يىراقتىن،
كۆپ تۇرماس بۇ جاڭگالدا.
ئاچ قالسامۇ نەچچە كۈن
ياتاي پىنھان ئازگالدا.

### توخۇنىڭ بايرىمى

بىر سىقىم دان ئۇلۇغۋار غايەم،
پوكان تويسا ماڭا ھېيت-ئايەم.

### كۆز

ماختىنىپ بىر كۆز،
باشلىدى سۆز:
بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرى قىزىق،
ئەنە ئاۋۇ قىسىق،
گويا گازىرنى پاتۇرۇپ قويغاندەك،
ياشاڭغۇراپ، جاندىن تويغاندەك؛
تېخى ئۆزىنى كۆزمەن دەپ يۈرىدۇ،
يىراق-يېقىننى قانداق كۆرىدۇ؟
كۆز دېگەن بىزدەك،
چاقناپ تۇرسا يۇلتۇزدەك.

قىسىق كۆزدىنمۇ چىقتى زۇۋان:
چوڭلۇقۇڭ راست ھەممىگە ئايان.
باشقىلاردا بولسا قىلچىلىك نۇقسان،
كۆرىسەن ئۇنى تۆگىدەك يوغان.
بىراق بىر ئىشىڭ چاتاق،
ئۆزۈڭنى بېسىپتۇ چاپاق...

* *

كۆز
ئۆزىنى كۆرەلمەس
دېگەن سۆزنى چۈشىنەيلى بەس!

### تىلنىڭ نارازىلىقى

مېنى ئەيىبلىمەڭلار،
ۋاتىلداق تىل-تايغاق دەپ،
يارا قىلىپ دىللارنى،
تاپتى ئۆچلۈك، چاتاق دەپ.

ساقلار مېنى ئۇتتۇز چىش،
ھەمدە ئىغىز پاسىبان.
جامائەتكە شۇ ئايان
«ھەممىگە باش ھۆكۈمران»

**قوچقار**

قارا قوچقار گۆلەيدى،
بېشىم قاتتىق بازغان دەپ.
ئالا قوچقار راستلاندى،
مۈڭگۈزۈم باش يارغان دەپ.

پاتمىغاندەك يايلاققا،
ئىككى قوچقار ئۇسۇشتى.
بىرىنىڭ بوينى قاتلاشتى،
بىرى تىك ياردىن چۈشتى.

قوزغۇن، تۈلكە ئۇلارنى،
قىلدى تەڭلا خام تالاش.
كارغا كەلمىدى ئىسست،
يوغان مۈڭگۈر، بازغان باش.

**تۇرغان شاۋۇدۇن**

## مۇشۇكياپىلاقنىڭ جاۋابى

قاراڭغۇ ئاخشام مۇشۇكياپىلاق،
كاماردىن چىقىپ قارىدى ھەرياق.
مارىلاپ ئۇچۇپ خېلى كۆپ جاينى،
تۇتتى ئۇگدىگەن بىغەم تورغاينى.
تورغاي يالۋۇردى: ئەي تۈننىڭ شاھى،
يوقتۇر پېقىرنىڭ ھېچبىر گۇناھى.
كېچىدە سىزگە دەخلى قىلمايمەن،
سەھەر چۇ-چۇلاپ تاڭنى چىللايمەن.
مۇشۇكياپىلاق كۆزى پارقىراپ،
دېدى تورغاينى بېسىپ خىرقىراپ:
رىسقىم كېچىدە، ئەركىم كېچىدە،
مەندەك يايرىماس ھېچكىم كېچىدە.
بىلسەڭمۇ شۇنى تاڭنى چىللىدىڭ،
بۇ گەپنى ئۆزۈڭ ھېلىلا دېدىڭ.
ئەزەلدىن ماڭا كۈشەندە ئىدىڭ،
دېمەك بەختىمنى سەن شۇمتەك يېدىڭ...

# ئىككى مەسەل

## تۇپراق ۋە سۇ

چاك-چاك بولۇپ يېرىلدى تۇپراق،
تاشلىمىدى بولۇتمۇ تامچە.
قارلىق تاغقا كۆز تىكىپ ئۇزاق
ئۆكۈندى يەر ئاھ ئۇرۇپ قانچە.

سولدى مايسە، سولدى گۈل-چېچەك،
ئۆرتىنىپ شۇ تۇپراق ئاھىدىن.
ئۈچتى بۇلبۇل-قۇشلار ناۋاسى،
تۇتۇپ ماكان غەمنىڭ چاھىدىن.

بىر ئەسىردەك تۇيۇلدى گويا
بۇندا تەستەك ئالغان ھەر تىنىق.
بىر تىنىقتىن قالسا مۇبادا
ھاياتلىقنىڭ ئۆچمىكى ئېنىق.

شۇندا بىردىن تۇتۇلۇپ ھاۋا،
ياغدى يامغۇر بولۇپ گويا سەل.
قېنىپ تۇپراق تەشنالىقىغا،
تاپتى قايتا ھاياتلىقنى تەل.

گۈل-چېچەكلەر كىردى جىلۋىگە،
كۈلدى زېمىن قۇشلار كۈيىدىن.
تاپتى ھەممە شادلىق، ئاسايىش،
ھاياتلىقنىڭ بۇ چوڭ تويىدىن.

لېكىن چىقىپ يەر قىنىدىن سۇ،
ماختىنىشتىن قىلدى دىلىنى غەش.
دېدى: مېنىڭ كارامىتىم بۇ،
كېرەك شۇڭا مېنى مەدھىيلەش.

بۇلبۇللارنىڭ ئۈچتى ئاۋازى،
ئۈچتى گۈللەر جىلۋىسى، نازى.
توختاپ قالدى سۆزۈك سامادا
تورغايلارنىڭ نەغمە، پەرۋازى.

خورسىنىپ يەر ئۇن قاتتى شۇندا:
ھەممە بىلەر ئەجرىڭنى بۇندا.
بىلگىن سەنمۇ، ئەجرىڭ گۈل ئاچار
پەقەت ساڭا تەشنا قوينۇمدا.

سەن بولمىساڭ يوق ماڭا ھايات،
مەن بولمىسام يوق ساڭا قانات.
بىزنى شۇنداق قىلىپ ئاشنا-يار.
يارىتىپتۇ سىرلىق كائىنات.

باغرىمىزدا كۈلسە ھاياتلىق،
ئىجىللىقنىڭ مېۋىسى دەپ بىل.
تۆۋەن بىزدىن ئۇلۇغلارغىمۇ،
ماختىنىشتىن مەڭگۈ ھەزەر قىل.

بۇ سۆز بىلەن يىغىپ ئېسىنى،
بولۇپتۇ سۇ تولىمۇ خىجىل.
باغاشلاپتۇ تۇپراقنى قايتا،
ئۆتمەك ئۈچۈن مەڭگۈگە ئىجىل.

## قاباھەتلىك چۈش

قاچانىدۇر ئىشلەپ-ھېرىپ بىر ئىنسان،
كېتىپتۇدەك چەكسىز چوڭقۇر ئۇيقۇغا.
ئېلىپ ھۇزۇر ئۇيقۇدىن بار ئەزاسى،
چۆمۈپتۇدەك غەيرىيلا بىر تۇيغۇغا.

ئۇن قېتىپتۇ بىر-بىرىگە شۇ بىلەن،
ئۆز-ئۆزىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ:
— ھەممىڭلارغا سەركەردىمەن، — دەپتۇ پۇت،
ھە، دېگەندە ھەممىسىنى چۆكۈرۈپ، —

گەر قىلمىسام ماڭماقلىقنى ئىختىيار،
يوق سىلەرگە بۇ جاھاننى كەزمەكلىك.
نېمە پەرقى ئۇندا ئالەم، زىنداننىڭ،
جىسمىڭلارغا قىسمەت جاندىن بەزمەكلىك.

— كۆرسەتمىسەم ماڭار يولنى، — دەپتۇ كۆز —
تەگسىز ھاڭلار يۇتار سىزنى يۈزدە، يۈز.
شۇڭا رەھمەت ئېيتقىن پەقەت ماڭىلا،
سەركەردىلىك تالاشماقتىن ئۈمىد ئۈز.

— كۆز دېگەنچۇ، — دەپتۇ قۇلاق، — بولاقتۇر،
ئاڭا سەزگۈ ئاتا قىلغان قۇلاقتۇر.
كەلدىم سىزنى شۇ سەزگۈدە يېتەكلەپ،
بار شەرەپنى ماڭا ئاتاپ يىراق تۇر.

— يەپ تۇرمىسام، — دەپتۇ ئېغىز گەپ ئېلىپ، —
ياشايتتىڭلار نېمىدىنمۇ نەپ ئېلىپ.
باش قويۇڭلار شۇڭا ماڭا ھەممىڭلار،
ئۆمرۈڭلارنىڭ كاپالىتى دەپ بىلىپ.

— كاپالەتتە، — دەپتۇ بۇرۇن، — كېپىل مەن،
ھالال-ھارام سىزنىقىدا سېپىل مەن.
ئايرالامسەن مەنسىز ماينى سىركىدىن،
ئۇنى ساڭا بىلدۈرگۈچى ئەقىل مەن.

قول دەپتۇكى:
ھەممىڭلارغا ئىجىل مەن،
خىزمەت قىلدىم سىلاپ-سىپاپ سىجىل مەن،
تازىلىمسام ئۇستۇڭلارغا قونسا كىر،
بولۇپ كەلدىم تا ئەزەلدىن خىجىل مەن.

جىسمىڭلارغا كۈچ بەرمەككە غەيرەتتە
بولۇپ كەلدىم يەنە دائىم ھەرىكەتتە.
يوقنى تېپىپ، خامنى ئۇبدان پىشۇرۇپ،
ئايلاندۇردۇم سىلەر ئۈچۈن لەززەتكە.

گەر بولمىسام، كىم ئوينايدۇ بۇ رولنى،
تاپامسىلەر ياكى باشقا بىر يولنى؟
ياق، باسالماس ھېچلا نەرسە ئورنۇمنى،
سۆيۈڭلار، سۆيۈڭلار بۇ جۈپ قولنى.

— بىلەمسىلەر مېنى، — دەپتۇ شۇندا باش، —
ئەقىل، ئىدرەك ماكانىمەن بىر تۇتاش.
ئىلكىمدىدۇر ھەممىڭلارنىڭ تىزگىنى،
مەن سىلەرگە ھەم قوماندان ھەم قاياش.

قىلسىلەر قىلغىن دېسەم نېمىنى،
ھەم يەيسىلەر يېگىن دېسەم نېمىنى.
شۇڭا ئارتۇق ماختانماستىن ئالدىمدا،
توختىتىڭلار مەنمەنلىكنىڭ جېكىنى.

شۇندا بىردەم جىم بوپتۇ-يۇ ھەممىسى،
باشلىنىپتۇ يەنە تاپا-تەنىسى.
— كېلىشەيلى، — دەپتۇ ئاخىر، — ئەمەلدە
ئىسپاتلانسۇن سۆزىمىزنىڭ مەنىسى.

كۆرسەتمەككە بىر-بىرىگە ئۆزىنى،
كەلسە خەتەر يۇماق بوپتۇ «كۆز» نى.
شاللىنارمىش ياردەم تىلەپ قاقشىغان،
تاللىنارمىش شاللىغىنى ئۆزگىنى.

كۈن قىيىلىپ يەرنى گۈگۈم بېسىپتۇ،
تاگمۇ ئېتىپ ھاۋا-جاھان ئىسسىپتۇ.
تەشنالىق ھەم ئۇزۇقلۇققا ئېھتىياج
ئاستا-ئاستا دەملىرىنى قىسىپتۇ.

ئۇندەشمەپتۇ قىلغاچ داۋام بەسلىشىش
نە بەسلىشىش، بوپتۇ ئۇچۇق قەستلىشىش.
ئۇلىشىپتۇ شۇندا بىر توپ چۈمۈلە
مەقسىتىدە ئۇنى شېرىن يەم قىلىش.

سېلىپتۇ كۆز كۆرۈپ ئۇنى كۆرمەسكە،
چەك قويماپتۇ قولمۇ ئۇنى يۇرمەسكە.
ئېپ قاچماپتۇ پۇتمۇ ئۇنىڭ خەۋپىدىن،
باشقىسىمۇ ساپتۇ ئۆزىن سەزمەسكە.

بولۇپ بەدەن چۈمۈلىگە زىيابەت،
ئېغىز ساپتۇ ھەر ئەزاغا جاراھەت.
باشلىنىپتۇ ئاندىن ئېغىز، بۇرۇن، كۆز،
قۇلاقلارغا كىرىپ چىقار زىيارەت...

شۇندا ئىنسان ئويقۇسىدىن ئويغىنىپ،
ئاھ ئۇرۇپتۇ ھەسرەت بىلەن تولغىنىپ.
— شەپىسى بۇ، — دەپتۇ، — نېمە شۇملۇقنىڭ،
نېچۈن چۈشۈم قالدى شۇنداق بۇلغىنىپ.

دەپتۇ قاراپ ھەر ئەزاغا بىرمۇ بىر:
— بارمۇ ياكى بۇ چۈشۈمدە ئۆزگەسىر؟
ياق بۇ ئۇلۇغ تەگرىمىزدىن بىشارەت،
قوندۇرماسقا پاك ۋۇجۇدقا قىلچە كىر.

يارالمىشتا تەك يارالغان بارچىنىڭ،
ھەتتا تاغدا ئۆسكەن قارىغاي، ئارچىنىڭ.
بىر-بىرىگە چىك چىرماشقان يىلتىزى،
تەك كېسىلەر تەگسە تىغى پالتىنىڭ.

ئادەم دېگەن مۇھتاج يەتتە ئەزاغا،
ئىگە ئادەم ئۇ بىلەن يەر، پەزاغا.
ئادەمسىز ئۇ ئەزانىڭ نە كېرىكى،
ئۇسىز ئادەم تۆرەلگەي نە مازاغا.

ئايان بىزگە يۇغاندىلا قولنى قول،
قوللار يۇزنى يۇيار دائىم قولمۇ قول.
ئارىلاشسا گەر تەماننا ئارىغا،
نادامەتنىڭ تىغى ئۇنى قىلار قۇل.

تەمەننادىن ئۆلمەكلىكنى ئارتۇق بىل،
ئۆز بۇرچۇڭنى بېجىرمەكنى تارتۇق بىل.
قاباھەتلىك چۈشۈم ئۇڭغا تارتىمسۇن،
غەم-ئەندىشەم ھەرگىز-ھەرگىز ئارتىمسۇن.

يەتتە ئەزا قارا تەرگە چۆمۈلۈپ،
دەپتۇ، قاپتۇق ئەجەب ھېسقا كۆمۈلۈپ.
چۈش دېگەنمۇ ئەخلىتىدۇر ئويقۇنىڭ،
تاڭ شامىلى ئېلىپ كېتەر سۈپۈرۈپ.

لېكىن ساۋاق بولسۇن چۈشنىڭ بايانى،
ئۇقمىزدا تىغ ئۇرمىسۇن ئايانى.
ئۆتەيلى بىز بولۇپ سەگەك، ئۆملۈكتە،
بۇ ئۆملۈكنىڭ بولمىسۇن ھېچ پايانى.

شۇندىن بۇيان ئىنسان قېچىپ غەپلەتتىن،
بوپتۇ خالىي چۈشىدىكى ئەخلەتتىن.
ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلەرگە بۇ مىسال
بولسا ساۋاق تاج كىيەتتىم لەززەتتىن.

# كىتابخانلاردىن خەت

پازىل قادىر

## كۆكۆل سۆيگۈسى

شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كىتابخانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان ئىقتىدارلىق شائىر ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرنىڭ «كۆكۆل سۆيگۈسى» ناملىق تۆتىنچى شېئىرلار توپلىمى يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. مەن بۇ توپلامنى زوق بىلەن ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىكى شېئىرلارنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

شائىر بولماق ياكى شېئىر يېزىش بەزى كىشىلەرگە ئوڭايدەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما ھەقىقىي شائىر بولۇش، چىن ۋە قايناق ھېسسىياتقا باي شېئىرلارنى يېزىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس

شائىر ھەممىدىن بۇرۇن ھېس قىلىدىغان، يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان، ھاياتنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاش ئۈچۈن تىنىمسىز كۈرەش قىلىدىغان تالانت ئىگىسى بولۇپ، ئۇ پەقەت ئۆز قەلبىدە كۈچلۈك ھاياجان قوزغىغان ھاياتنى ئىلغار كۆز قاراش بىلەن باھالاپ، ھېسسىيات بىلەن ئىدراكنى جىپسىلاشتۇرۇپ، ئاق-قارىنى ئېنىق ئايرىپ، مۇھەببەت ۋە نەپرەتنى توغرا ئىپادىلىگەن چاغدىلا، كىتابخانلارنىڭ يۈرىكىنى تىترىتەلەيدىغان شېئىرلارنى يېزىپ چىقالايدۇ.

شائىر ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ئۆزىنىڭ بۇ توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «ئاسان ئەمەس» ناملىق شېئىرى ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى ئىنتايىن ئوبرازلىق ھالدا روشەن ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ لىرىكا بىلەن بايان بىرلەشتۈرۈلگەن «ئاي ۋادىسى» ناملىق ئېپىك شېئىرىدا ئىنسانلارنىڭ ئاي ۋادىسىغا قونۇپ، «مۆجىزىدىن يېڭى داستان ياراتقان» لىقىغا ئاپىرىن ئوقۇلۇپ، ئىلىم-پەننىڭ كائىناتنى بويسۇندۇرۇشتىكى تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرىتى نامايان قىلىنغان بولسا، «ياشايسەن تاغ بولۇپ» ناملىق شېئىرىدا تاغنىڭ ھەيۋەتلىك سىماسىنى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بىلەن زىچ باغلاپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ياشاشنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن. تاغ مەڭگۈ قېرىمايدۇ، ئەسىرلەردىن-ئەسىرلەرگىچە «بۈركۈتتەك كۆكسىنى كېرىپ... ئۈچلۈق چوققىسى خەنجەردەك سامانى يېرىپ تۇرىدۇ.» چۈنكى ئۇ «بوراندا پولاتتەك تاۋلانغان»، ئەمما ئادەمنىڭ ئۆمرى بەك قىسقا ۋە چەكلىك. ئۇ خۇددى چاقماقتەك تېز چېقىپ، ۋاللىدە يورۇپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ مۇشۇ چەكلىك ئۆمرىدە قانداق قىلغاندا «قېرىماس بۈيۈك تاغ بولۇپ ياشاش» مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ؟ شائىر بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

« ياشساڭ شۇ تاغدەك ئەل بەختى ئۈچۈن ،
بوران - چاپقۇندا قۇدرەتكە تولۇپ ؛
يامغۇردا ، قاردا ، پىژ - پىژ ئاپتاپتا ،
تۇرساڭ تەۋرەنمەي يۇرت كۆزى بولۇپ ؛
شۇ چاغدا سەنمۇ ئەلنىڭ قەلبىدە ،
ياشايسەن قىرىماس بۈيۈك تاغ بولۇپ ... »

شائىر « ھاياتتىن تۇغۇلغان ھېسلار ... » ناملىق چىڭ ماۋزۇ ئاستىدىكى « قۇچاقلىغىن ئانا يەرنى » ، « مۇھەببەت » ، « چىراغ » ، « شېرىن خىياللىرىم » دېگەن شېئىرلىرىدىمۇ زېمىن ، ھايات ۋە مۇھەببەتكە بولغان چوڭقۇر ھېس - تۇيغۇسىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلىگەن .

مەسىلەن ، ئۇ « قۇچاقلىغىن ئانا يەرنى » دېگەن شېئىرىدا :

« تەلمۈرمىگىن ئاسمانغىلا ،
ياشالمايسەن مۇئەللەقتە .
قۇچاقلىغىن ئانا يەرنى ،
ئىنتىزار ئۇ مۇھەببەتكە . »

دەپ يازسا ، « مۇھەببەت » دېگەن شېئىرىدا :

« مۇھەببەت ئەمەس پەقەتلا ،
قىز - يىگىتنىڭلا ئىشق سەۋداسى .
مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ،
پۈتۈن كائىنات .
مۇھەببەت بىلەن گۈللەيدۇ ھايات .
چىن مۇھەببەت ئىنسانغا قانات »

دەيدۇ . ئۇ يەنە « چىراغ » ناملىق شېئىرىدا :

چاقنىتار كۆزۈمنى ،
ھەركۈنى كەچتە ،
ئۆيۈمدىكى رەڭگارەڭ چىراغ .
ئوخشاتتىم ئۆمرۈمنى ،
ئاشۇ چىراغقا ،
نۇرى بەك سۇس .
چاقنىماس بىراق ،
نۇرلۇق چىراغ بولماقنى ئىستەپ ،
ھايات دېڭىزىغا سالدىم مەن قولۋاق . »

دېيىش ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ۋە ھاياتتا ئىز قالدۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ، نۇرلۇق چىراغ بولماقنى تەكىتلەيدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا توپلامدىن ئورۇن ئالغان « سۆيگۈگە ئىنتىزار كۆڭۈل » ، « كۆڭۈل رەنجىش » ، « دىرىزە مېھرى » ، « ئالتۇن خاستۇر قەلبى يۇلتۇزغا » ، « سۆيگۈ گۈلۈڭ چاچمايدۇ پۇراق » ، « قېنى سېنىڭ خۇش خۇي چىرايىڭ » قاتارلىق شېئىرلار مۇھەببەت

ھەم ۋاپا تېمىسىغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ شېئىرلار چۈشكۈن مۇقاملاردىن خالىي.

شائىر يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەنمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، ماختانچاقلىق، ئەمەلپەرەستلىك قاتارلىق ئاجىزلىقلار بىلەن مەنىۋى چاكىنىلىقلارنى تازا كېلىشتۈرۈپ ھەجۋىي قىلىدۇ. ئۇنىڭ «كىسكا»، «دەريا ۋە بۇلاق»، «ئەخلەت ساندۇقىدىكى موما»، «ئاق قۇ ۋە ئادەم»، «قەدرىنى بىلمىدى»، «ئەمەلدار دوستۇمغا»، «تەلەي توغرىسىدا» قاتارلىق ھەجۋىي شېئىرلىرى بۇنىڭ جانلىق دەلىلى.

بىلىنىسكى: «ساتىرا كەمچىلىكلەرنى، كىشلەرنىڭ زەئىپ تەرەپلىرىنى، يامان قىلىقلىرىنى مەسخىرە قىلىش بولماي، بەلكى ئاچچىقلانغان ھېسسىنىڭ كۈچى. ئالىيجاناب غەزەپنىڭ گۈلدۈرمامىسى ۋە چاقمىقى بولۇشى كېرەك» دېگەنىدى. شائىر يۇقىرىدىكى ھەجۋىي شېئىرلىرىدا مۇبالىغە ھەم فانتازىيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان مەنىۋى چاكىنىلىقلارنى جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن روشەن ئەكس ئەتتۈرگەن.

«كۆكۆل سۆيگۈسى» ناملىق توپلامغا يەنە ھەرخىل تېمىدا يېزىلغان رۇبائىي (تۆتلۈك)، مەرسىيە، مەسەل، سەككىزلىك ۋە باللار تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان ۋەقەلىك شېئىرلار ھەم ئۆسمۈرلەر ناخشىلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن:

«بەزىلەر ئالدىڭدا دولاڭنى قېقىپ،
ماختايدۇ ھە دېسە شالىنى چېچىپ.
ۋە لېكىن قولىدا ئىغۋا كارنىيى،
يۈرىدۇ كەينىڭدىن كېپەنلىك پىچىپ.»

قاراڭ، بۇ رۇبائىيدا ئاپتور ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك ۋە ئۇيقەستلىك قىلمىشلارغا نەقەدەر ئۆتكۈر تىغ سانچىغان-ھە! توپلامدىكى يەنە بىر قىسىم رۇبائىيلاردا پاك ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى بولغان راستچىللىق، سەمىمىيلىك قىزغىن مەدھىيلەنگەن.

توپلامدىن ئورۇن ئالغان مەرسىيەلەر كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. بۇ مەرسىيەلەردە زور تۆھپە يارىتىپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئابرويلۇق ئالىملار، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش، ۋە ئۇلارنىڭ ۋاپاتىغا بولغان قايغۇ-ھەسرەت چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن.

بۇ مەرسىيەلەر كىشلەرنى مەيۈسلەندۈرمەستىن، بەلكى ئۇلارنى ۋاپات بولغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرىدۇ، قايغۇدىن كۈچ ھاسىل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. شائىرنىڭ «ئەلۋىدا، زىكرى ئاكا»، «سەن ياشايسەن ئەلنىڭ قەلبىدە»، «ئانا ھەققىدە مەرسىيە»، «سىزنى ئەسلەپ»، «نامسىزنى ئۇلۇغلار ئەل-يۇرت» قاتارلىق مەرسىيەلىرىنى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن بىرقەدەر ياخشى مەرسىيەلەر دېيىشكە بولىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «كۆكۆل سۆيگۈسى»گە شائىر ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرنىڭ 100 دىن ئارتۇق شېئىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ توپلام شائىرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانى بىرقەدەر روشەن ئەكس ئەتكەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

**ئابلىز مەتمىن**

# كېچىكىپ يېزىلغان ماقالە

ئەدەبىيات رېئال تۇرمۇشتىكى ئاددىي، مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى جانلىق، سۇرەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرىدۇ، تەربىيىلەيدۇ.

مەن يازغۇچى مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ «گۆر ئىچىدە» ناملىق ھېكايىسىنى («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987-يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان) ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ھېكايىنى بالدۇرراق ئوقۇمىغانلىقىمدىن قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. چۈنكى، بۇ ئەسەردە يامراپ كېتىۋاتقان خۇراپاتلىقنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر قۇرىدىن مەرىپەتنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ.

ئەسەردىكى بىلال قول ئىلكىدە بار، خۇداگۇي ئادەم. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ «شەيتان» غىمۇ نۇقتا سالالايدىغان، مەسچىت ئىماملىرىمۇ خىرىس قىلالايدىغان، ئەقىدە، چوقۇنۇش، سوپىچىلىقتا ھەرقانداق كىشىنى بېسىپ چۈشىدىغان سۆزمەن «ئەۋلىيا» بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭلا ئەمەس، ھەتتا ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭمۇ شۈبھىسىز «جەننەت» كە كىرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادا ياشاشنى پەقەت جەننەت ئۈچۈن دەپ بىلىدۇ ھەم ئاتا-ئانىسى زوكامداپ قالغاندىمۇ خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇلارنىڭ كېسىلىگە شىپالىق تىلەيدۇ. لېكىن بۇ «مەلھەم» سىز دورا ھېچ كار قىلمايدۇ. يۈسۈپ مۇئەللىمنىڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىش ئارزۇسىمۇ ئۇخشاشلا تالىپنىڭ دەككىسى ئالدىدا يوققا چىقىدۇ. ئاخىرى قول ئىلكىدە پۇل-مېلى تۇرۇپمۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنالماي بەختكە قارشى ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن، تەقدىر قېرىشقاندەك ئۇنىمۇ گۆرگە سۆرەپ كىرىپ كىچىككىنە بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن جېنىنى ئالىدۇ. ئۇ تاڭ ۋىسالىغا ھەرقانچە تەلمۈرسىمۇ قاراڭغۇ قەلبى مەڭگۇ گۆر ئىچىدە قالىدۇ. كېيىن جامائەت تايىپ قارىمىنىڭ تون يەكتىكىگە قوزۇق قېقىۋېتىلگەنلىكىنى بايقاپتۇ.

دېمەك، بۇ ھېكايە كۈچلۈك تەنقىدىي خاراكتېرى بىلەن چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە.

بۇ ئەسەر قىسقا، ئىخچام، ئەمما ئۇنىڭدا ئۆتكۈر تىل ۋاسىتىسى بىلەن ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان نادانلىق، خۇراپاتلىق ئاجايىپ قاتتىق قامچىلانغان. يۈسۈپ مۇئەللىمدىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژ ھېكايىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. يازغۇچى مۇشۇ ئوبراز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلىم-پەنگە ئىنتىلىشتەك يۈكسەك غايىسىنى ھەم مەرىپەتنىڭ خۇراپاتلىق ئۈستىدىن جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى چەكسىز سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مەن يازغۇچىنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپرەك يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

### پېشقەدەم شائىر مۆمىن سەپىرى



مۆمىن سەپىرى 1924-يىل 27-دېكابىردا كۆنەس ناھىيىسىنىڭ تالدى يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئىلى گىمنازىيىسىنىڭ قازاق سىنىپىدا ۋە شىنجاڭ بيۇرو كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1943-يىلدىن، 1949-يىلغىچە كۆنەس ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەسئۇل كاتىپى ۋە كاسسىرى، 1949-يىلدىن 1950-يىلغىچە شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى كۆنەس ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈم باشلىقى، 1951-يىلدىن 1953-يىلغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە تەپتىش كادىرى، 1953-يىلدىن 1955-يىلغىچە ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىدە تەپتىش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى، 1956-يىلدىن 1982-يىلغىچە «ئىلى دېھقانلىرى» گېزىتى ۋە «ئىلى گېزىتى» دە مۇھەررىر، مۇخبىر، مەسئۇل مۇھەررىر، 1982-يىلدىن 1986-يىلغىچە ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1986-يىل 1-ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.

مۆمىن سەپىرى 1951-يىل 7-دېكابىردا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «چوروق» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلدى. شۇندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى گېزىت-ژۇرناللارغا ھەم قازاقىستاندىكى گېزىتلەرگە ئۇنىڭ 250 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، جۈملىدىن رۇبائىي، ساتىرا، فېلىيەتون، ناخشا تېكىستى، باللادا ھەم داستانلىرى بېسىلدى. شائىر ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت جەريانىدا «تەمكىن» تەخەللۇسى بىلەن «قۇلۇپلاقلىق كابىنېت»، «مەجلىسلەر ماجىراسى»، «بۇ كىم ئۆزى»، «بىر مۇتتەھەم كۆردۈم مەن»، «زاكىر زابوي»، «كومىسسىيە كەلگەندە»، «كاززاپنىڭ كارامىتى»، «مەنسەپ مەستانىسى»، «لۈكچەكنىڭ تۆۋسى»، «تۇلۇم چاشقان»، «ئۆمرىڭىز ئۆتەمدۇ مەجلىستە»، «پاراكەندە پارىخور» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ساتىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، مەملىكەتنىڭ ئىچى-سىرتىدا ئىقتىدارلىق ساتىرىك شائىر سۈپىتىدە تونۇلدى.

1982-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ «چېلىش ئىلھاملىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇندىن باشقىرى «تارىم ئۆركەشلىرى»، «قۇتلۇق ئىز»، «توي چاچقۇسى»، «قامچا»، «تەگرىتاغ سادالىرى» (بۇ

توپلام قازاقستان «يازغۇچى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) قاتارلىق كوللېكتىپ توپلاملارغا شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. 1981-يىلى شائىرنىڭ «مەجلىسلەر ماجىراسى» ناملىق ساتىرىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «گۈلنى كۆرسەم» ناملىق شېئىرى 1989-يىلى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» تەرىپىدىن «چولپان» مۇكاپاتىغا، غۇلجىدا لېنتىغا ئېلىنغان «سېغىندىم سېنى» ناملىق ناخشا تېكىستى 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.. 1983-يىل «ئىلى گېزىتى» بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى»گە شائىرنىڭ ساتىرا، فېلىيەتونلىرى توغرىسىدا يېزىلغان تەقرىزلەر بېسىلىپ، بۇ ئىقتىدارلىق قەلەمكەشنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

شائىر مۆمىن سەپىرى جاپالىق ئىجادىيەت سەپىرىدە يەنە «ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى»، «ئۇيغۇر يېڭى زامان دېموكراتىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، «12 مۇقام — مۇزىكا ساھەسىدە گۈزەللىك ۋە بەدىئىيلىكنىڭ سىمۋولى»، «تاڭجارىق جولدى توغرىسىدا» قاتارلىق نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنىمۇ يازدى ھەمدە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ھەرخىل تېمىلاردا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇدى.

شائىر مۆمىن سەپىرى 1957-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 1-قۇرۇلتىيىغا ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى 2-، 3-، 4-قۇرۇلتايلىرىغا قاتنىشىپ، 1980-يىلدىن 1989-يىلغىچە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 2-، 3-، 4-قۇرۇلتايلىرىغا قاتنىشىپ، ئىزچىل ھالدا بۇ بىرلەشمىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ كەلدى.

ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتى جەمئىيىتى، شىنجاڭ 12 مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە ئىلى ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ھەمدە ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق تۆھپە قوشقان ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدىغان بۇ پېشقەدەم شائىرىمىزنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە بۇ يىل 27-دېكابىردا 70 يىل بولىدۇ. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تالانتلىق ساتىرىك شائىرىمىز مۆمىن سەپىرىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىگە بەرىكەت تىلەيمىز.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم تەييارلىغان



# چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئاندرې موروۋا (فرانسىيە)

## چوڭ چېركاۋ

(ھېكايە)

... 18 - يىلىنىڭ باشلىرى ئىدى. سانت ئونورې كوچىسىدىكى رەسىم دۇكىنىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇراتتى. دۇكاننىڭ ئالدىغا مانېنىڭ① «شاتىتىلدىكى چوڭ چېركاۋ» ناملىق ماي بوياق رەسىمى ئېسىپ قويۇلغانىدى، ئۇ چاغلاردا مانېنىڭ ماي بوياق رەسىملىرىدىن زوق ئالالايدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. لېكىن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ كۆزى ھەقىقەتەن ئۆتكۈر ئىكەن. ئۇ رەسىمدە تەسۋىرلەنگەن مەنزىرىنىڭ گۈزەللىكىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، ئۇ ئالايىتەن يەنە بىر كېلىپ رەسىمنى تاماشا قىلدى. كېتىش ئالدىدا رەسىمنىڭ باھاسىنى سوراپ باقماقچى بولۇپ، چىشىنى چىشلەپ دۇكانغا كىردى.

— راستىنى ئېيتسام، — دېدى رەسىم سودىگىرى، — بۇ رەسىمنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولدى، ئەگەر ئىككى مىڭ فرانك بەرسىڭىز رەسىم سىزنىڭ بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنچە نۇرغۇن پۇلنى چىقىرالمايتتى. ئۇ گەرچە ئېچكىرىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، نامرات ئەمەس ئىدى. ئۇ پارىژغا ئوقۇشقا كېلىشىنىڭ ئالدىدا بىر تاغىسى ئۇنىڭغا: «ياشلارنىڭ تۇرمۇشىنى مەن تازا ئوبدان بىلىمەن، پۇل زۆرۈر بولۇپ قالسا، ماڭا خەت ياز» دېگەنىدى. ئۇ خوجايىنىدىن رەسىمنى بىر ھەپتىگىچە سېتىۋەتمەي ساقلاپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ، ئۆزى شۇئانلا تاغىسىغا خەت يازدى.

بۇ يىگىتنىڭ شۇ چاغلاردا پارىژدا بىر ئاشنىسى بار ئىدى. ئۆزىدىن چوڭ ئەرگە تەگكەن بۇ ئايال ئۆلگۈدەك زېرىكىپ يۈرەتتى. ئۇ قوپالراق، ئەخمەقرەك بولسىمۇ، ھۆسن-جامالى خېلى جايىدا ئىدى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى «چوڭ چېركاۋ» ناملىق رەسىمنىڭ باھاسىنى سورىغان كۈنى كەچتە بۇ ئايال:

— ئىلگىرى بىر ياتاقتا ياتقان دوستۇم ئەتە تورۇنتودىن مېنى يوقلاپ كەلمەكچى

---

① مانې — ئېدۇئارد مانې (1883-1832) فرانسىيىنىڭ بۈيۈك رېئالىزمچى رەسسامى، 1870-يىلىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ تەسىراتچىلار ئۇسلۇبىدا سىزىلغان ئەسەرلىرى فرانسىيىدە شۆھرەت قازانغان -ت.

ئىدى. ئېرىمنىڭ بىزگە ھەمراھ بولغىلى ۋاقتى يوق ئىكەن. ئۈمىدىم سىزدىلا قالدى، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا.

ئايالنىڭ دوستى ئەتىسى باشقا بىر دوستىنى باشلاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۈچ ئايالنى باشلاپ يۈرۈپ، پارىژدا بىرنەچچە كۈن ئوينىتىتى. ئاشخانىلارغا كىردى، ھارۋىدا ئولتۇردى، تىياتىر كۆردى. ھەممە چىقىمنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كۆتەردى. بىر ئايلىق پۇل تېزلا تۈگەپ، ساۋاقداشلىرىدىن قەرز ئېلىشقا توغرا كەلدى. ئۇ غەمگە چۆشۈپ قالغان چاغدا، تاغىسىدىن ئۇنىڭغا خەت كەلدى. خەتنىڭ ئىچىدە ئىككى مىڭ فرانكنىڭ چېكى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەمدىن خالاس بولۇپ، قەرزلىرىنى دەرھال بېرىۋەتتى، ئاشىنىسىغا ئاتاپ بىر سوۋغاتلىقمۇ ئالدى. ھېلىقى «چوڭ چېركاۋ» ناملىق رەسىمنى بولسا، بىر يىغىپ ساقلىغۇچى ئېلىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇنى باشقا رەسىملەر بىلەن قوشۇپ، لوۋر مۇزېيىگە تەقدىم قىلىۋەتتى.

ھازىر ھېلىقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئاتاقلىق پىشقەدەم يازغۇچى بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ ياشلىق قەلبىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بىرەر مەنزىرە رەسىمنى ياكى بىرەر چىرايلىق ئايالنى كۆرۈپ قالسا، ئىختىيارسىز توختاپ قاراپ كېتىدۇ. ئۇ تالاغا چىققان چاغلىرىدا كوچىدا ياشىنىپ قالغان بىر ئايالنى پات-پات ئۇچرىتىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ئايال ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاشىنىسى ئىدى. ئۇ ئايال بەكلا سەمرىپ كەتكەچكە، چىرايى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى ساھىبجامال بۇ ئايالنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئاستى مانا ئەمدى خالتىلىشىپ، لەۋلىرىنىڭ ئۈستىدە يۇمران تۈك ئۈنۈپ قالغانىدى. پۇتلىرىنىڭمۇ ماغدۇرى قالمىغان چېغى، ئۇ بەكلا قىينىلىپ ماڭاتتى. يازغۇچى ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى، لېكىن قەدىمىنى توختاتمىدى، چۈنكى ئۇ ھېلىقى ئايالنىڭ پەسلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇ ئايالنى ياخشى كۆرگەن چاغلىرىنى ئەسلىگۈسى كەلمىدى.

ئۇ لوۋر سارىيىغا پات-پات بېرىپ، «چوڭ چېركاۋ» ناملىق رەسىم قويۇلغان زالغا چىقىپ تۇرىدۇ ۋە رەسىمگە ئۇزاقتىن ئۇزاق قاراپ، ئىختىيارسىز خورسىنىپ قويىدۇ.

(«جۇڭگو ۋە چەت ئەل مىكرو ھېكايىلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

**مۇساجان ئەزىزى** تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر **ئەنۋەر ئابدۇرېھىم**

## تۈزىتىش

دىققە تىسزلىكتىن 94-يىل 11-سان 150-بەت تۆۋەندىن 8-قۇردىكى «ئاناتىل» دېگەن ماۋزۇ قۇر ئىچىگە، 152-بەتتىكى «توختاشگۈل» دىكى «ت» ھەرپى چۈشۈپ قالغان. تۈزىتىپ ئوقۇغۇچىلارنى سورايمىز.

ئابلىكىم كېرەم

# ئىككى ھېكايە

## باشلىقنىڭ ھېكايە ئوقۇشى

ئىدارە باشلىقى ئىدرىس بىر ئەدەبىي
ژۇرنالنى ۋاراقلاۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئۆز
كاتىپىنىڭ ئىسمى ئاستىدىكى بىر ھېكايىغا
كۆزى چۈشۈپ قالدى-دە، «پاھ، پۇل
تاپىمەن دەپ خەقنىڭ قىلمايدىغان ئىشى
قالمىدى-دە، بۇ كەمدە...» دېدى
ئىچىدە ۋە ھېكايىنى ئوقۇشقا كىرىشتى.
ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ
قاپاقلىرى مىتىلداشقا باشلىدى. ئۇ قولىدىكى
تاماكىسىنى ئارقا-ئارقىدىن قاتتىق شورايت-
تى. ئۇ ھېكايىنى ئوقۇپ تۈگەتمەستىن،
ئەسەبىيلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى-دە،
ژۇرنالنى ئۈستەل ئۈستىگە پىرقىرىتىپ
تاشلىدى. ئارقىدىنلا ئۇنى يەنە قولىغا
ئېلىپ تۆت پارچە قىلىپ يىرتتى-دە، مەش
ئىچىدە يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىدى.
بۇ ھېكايىدە بىر ئىدارە باشلىقىنىڭ يامان
ئىللەتتى پاش قىلىنغانىدى.
ژۇرنال ۋاراقلىرى بىردەمدىلا كۆيۈپ
كۈلگە ئايلاندى. ئىدرىس پۇخادىن
چىققاندەك بولۇپ تاماكا تۈتاشتۇردى. دەل
شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە
ئوقۇيدىغان ئوغلى بىرنەچچە ۋاراق
قەغەزنى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى:
— دادا، ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز بۇ
قېتىمقى كانىكۇل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بىر
پارچىدىن ھېكايە يېزىپ كېلىڭلار دېگەنى-
دى، ئىككى كۈن ھەپىلىشىپ بۇ ھېكايىنى
يېزىپ چىقتىم، كۆرۈپ بېقىڭا!
— سەنمۇ ھېكايە يازدىڭمۇ تېخى؟
— ۋارقىرىدى ئۇ ۋە بالىنىڭ قولىدىكى
قەغەزنى شارت قىلىپ تارتىۋالدى-دە،
پارچە-پارچە قىلىپ مەشكە تاشلىدى.
دادىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن بالا
ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي يىغلامسىراپ:
— دادا، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ بۇ
سىزنىڭ ماڭا ۋە ئۇكىلىرىمغا بولغان كۆيۈمە-
چانلىقىڭىزنى تەسۋىرلەپ يازغان «مېنىڭ
دادام» دېگەن ھېكايە ئىدى، — دېدى.
— نېمە دېدىڭ؟ مېنى ياخشى دەپ
يازغانما؟
— ھەئە!
— ئاپلا! نېمىشقا باشتا شۇنداق
دېمەيسەن؟
— سىز سورىمىسىڭىز.
— ھەي، ھەي، ھەي...

## دوكلاتنىڭ جاۋابى

ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى جىددىيلەشكەن ھالدا تېلېفون
تۇرۇبكىسىنى قوپاللىق بىلەن قويدى-دە،

ئەمدىلا ئىشكتىن كىرگەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا دېدى:

— ئاقتاش يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى مۇسا ھوشۇرنىڭ تېلېفوندا خەۋەر قىلىشىچە، نەچچە كۈندىن بېرى توختىماي ياغقان يامغۇر يېڭى ئاۋات كەنت مەكتىپىنىڭ ئۈچ سىنىپ بىناسى بىلەن، تۆت ئېغىزلىق ئوقۇتقۇچىلار ياتىقىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. مۇشۇ يامغۇرنىزە... ئەسلىدە ئۆزۈم بارسام بولاتتى، لېكىن مۇھىم بىر يىغىن چىقىپ قالدى. سىز دەرھال بېرىپ، ئۆزىڭىز تۆپىدە تۇرۇپ بۇ ئىشنى ھەل قىلىۋېتىڭ...

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كەينىگە يېنىپ ياندىكى ئىشخانىغا چىقتى-دە، باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپى بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا ناھايىتى جىددىي مەسىلە قاتارىدا ئىدارە باشلىقىنىڭ ھازىرلا دېگەن تاپشۇرۇقىنى ئۇقتۇردى:

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، بۇ، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم ئىش. سىز بۈگۈنلا دەرھال بېرىڭ...

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئاقتاش يېزىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى تېلېفوندا بۆلۈم باشلىقىنىڭ بەرگەن تېلېفوننى ئالدى: «سىلەر ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سىنىپ ۋە ياتاق بىنالىرىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈڭلار، ئەگەر سەل قاراپ مەسىلە كۆرۈلىدىكەن، سىز بېشىڭىز بىلەن جاۋاب بېرىسىز...»

مەكتەپ مۇدىرى ئۆزى قىلغان دوكلاتنىڭ ناھايىتى تېزلىكتە مائارىپ ئىدارىسىنى بىر ئايلىنىپ، ئاخىرى ۋەھىمىلىك جاۋاب بىلەن قايتقانلىقىدىن روھى چۈشۈپ، لاسسىدە دىۋانىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

**رىزىۋانگۈل ئابلىز**

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمائىل**

## پەرزەنت ۋە مۇھەببەت

(ھېكايە)

شۇنداق قىلىپ بىز ئاجرىشىپ كەتتۇق. ئاتا-ئانام، ئاغىنە-بۇرادەرلىرىمنىڭ ھەممىسى «ياخشى قىپسەن» دېدى. ئۆزۈممۇ ئاجراشقىنىمغا خۇشال. ئۇ ئۆيۈمدىن ھېچنەرسە ئالمىدى. 10 يىلدىن بۇيان ئىقتىسادچانلىق بىلەن توپلىغان ئائىلە مۈلكى ماڭىلا قالدى. بۇمۇ ئوبدان بولدى، قايتىدىن توي قىلسام ھېچبىر جاپا تارتمايمەن.

راست، ئەمدى كىم بىلەن توي قىلسام بولار؟ رازىيە بىلەنمۇ ياكى ئايگۈل بىلەن؟ ئاتا-ئانام تونۇشتۇرغان ھېلىقى قىز بىلەن قىلايمۇ-يا؟ توغرا، ئاشۇ قىز بىلەن قىلاي. سەت بولسا نېمە بوپتۇ، بالا تۇغالىسىلا بولدى.

* *

ئاجرىشىپ بىر ئاي ئۆتكەندە توي قىلدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئايالىم ھامىلدار بولدى، بەك خۇش بولدۇم. ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىممۇ خۇش بولۇشتى. مانا، مەنمۇ باللىق بولىدىغان بولدۇم. قېنى بۇرۇن مېنى مازاق قىلىشىپ، ھاقارەتلىگەنلەر ئەمدى نېمە دەركىن؟ شۇلارنىڭ مېنى زاڭلىق قىلىپ ھاقارەتلىگەنلىكى تۆپەيلى ئۇ مەندىن تاياق يېگەن، ئۇنى يىغلىتىپ دەردىم چىقماي ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، ئۆزۈممۇ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتكەن ئىدىمغۇ.

ئاھ، ئاشۇ دەردكە تولغان 10 يىل! ئىككى يۈرەكنى زەرداپ قىلىۋەتكەن

10 يىل!

ئايالىم تۇغدى، دادا بولدۇم، مانا مەن دادا بولدۇم، بۇنى پۈتۈن ئالەمگە جاكارلىغۇم كەلدى. ياق، ئۇ ئاڭلاپ قېلىپ ھەسرەتلەنمىسۇن، ئۆزۈمنى بېسىۋالاي.

* *

مانا، 3 يىل ئىچىدە ئىككى باللىق بولۇپ قالدىم، ئۆيۈمنىڭ ئىچىدە بۇرۇنقىدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەيدۇ، بەلكى بىردەم كۈلكە، بىردەم يىغا-زارە ياڭراپ تۇرىدۇ. بالىلارنىڭ بىرىنى ئايالىم پەپىلىسە، بىرىنى مەن پەپىلەيمەن. ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ئىشتىن چۈشۈپ ئاغىنىلەر بىلەن ئۇلپەت بولۇپ ئولتۇرۇشقىمۇ چولا يوق. ئۇدۇل ئۆيگە كېلىمەن، بىرىمىز بالا باقساق، بىرىمىز تاماق ئېتىمىز. خىزمەتتىكى چاغلاردىمۇ بالىلىرىمنى ئويلاپ، سېغىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن. ئاھ، ئاشۇ ئوماق بالىلار مېنىڭ بالىلىرىم-ھە! ئەگەر... ئەگەر بۇ بالىلار ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ بولۇپ قالسىچۇ، ئۇ چاغدا نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!

ھەي، مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. مەن ھازىرمۇ بەختلىكقۇ. باللىق بولدۇم، بۇ، بەختىمنى تاپتىم دېگەن گەپ.

* *

4-يىلى ئايالىم يەنە بىرنى تۇغدى. پىلانىنىڭ سىرتىدا باللىق بولدۇڭ دەپ ماڭا بىر مۇنچە جەرىمانە قويدى. باشلىقىمنىڭ ئاچچىق سۆزلىرىنى ئاز دەپ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئىشلەيدىغان ئايالنىڭ سېسىق گەپلىرىچۇ، بۇرۇن ئاز-تولا ئىقتىساد قىلىپ يىغقان پۇلۇم بىلەن توي قىلدىم، كېيىن ئايالىم ۋە بالىلىرىمنى باقىمەن دەپ ئىقتىساد قىلالمىدىم. شۇڭا جەرىمانىنى تۆلەش ئۈچۈن ئۆيدىكى توڭلاتقۇ بىلەن رەڭلىك تېلېۋىزورنى سېتىۋەتتىم. مېنىڭ بەك ئاچچىقىم كەلدى. نېمىشقا بۇرۇن بالام يوق چاغدا مېنى مازاق قىلغانلار ئەمدى بالام كۆپەيگەندە قوللىماي ئەيىبلەيدۇ؟ ئەمدى يەنە باللىق بولسام مېنى خىزمەتتىن ھەيدەرمىش.

* *

قولۇمدا ئۇنىڭ توي باغىقى. باتۇر بىلەن توي قىلامدىكىنە؟ ئاھ، خۇدا! باتۇر، سەن مېنىڭ دوستۇم ئىدىڭغۇ! نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىسەن؟ نېمىشقا؟ باغاقنى ئۇششاق قىلىپ يىرتقاچ خىيالغا كەتتىم... مەن باتۇر بىلەن كىچىكىمدىن بىر مەھەللىدە چوڭ بولدۇم. تېخنىكۇمدىمۇ بىللە ئوقۇدۇم. بىزنىڭ سىنىپتا 40 ئوغۇل بولۇپ، شۇنداق ئەركىن، شوخ ئىدۇق. ھېچنېمىدىن تارتىنمايتتۇق. يامانلىقىمىزدىن بىزنى مەكتەپتە «40 قاراقچى» دەيتتى. بىزنىڭ سىنىپنىڭ ئۇدۇلىدا سېستىرالار سىنىپى بولۇپ 40 قىز بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلىق دەۋر دېگەن قىزىقچىلىققا تولغان دەۋر ئىكەن. بىز ئاشۇ قىزلار بىلەن بەك ئېيتىشاتتۇق. ھەركۈنى كەچلىك مۇزاكىرىگە چىقىدىغان ۋاقىتتا بىز بالدۇر چىقىپ كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چىملىقتا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆتكەن قىزلارنى باھالايتتۇق، ئۇلارغا قارىتىپ ناخشا توۋلايتتۇق، مېڭىشلىرىغا كوماندا بېرىپ زاڭلىق قىلاتتۇق. يامانراقلىرى بىر-ئىككى ئېغىز تىللاپ قوياتتى، بىز خىجىل بولۇشنىڭ ئورنىغا قىقاس سېلىپ كۈلۈشەتتۇق. ئىشقىلىپ ئۇلارنى جىلى قىلىپ ئويناش بىزنىڭ ئادىتىمىز ئىدى...

2-يىلىغا ئۆتۈپ بىزنىڭ ھېلىقىدەك چاقچاقلىرىمىز تېخىمۇ بەك ئەۋج ئالدى. بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرىدە سىنىپتىكى ئەڭ يامان قولاق كەستىلەردىن بىرنەچچىمىز بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشتۇق. كارىدورنىڭ ئىككى تەرەپ پەلەمپىينى تۇتاشتۇرىدىغان يېرىدىكى لەمپىدە ئىككى چېلەك سۇنى تۇتۇپ كۈتۈپ تۇردۇق. قىزلار

سىنىپىدىن چىقىپ پەلەمپەيدىن مېڭىشىغا «يامغۇر ياغدى» دەپلا سۇنى قۇيۇۋەتـ ـتۇق. قىزلار قىيا-چىيا قىلىشىپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە بىرى مۇرەمدىن سىلكىپ: «غالىپ نېمە قىلىۋاتىسەن؟» دەپ ۋارقىرىدى، بۇ ئاۋاز ئاچچىقى يامان سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىۋېدى، قورقۇنچلىقتا قولۇمدىن چېلەك چۈشۈپ كەتتى. كەينىمگە قارىسام باتۇر ماڭا شۇمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىلىدىغان ئىشمۇ، دېگەن مەنىدە تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. شۇ دەقىقىدە پەستىن «ۋايجان» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. پەسكە چۈشسەك بىر قىز پېشانىسىنى تۇتقىنىچە يىغلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاپئاق بارماقلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. بىز ئۇنى مەكتەپ دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كىردۇق. دوختۇر ئۇنىڭ پېشانىسىنى ئىككى يىپلىق تىكىپ تېڭىپ قويدى.

شۇ كۈنى كېچىچە ئۇخلىمىدىم. ئۇ بەك چىرايلىق قىز بولۇپ، مەكتەپتە ناخشا مۇسابىقىلىرى بولۇپ قالسا، ئېلانچىكلىق قىلاتتى. ئوغۇللار ئارىسىدا ئۇنىڭ كۆپ گېپى بولاتتى. مەنمۇ خېلىدىن بۇيان ئۇنىڭغا كۆز سېلىپ يۈرەتتىم. قېرىشقاندەك ئاشۇ قىزنى يارىلاندۇرۇپ قويغىنىمنى قارىمامدىغان. بىچارە قىز، قانچە قىينالغانـ ـدۇ. ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلمايمەن، باتۇردەك تەمكىن بولىمەن.

ئەتىسى باتۇرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇنى يوقلاپ كىرىپ كەچۈرۈم سورىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى تەدرىجى قويۇقلاشتى. كېيىن بىرىپ ئىككىمىز يۈرۈپ قالدۇق. مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنىڭغا چوقۇناتتىم. شۇ چاغلاردا نېمىشقىدۇر باتۇر مەندىن يىراقلاپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يۇرتىمىزغا كەلدۇق.

ئۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. مەن ناھىيىلىك فاگىيزەنگە تەقسىم قىلىندىم. باتۇر ئەڭ يىراق يېزىغا بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتتى. ھە، ئەسلىدە باتۇر شۇ چاغلاردىلا ئۇنى ياخشى كۆرىدـ ـىكەندە، شۇڭا تويغا چاقىرساممۇ بىرمۇنچە باھانە بىلەن كىرمەپتىكەن-دە. ئۇنىڭ ئايالى تۇغۇتتا قازا قىلىپ كەتكىلى نەچچە يىل بولدى. بالا بىلەن قىينىلىپ قالسەن، ئۆيلىنىۋال دەپ نەسىھەت قىلسام ئۇنىمىۋېـ ـدى، ئەسلى ئىش مۇنداقكەن-دە...

ھەي، مەن نېمىشقا ئۇ ئىشلارنى ئويلاپ كېتىمەن. نېمە بولسا مەيلى ئەمەسمۇ، ئۇ باتۇرنى ياخشى كۆرەرمۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ مەندىن باشقا ئادەمنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ماڭىلا، پەقەت ماڭىلا مەنـ ـسۇپ.

* *

ئەنە، زالدا مۇزىكا ياڭراۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تويى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ئەمدى باشقا بىرىگە تەئەللۇق بولۇپ كېتىدۇ، باشقا بىرىگە!

ئاھ، مەن نېمە بولۇۋاتىمەن، مۇشۇ چاققىچە ئۇنى ئۇنتالماپتىمەن.

«تۇغماس»، توۋا، تۇغماس بولسا نېمە بوپتۇ. بالا بېقىۋالساق بولاتتىغۇ. ئۇ شۇنداق دېگەندە مەن نېمىشقا ئۇنىمىدىم، نېمىشقا ئۇنى خارلىدىم، نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئايرىلدىم؟!

توغرا، مەن تۇغىدىغان خوتۇن ئالدىم. ئايالىم تۇغدى. يەنە تۇغۇشى كېرەك. خىزمەتتىن ھەيدىسە نېمە بوپتۇ، تۇغسۇن!

كۆزۈمدىن ئاققان ياشلارغا قوشۇپ بوتۇلكىدىكى هاراقنى قويماي ئىچىۋەتتىم ۋە يىغلاپ تۇرۇپ نالە قىلدىم: ئاھ مېنىڭ مۇھەببىتىم!

**مەسئۇل مۇھەررىر ساۋەم ئىبراھىم**

ھەمت ياسىن

# بىر سەھرالىقنىڭ شەھەردە كۆرگەنلىرى

(ھېكايە)

ئەخمەت بېشىغا بادام دوپپىسىنى ئەپچىل قوندۇرۇۋالدى. ئاندىن كۆك رەڭلىك كۆڭلىكىنى ئاۋايلاپ كىيدى-دە، قەلبىدىكى خۇشاللىقنى يوشۇرالماستىن ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى. ئۇ شەھەرگە كىرىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى.

بىر ھەپتە ئاۋۋال شەھەردىن مېھمانلار كەلگەنىدى. ئەخمەتنىڭ دادىسى ساۋۇر ئاكا مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن دەسلەپتە بىر قوي، كېيىن بىر ئۆچكە سويدى. نەجمىدىن ئاكا قايتىش ۋاقتىدا ئەخمەتنى شەھەرگە ئەكىرىپ بىرقانچە كۈن ئويناتقۇزىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى، بۇ گەپ ئەخمەتكە تازا خۇشياقتى.

ئەخمەت 19-20 ياشلارغا كىرگەن بۇغداي ئۆڭلۈك، ئېگىز بويلۇق سەھرا يىگىتى ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئانچە نامرات بولمىسىمۇ، شەھەر بىلەن تاغلىق يېزىنىڭ ئارىلىقى بەك ئۇزۇن بولغاچقا، ئەخمەت بىرەر قېتىممۇ شەھەرگە كىرىپ باقمىغانىدى. خەقلەردىن شەھەرنىڭ ياخشىلىقى ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىغان، ئوتتەك بىر كىرگۈسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نەجمىدىن ئاكىنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان چىرايلىق بىر قىزى بار بولۇپ، ئەخمەت بۇ قىز ھەققىدە تاتلىق خىياللارنى قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

شەھەرگە ماڭىدىغان ۋاقىتتا ئەخمەتنىڭ ئاتىسى ساۋۇر ئاكا ئۇنى چەتكە تارتىپ:

— كىرمىسەڭ بولاتتى ئوغلۇم، شەھەرلىكلەر بىزگە ئوخشىمايدۇ. مەيلى، بىر نۆۋەت كىرىپ كۆرۈپ چىق. كۆزۈڭ ئېچىلىپ قالار، ماۋۇ يۈز كويىنى يانچۇقىڭغا سېلىپ قوي. ئەمما بۇزۇپ-چاچما، — دېدى.

مېھمانلار كۈن تىكلىگەندە شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەخمەت ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، نەجمىدىن ئاكىنىڭ قىزى ئاسىيەنىڭ شەھەر ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەشمەتلىك ئۆيى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. ئۇلار كۈن چۈشكە يېقىنلاشقاندا شەھەرگە يېتىپ كەلدى. ئاسىيە تەسۋىرلەپ بەرگەن ھەشەمەتلىك ئۆي ئۈچ ئېغىز بولۇپ، بىر مېھمانخانا، توخۇ كاتىكىدەك بىر ئاشخانا ۋە ياتاق ئۆيدىن ئىبارەت ئىدى. كەچ كىرىشكە باشلىغاندا ئەخمەتنىڭ تەرەت قىلغۇسى كەلدى. ئەمما بۇ ئۆينىڭ تەرەتخانىسى يوقلۇقىنى ئېسىگە ئېلىپ جىم ئولتۇردى. بىر ئازدىن كېيىن سىرتقا چىقتى ۋە بىر بالىغا كەمپۈت بېرىپ ھاجەتخانىنى سوراۋالدى. ئۇ، ئۇدۇل ھاجەتخانىغا قاراپ ماڭدى.

— ھاي سەھرالىق! — ھاجەتخانىنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ تۇرغان بىر ئايال ئەخمەتكە ۋارقىرىدى، — ئوتتۇنچىدەك دوكۇلداپ كېتىۋاتىسەنغۇ، 2 موچەن تۆلۈۋېتىپ ماڭ!

ئەخمەتنىڭ ئۆزىنى ھاقارەت قىلىۋاتقان بۇ ئايالنى راسا بىر تىللىۋالغۇسى كەلدى. ئەمما تەرىتى قىستاپ كەتكەچكە پۇلنى تۆلۈۋېتىپلا ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى. تۇۋا، بۇ يەردە تەرەت قىلىش ئۈچۈنمۇ باج تۆلەيدىغان ئىش بار ئىكەن-دە، دەپ ئويلىدى ئۇ. كەچتە ئەخمەت نان يېگەچ ئاسىيەنىڭ چىرايىغا نەزەر سالدى. ھەدەپ نان چايناپ يۇتۇۋاتقان ئاسىيەنىڭ چىرايى ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. ئاشۇ

قىز ماڭا نېسىپ بولسا-ھە، دەپ ئويلىدى ئەخمەت، بىراق ئاسىدەنىڭ چىرايىغا قاراۋېرىشتىن خىجىل بولۇپ قولىغا بىر پارچە نان ئالدى. ئاخشىمى ئاسىدەنى ئويلاپ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. بىر چاغدا ئۇ شېرىن خىيال ئىلكىدە ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ئەخمەت بىلەن ئاسىدە ناشتا قىلماستىن بازارغا چىقىپ كەتتى. ئاۋۋال دوپپىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ بىر شەپكە ئالدى. ئاندىن شىم، كۆڭلەك ئالماقچى بولۇپ قايناق بازارغا ئىچكىرىلەپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ ئاسىدە «مۇنۇ ياغلىق ئەجەپ چىرايلىق ئىكەن-ھە» دېۋىدى، ئەخمەت ئۇنى 45 يۈەنگە ئاسىدەگە ئېلىپ بەردى ۋە جايىدا ئىش قىلدىم، دەپ ئويلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. كەچكە يېقىن ئۇلار قايتىشتى. ئەخمەت يېڭى ئۇستىباش بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بىراق بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئەخمەتكە بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگىرىپ قالغانىدى. تۇيۇقسىز ئۇ نەجمىدىن ئاكىنىڭ ئايالىنىڭ «گاڭپەن ئېتەي، باشقا تاماق ئەتسەم ماۋۇ ئاچكۆز تويماي قالمىسۇن!» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى. ئېنىقكى، ئۇ ئەخمەتنى دەۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلدى. خورلۇقتىن چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ھەي، ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىماي قالسا بولماسمىدى. بىردىن بۇ يەر كۆزىگە سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تاماققا زادىلا كۆڭلى تارتمىدى. ئالدىدىكى گاڭپەننى بىر-ئىككى قوشۇق يەپلا نېرىغا سۈرۈپ قويدى. ئاسىدەنىڭ چىرايىمۇ بىر ئاز سۈرۈن ئىدى. ئەخمەت ئۆزىنى ناتونۇش بىر يەرگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. كەچتە ئۇلار كىردىن قاپقارا بولۇپ كەتكەن بىر يوتقان-كۆرپىنى سېلىپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. ھەي بۇنى كۆرپە دېگىلى بولارمۇ؟ ئۆز ئۆيىدە ئانىسى مامۇق قىتەك يۇمشاق كۆرپىدىن ئىككىنى سېلىپ بەرمىسە ئۇخلىمايتتى. بۇنداق قاتتىق يەردە قانداق ئۇخلىغىلى بولار. ئۇنىڭ پەقەت ئۇيقۇسى كەلمىدى. بۇغۇزىغا يىغا قاپلاشتى. ئەخمەتنىڭ ئانىسى بۇ مېھمانلار-نى كۈتۈپ بولالماي پايپېتەك بولۇپ كەت-كەن، مېھمانلار كەلگەن كۈندىن باشلاپ كەتكەن كۈنگە قەدەر ھەركۈنى قازاندا گۆش قايناپ تۇرغان، نەجمىدىن ئاكىنىڭ ئايالى توخۇ، ئۆردەك گۆشلىرىنى چالا-بۇلا غاجىلاپ تاشلاۋەرگەنىدى. ئەخمەت بۇ ئايالنىڭ شۇ چاغدا دېگەن چىرايلىق گەپلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ھازىرلا بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكۈسى كەلدى. بىراق بۇنداق كېچىدە ئۇ ھېچيەرگە بارالمايتتى. ئۇ ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغىنىدا ياندىكى ئۆيدىن ئايال خوجايىنىنىڭ:

— ۋاي، مېنىڭ سەككىز يېرىم كوي پۇلۇم يوق تۇرىدۇ. ئاخشام بار ئىدى، بىرى ئېلىۋاپتۇ! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھېلىقى ئەخمەت دېگەن سەھرا-لىق ئېلىۋالغاندۇ ھەقاچان، — ئەخمەت قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. بۇ ئاسىدەنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئەخمەتنىڭ مېڭىسى غۇڭۇل-داشقا باشلىدى. شۇ چاغدا نەجمىدىن ئاكىنىڭ:

— ئۇ بەلكىم ئېلىۋالمىغاندۇ، ئۇبدانراق ئىزدەپ باق، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىزدىدىم. بۇ ئۆيدە ئۇ ئېلىۋالمىسا كىم ئالاتتى؟

ئەخمەت چىداپ تۇرالمىدى. مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقاندەك بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇد-نى ئاچچىق بىر تۇيغۇ چۇلغىۋالدى. چىرايى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ يان ئۆيگە كىردى.

— سىزنىڭ پۇلىڭىزنى ئېلىۋالمىساممۇ ئاچا، مېنىڭ پۇلۇم بار. سىلەرنىڭ مېنى مېھمان قىلغىنىڭلارغا رەھمەت! — ئەخمەت

شۇنداق دېدى ۋە ئاسدەگە تىكىلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىشكىنى ئاستا يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ۋۇجۇدى خورلۇقتىن ياپراقتەك تىترەيتتى. ئەخمەت تېز-تېز چامداپ قىسقا يوللۇق ماشىنا بېكىتىگە كەلدى ۋە ئۆز يېزىسىغا مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان بىر ماشىنىغا چىقىۋېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئاسدەنى خىيالىغا كەلتۈردى. ئاسدە ئەمدى ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك چىرايلىق كۆرۈنمىدى. دادىسى-نىڭ «كىرمىسەڭ بولاتتى ئوغلۇم، شەھەر-لىكلەر بىزگە ئوخشىمايدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىگە يەتكەندەك بولدى. ياق، كىرگىنى ئوبدان بولدى. چۈنكى رەڭگارەڭ بۇ دۇنيا ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. يانچۇقىنى پۇل بىلەن توشقۇزۇپ، شەھەردە قانغۇچە ئويناشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ يېڭى كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى ۋە ئۇچقاندەك ئىلگى-رىلەۋاتقان ماشىنىدا يېزا تەرەپتىن سوققان سەلكىن شامالدىن قېنىپ ۋە راھەتلىنىپ نەپەس ئالدى.

گۈلبە ھەرەم جاپپار

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

## تەلەپ

«قەدىرلىك سابىر ياخشىمۇسىز؟»

ئۇ ئاخىرى بىر قارارغا كېلىپ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان كۆڭلىدىكى ئاشۇ يىگىتكە خەت يېزىشقا باشلىدى.

ناۋادا ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا خەت يازغانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇنى چوقۇم ئەيىبلىشى، ھەتتا ئانا-بالىلىقتىن كېچىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزىنى يېنىغا ئەكىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئابلىز جۈيجاڭ-نىڭ ئۆيىگە خېلى قاتىرىغان، ئاخىرى جۈيجاڭنىڭ: «بوپتۇ، قىزنى بىز يۆتكەپ ئەكېلەيلى. بىراق بىزنىڭمۇ بىر تەلىپىمىز بار. شۇنى ئويلىشىپ كۆرسەڭلار» دېگىنىگە ماقۇل بولغان، يەنى جۈيجاڭ ئابلىزنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان گۈلپۈپەككە قىزنى ياتلىق قىلىشقا قوشۇلغان ئىدى.

ئاتا-ئانىسىنىڭ بېسىمى، يىگىت تەرەپ-نىڭ قىستىشى ئۇنى سابىرغا مۇشۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇرلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاشۇ يىگىتكە خەت ئارقىلىق كۆڭلىدىكى ئىنتايىن تەس بىر تەلەپنى قويىۋاتاتتى.

«مەن سىزگە توي توغرىلىق گەپ قىلسام، سىز گەپنى قەستەن باشقا ياققا بۇرايسىز. تېخى ئۇلۇشكۈنى ‹مەن سىزنىڭ لايىقىڭىز ئەمەس› دەپ گەپنى چورتلا ئۈزۈۋەتتىڭىز. ئېيتىپ بېقىڭا، سىز قانداقلارچە ماڭا لايىق ئەمەس؟ سىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئىنسانغۇ؟ سىزدە كۆڭۈل دەيدىغان نەرسە يوقمۇ؟ ياق، سىزدىمۇ كۆڭۈل بار، ھېسسىيات بار. بىراق سىز ئۆزىڭىزنى تۆۋەن چاغلايسىز. ئۆزى-ڭىزنىڭ ئاشۇ ئاجىز پۇتىڭىزدىن نومۇس قىلىسىز. شۇڭا سىز مېنىڭ ھەر قېتىمقى تەلىپىمنى بىلىندۈرمەي رەت قىلىۋاتىسىز. ئۆزىڭىزگە تۇرمۇشنىڭ كېرەكلىكىنى، ئائىلى-نىڭ كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز.

قەدىرلىك سابىر، گەرچە سىزنىڭ پۇتىڭىز پالەچ بولسىمۇ مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. سىزنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن. سىز مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەڭ. مەن نەچچە ئايدىن بۇيان جىق ئويلىنىپ، ئۆز لايىقىم پەقەت سىز ئىكەنلىكىڭىزنى، سىز بىلەن بىر ئائىلە قۇرغاندىلا، ئاندىن بەختكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمنى تونۇپ يېتىپ،

سىزگە تەلەپ قويۇش قارارىغا كەلدىم. چۈنكى ئىككىمىزنىڭ نۇرغۇن ئورتاقلىقىمىز بار. پەقەت سىز توي قىلىشقا قوشۇلسىڭىزلا ئۆيدىكىلەرگە ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن. مېنى ئاشۇ گۈلپۈپەكنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ: گۈلجەۋھەرەم »

قىز ئاخىر خەتنى يېزىپ بولدى-دە، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر كېرىلىۋالدى، خۇددى شىللىسىدىكى ئېغىر تاشنى ئۆرۈۋەتكەندەك چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. ئۇ خەتنى چىرايلىق قاتلاپ كونۋېرتىنىڭ ئىچىگە سالدى-دە، ياتاقتىن چىقىپ سابىر ئىشلەيدىغان كىتابخانا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئوسمانجان ئابدۇرېھىم

## ئىككى شېئىر

### نۇر بېرىدۇ مېھرىڭ دۇنياغا

ئانا!
يىگىنلەرگە ئۆتكۈزمىگىن يىپ،
جىن چىراغنىڭ نۇرلىرى جانسىز.
ھەم ئولتۇرما دوپپىمۇ تىكىپ،
بېلىڭ ئاغرار، چىرايىڭ قانسىز.

ئانا، ئۆزۈڭ تۇغدۇڭ دۇنيانى،
خەجلەپ بېرەي قۇياشنى ساڭا.
نۇر بېرىدۇ مېھرىڭ دۇنياغا،
بىز ئاشىقمىز شۇ نۇر-زىياغا.

### قەلەندەر

مەن بىر قەلەندەر،
ئاستىمدا يوق مېنىڭ ئېشىكىم
ھەم قولۇمدا ئەگرى تايىقىم،
يوقتۇر ھەتتا كۇلاھۇ جەندە،
بۇلبۇل،
پەيلىرىڭنى تۇرغىنا بېرىپ،
مەن ئاشۇنداق يالىڭاچ بەندە.

ئىدرىس مەتسېيىت

## ئۈچ غەزەل

1

بەك گۈزەل پەرى ئەمەسسەن، ئاي-قۇياش كۈندەش ئەمەس،
مەن بىراق ئاشىق ساڭا، كۆڭلۈم بۇنىڭدىن غەش ئەمەس.
ياخشى سۆزگە يوق تىلىڭ، نۇقسانىغا ياغدى قارغىشىڭ،
گۈشتىمۇ باركەن سۆڭەك كەسكەندە ھەممە پەش ئەمەس.
مەن سېنى ئىزدەپ يۈرۈپ قىسسام قۇلاققا گۈل قىلىپ،
بىر قىسىپ، بىر تاشلىدىڭ، يارىڭ بۇغۇچسىز كەش ئەمەس.
مەن سېنى تەرىپلىسەم، سۆكتۈڭ رەقىپلەر ئالدىدا،
سورۇماققا مەن گويا بىر كونا خامان-چەش ئەمەس.

سەن مېنى سۆيسەڭ ئەگەر سۆيگىن كۆيۈپ، مەنمۇ خۇشال،
بولمىسا يازدا قويۇپ، قىشتا سېغىنغان مەش ئەمەس.

2

ماڭا تەڭرىم ئاتا قىلدى يۈزى ئايدەك كېلىنلەرنى،
قېشى قۇندۇز، كۆزى چولپان، تىلى مايدەك كېلىنلەرنى.
ئەگەر چىقسا ئىپتىز-قىرغا دېمەس قىلچە ھېرىپ-تالدىم
چېپىپ ئۆيدە تىنىم تاپماس، قولۇن تايدەك كېلىنلەرنى.
يېنىپ كەلسەم قاچان ئىشتىن گويا گۈلدەك كۈلۈپ باققان،
يۈرەكىدە ماڭا مېھرى ناۋات چايدەك كېلىنلەرنى.
ئىناقلىقتا بولۇپ ئۈلگە، ئىشىمغا زور مەدەت بەرگەن،
كۆڭۈل كۆكسى گويا كەڭرى دالا-سايدەك كېلىنلەرنى.
ھاياتىم شاد-خۇرام شۇنچە، ئۆتەر ۋەسلىم ئەبەد گۈللەپ،
ئاتا قىلغاچ ماڭا تەڭرىم دىلى مايدەك كېلىنلەرنى.

3

ئۆزۈڭنى تاغ-چىنار چاغلاپ كۆزۈڭگە خەقنى ئىلمايسەن،
ۋەيا تارتىپ جىمى ئىشنى ئۇنى يالغۇزلا قىلمايسەن.
جاھاندا سەنلا ئادەمسەن، يارايسەن سەنلا ھەر ئىشقا،
ئۆزۈڭدىن باشقىنى «لايپاس، يارامسىز» دەپلا تىللايسەن.
سېنى ھۆرمەت قىلىپ كەلگەن ئەجەب ئالدىڭدا «دۆت» بولدى،
شۇڭا بەزمەڭدە ئۇ يوقتۇر، قاچا چاقچاقنى چىللايسەن.
قىلاي ئاگاھ سېنى دوستۇم، تەكەببۇرلۇق يامان ئىللەت،
ئۇنى ئۆلپەت-يېقىن تۇتساڭ قەلب جامىغا سىغمايسەن.
ئوقۇپ تارىخ، كۆرۈپ ئۈلگە داۋام كەمتەر بولۇپ ئۆتكىن،
شۇئان ھەردەم شەرەپ شانىنىڭ گۈلىدىن ھىدلايسەن.

**ئېزىزجان ھوشۇر**

## دادام

ئىزقالدۇرۇپ ئۆتتى يىللار چېھرىڭگە،
يۈزۈڭدە بار سانسىزلىغان قورۇقلار.
شەمشاد قەددىڭ پۈكۈلدى يا مىسالى،
ئالقىنىڭدا قاداق ھەمدە يېرىقلار.

شۇنداقتىمۇ چۈشمەس قولدىن كەتمىنىڭ،
ھەر ئىزىڭدىن جۇلالار بىر يېڭىلىق.
كۆچەت قويدۇڭ مېۋىسىدىن تەمەسىز،
دېھقان دادام، ئېھ جاپاكەش يېزىلىق!

**غوجامۇھەممەت قابىز**

## جاراڭلايدۇ سۇبھىدە ناخشا

**بۇلبۇل خېجىل**

مەھەللە چېتىدىن بىر مۇڭلۇق سادا
كېلىدۇ يۈرەكنىڭ تارىنى چېكىپ.

ئولتۇرۇپ بىر يىگىت بۇلاق بويىدا،
چىللايدۇ بىر قىزنى ناخشىغا قېتىپ.

ئۆتتى تۈن نىسبىدىن چىقمىدى قىزچاق،
بارمىدۇ ئەجەبا ئىشكىتە قۇلۇپ.
قورقامدۇ بىرەھىم ئۆگەي ئانىدىن،
قىينامدۇ ئەركسىزلىك بۇ قىزنى بوغۇپ.

پەنجىرە يېنىدا ئۇزەر تولۇنئاي،
تۇرىدۇ نۇرلىرى قىزغا لەۋ يىقىپ.
بولسىچۇ قانىتىم دەيدۇ ئۇ شۇ تاپ،
يۇلتۇزلار ماراشقان كۆزنەككە يېقىپ.

يىگىتنىڭ ناخشىسى چىقتى ئەۋجىگە،
قىزچاقنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇدىن بىدار.
پىچىرلار لەۋلىرى جۆر بولۇپ ئاڭا،
ئۆرتىگەچ قەلبىنى سۆيگۈ بىقارار.

ناخشىدىن بۇلبۇلمۇ بولغانىدەك خىجىل،
تىڭشايدۇ جىمغىنە ئەقلى بولۇپ لال.
شۇ مۇڭلۇق سادادىن ئايمۇ ھەسرەتتە،
قاچان بۇ قىز-يىگىت تاپىدۇ ۋىسال؟

## تەنھا كۇبلىتلار

ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى چاقتان بىلەر،
تونۇرنىڭ تەپتىنى نان ياققان بىلەر.
مۇھەببەت ئۇچقۇنىنىڭ قۇدرىتىنى
ئاشىقنىڭ كۆزلىرىگە باققان بىلەر.

* *

نى بۈيۈك خاقانلار كەتتىكىن قاياق،
يوقالدى نىشانسىز، ئالمىدىڭ ساۋاق.
نىشانە قالدۇراي دېسەڭ ئەجرىڭدە،
ئەلگە بول بىر تال شام ياكى بىر ساداق...

* *

بىلىملىك مەن دەمسەن، بولمىدىڭ بىلىپ،
بىلگىنىڭ چاغلىقلا پەقەت بىر ئىلىپ.
ئەقەللىي ساۋاتىڭ كەم تېخى سېنىڭ،
بەرىنمۇ ئۆگەنگىن ئەقلىگە كېلىپ.

* *

يازدىكى راھەتلىك كۈنلەر كېتىدۇ،
كېلىپ قىش، شۇۋرغان جاندىن ئۆتىدۇ.
ئالماشقان پەسىللەر نېمىگە مىسال،
ئويلايلى، ئۇ بىزدىن نېمە كۈتىدۇ؟!

* *

ئۆلۈم دەھشىتىدىن قورقۇپ قاچىمىز،
لېكىن قەبرە تۈزلەپ ئورۇق چاچىمىز.
شىبھىتلەز قېنىدا ئايىنغان داندىن
نېمىشقا مەي ياساپ كۆكۈل ئاچىمىز؟

* *

بەزىلەر مېھنەتتىن يىراق ئۆتىدۇ،
قالدۇرۇپ پەقەتلا جەسەت، كېتىدۇ.
ئەجرىسىز ئۆمۈرنىڭ خاكتىن نە پەرقى،
ئەل تېزلا نەزەردىن ساقىت ئېتىدۇ.

* *

بۇ دۇنيا شۇنچە كەڭ، گاھى تار قەپەس،
قايغۇسى يەتكۈچە، شادلىقى پەۋەس.
تار دېمە جاھاننى، يېتەر قايغۇ-غەم،
بىر يەڭدىن چىقسا قول، بولساق ھەمنەپەس.

**ئابدۇلئەھەت ھەسەن بارچۇقى**

## باشلىندۇ قەلبىمدە سەھەر

بېغىڭدىكى گۈللەر چىرايلىق،
جۇلاسىدىن تۆكۈلەر كۈلكە.
گۈل ھۆسنىدە چېھرىڭ سىماسى،
تۆككە نىمدىڭ چېھرىڭنى گۈلگە.

گۈل بېغىڭغا قىلرايمەن ھەر كۈن،
گۈلنىڭ ھىدى قىلىدۇ تۇتقۇن.
خىياللىرىم گۈلگە چىرمىشىپ،
يۈرىكىمدىن ئېتىلار يالقۇن.

بۇلبۇل گۈلگە بولغاندەك ئاشىق،
گۈل پۈرايمەن سېنى دەپ دىلبەر.
قارىچۇقۇمغا ئۈنگەن سۆلكەتتىن،
باشلىنىدۇ قەلبىمدە سەھەر.

مەخمۇت مۇھەممەت

# ھەممىنى ئىلكىمدە تۇتقۇم كېلىدۇ

## ئۆتۈنۈش

ئالدىمدا خۇشامەت قىلمساڭ مەيلى،
ئۆزگىگە كەينىمدىن مېنى داتلىما.
يولۇمغا توزاقلار قۇردۇڭ قاتمۇ قات.
تويۇقسىز چۈشەردەپ كۆڭلۈڭ شادلىما.

ئالدىمدا يۈزمۇ يۈز ئاتساڭ مۇشت مەيلى،
قوينۇڭدا زەھەرلىك خەنجەر ساقلىما.
ئاچلىقتىن ئۆلسەممۇ رازى بۇ جانغا،
مىننەتلىك ئېشىڭغا مېنى باشلىما.

## پارچىلار

بەيگىگە چۈشسەملا ئۇتقۇم كېلىدۇ،
ھەممىنى ئىلكىمدە تۇتقۇم كېلىدۇ.
ناۋادا ئېغىزغا سىغدۇرالىسام،
تاغنىمۇ ھاپ ئېتىپ يۇتقۇم كېلىدۇ.

* *

كۆزلىرىڭدە مىڭ قۇياشنىڭ مېھرى بار،
يۈزلىرىڭدە تولۇنئاينىڭ چېھرى بار.
ئۆزۈڭ نازۈك، قولۇڭ چۈۋەر، تىلىڭ بال،
ئېيتقىن جانان، سەندە قانداق سېھىر بار؟

ئېلى ئابدۇقادىر

# دېڭىز قىرغىقى

ھال رەڭ نۇردا لەيلىگەن قىرغاق
تىترىمەكتە بۈژغۇنلار ئېتىپ.
لەۋلىرىدە چاقنىغان شەبنەم،
سۆيۈشىدۇ قۇملارغا سىڭىپ.
قىپ-قىزارغان يۇلغۇنلار ئارا،
تېۋىنىدۇ ھەريانغا ئەمەن.

ئاق-چېچەككە ئورالغان بارخان،
كۈي كۈيلەيدۇ، شۇنچە شوخ لېۋەن.
يىلان كەبى سوزۇلغان جىرا،
ئۆرتىنىدۇ قەلبى بىر ساداق.
ئابىھايات تۆكىدۇ ئاسمان،
ئەقىدىدىن يامغۇر ۋە چاقماق...

**نۇرمەھەممەت خېلىل**

## ئىككى شېئىر

### قىزغىنىش

كۆزلىرىڭ ماڭىلا تەئەللۇق دىلبەر،
ئۆزگىگە بىر مەررە قاراپ سالمىغىن.
رىشتىمنى باغلايدۇ سۇمبۇل چاچلىرىڭ،
نامەھرەم كۆزىدە تاراپ سالمىغىن.

لەۋلىرىڭ ماڭىلا تەئەللۇق دىلبەر،
ئىزغىرىن شامال سۆيۈپ ئالمىسۇن.
كۆندۈزى كۆك تامان باقمىغىن زىنھار،
زەر قۇياش چېھرىڭگە كۆيۈپ قالمىسۇن.

### قاچانغىچە يۇرىمىز شۇنداق

يۇرەكلەردە ئوت يانار شۇئان
كۆزلىرىمىز ئۇچراشسا نىگار.
قەلبىمىزنىڭ پىنھان سىرىنى
نىگاھىمىز قىلىدۇ ئىزھار.

كۆرۈشسەكمۇ كۈندە نەچچە رەت،
سۆزلەشمەيمىز ئايلار ھەم يىللار.
قاچانغىچە شۇنداق يۇرىمىز،
چىن ۋىسالغا تەلپۈنۈپ دىللار.

**ئەمەتجان مۇھەممەت**

## ئۇ ئۈمىدكە قادالغان بايراق

كېسىلمىدى چۇشلەرگە ئەندىز،
خىياللارغا يېپىلمىدى تون.
توسۇن يىللار بېسىپ كەلدى ئىز،
بىراق تۇيغۇم بولمىدى تۇتقۇن.

تۇيغۇلىرىم بوغۇلماس زىنھار،
مەن ئۇنىڭغا سالمايمەن كىشەن.
تۇيغۇم جۇشقۇن ياشلىق، ئىپتىخار،
ئۇ بىر قانات، مېنى كۆتۈرگەن.

ئۇ سىغدۇرار ئالەمنى ئۈنسىز،
ئۇ ئالەمنىڭ ئىچىدە بىراق،
دېيەلمەيمەن ئۇنى ئۈمىدسىز،
ئۇ ئۈمىدكە قادالغان بايراق.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **مامۇت زايىت، ئوسمانجان ساۋۇت**

## ئىمىن تۇرسۇن ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئىمىن تۇرسۇن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تونۇشلۇق پېشقەدەم ئەدىب، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇزۇن يىل تىل تەتقىقاتى، تەرجىمە ۋە مۇھەررىرلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناس، تەرجىمشۇناس ھەم مۇھەررىر. ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەمگىكى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيەت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى زور. ئۇ ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، ھۆرمەتكە لايىق زات.

ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، ئىجادىيىتىنىڭ 52 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يىل 10-ئاينىڭ 20-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ زالىدا «ئىمىن تۇرسۇن ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئىمىن تۇرسۇننىڭ تەڭتۇشلىرى، سەبداشلىرى، دوست-بۇرادەرلىرى ھەم ئەدەبىيات-سەنئەت، نەشرىيات، تىل-يېزىق، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ خادىملىرى، ئىمىن تۇرسۇننىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن بولۇپ 150 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

بۇ يىغىننى ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ۋە تىل ئىنستىتۇتى، ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئوبۇل ئىسلام ئىمىن تۇرسۇنغا تون كىيگۈزدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئاينۇر، دىلخۇمار قاتارلىق ئۈچ ئۆسمۈر پېشقەدەم ئەدىب ۋە ئالىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەبرىكلەپ ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ، ئۇنىڭغا گۈلدەستە تەقدىم قىلدى. يىغىندا قەييۇم تۇردى، ئوبۇل ئىسلام، ئابلىز ئاتاۋۇللا، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن، قادىر ئەكبەرلەر سۆز قىلدى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە ئىمىن تۇرسۇننىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى مول نەتىجىلىك ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى.

يىغىن بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمى، ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق ئون نەچچە ئورۇن، كوللېكتىپ ۋە شەخسنىڭ تەبرىك خېتى ۋە تەبرىك تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. يىغىندا مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمى، ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەت

ئىسمايىل قاتارلىقلارنىڭ تەبرىك خېتى ياكى تەبرىك تېلېگراممىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يولداش مۇھەممەت ئىسمايىلنىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنداق دېيىلدۇ: «تىلشۇناس، شائىر، تارىخشۇناس، ئاتاقلىق تەرجىمان ئىمىن تۇرسۇننىڭ 70 ياشقا تولغانلىقى ھەم ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ 52 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەنجۇمەن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانلىقىدىن خۇشاللىق بىلەن خەۋەر تاپتىم. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ۋە ئۆز نامىمدىن بۇ ھۆرمەتلىك ئالىمغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن».

يىغىن تولىمۇ قىزغىن داۋام قىلدى. ياسىن زىلال، يۈلتۈز تېيىپجان ئىمىن تۇرسۇننىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. ماھمۇت زەيدى، ياسىن زىلال ئۆزلىرىنىڭ ئىمىن تۇرسۇنغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بەردى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، مەمتىمىن نورۇز قاتارلىق پېشقەدەم ئەدىب ۋە سەنئەتكارلار ھاياجان بىلەن سۆز قىلىپ، يىغىنغا ئاپىرىن ئېيتتى، ئىمىن تۇرسۇننى قىزغىن قۇتلۇقلىدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، مەدەنىيەت نازارىتى، 12 مۇقام فوند جەمئىيىتى، مۇقام ئانسامبلى، مائارىپ نەشرىياتى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مۇزېيى، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي تېخنىكوم، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەزەرىيە تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر مەخسۇس بەتلەر بۆلۈمى ئەدەبىيات-سەنئەت گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە ئوبۇل ھاشىم ھاجى، رابىيە قادىر، نىياز كېرىم شەرقى قاتارلىق شەخسلەر ئىلىم ئەھلىنى، ئىلمىي ئەمگەكنى قەدىرلەپ، ئىمىن تۇرسۇنغا سوۋغا تەقدىم قىلدى. مۇقام ئانسامبلىنىڭ سەنئەتكارلىرى بىلەن ئىككى نەپەر ئۆسمۈر يىغىنغا قىممەتلىك مەنىۋى سوۋغا — ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرىنى تەقدىم قىلىپ، يىغىننىڭ ئاخىرقى كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. يىغىننىڭ ئاخىرىدا ئىمىن تۇرسۇن ھاياجان بىلەن سۆز قىلىپ، پارتىيە، خەلققە رەھمەت ئېيتتى، يىغىن ئەھلىگە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

يىغىنغا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى روزى ھوشۇر ھەمدە ئەنسەرىدىن مۇسا، مەمتىمىن توختى، غازى ئەمەت، ماموتوۋ، نۇرمۇھەممەت كېرەم، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىز ياقۇپ، خەمىت تۆمۈر، ئىمىن ئەخمىدى، ئوبۇلقاسىم خوجاخمەت، ئىبراھىم مۇتىئى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، شۈكۈر يالقىن، ئەرشىدىن تاتلىق، ئابدۇسالام توختى، زوردۇن سابىر، ئابلىمىت سادىق قاتارلىق رەھبەرلەر، ئالىملار ۋە يازغۇچىلار قاتناشتى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھەممەت شاۋۇدۇن رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئۆز خەۋىرىمىز)

△ ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مەھەممەت شاۋۇدۇن بۇ يىل 9-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەنگە بېرىپ، بۇ يەردىكى ئاپتورلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا 100 دىن ئارتۇق ئاپتور ۋە ھەۋەسكار قاتناشتى. يىغىندا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ھەم يېڭى ئۇچۇرلارنى تونۇشتۇردى. ئاپتور ۋە كىتابخانلارنىڭ تەلەپ-پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى.

(ئۆز خەۋىرىمىز)

## قايغۇلۇق خەۋەر



ئاتاقلىق يازغۇچى، قابىلىيەتلىك مۇھەررىر قاھار جېلىل بەختكە قارشى 1994-يىلى 9-ئاينىڭ 22-كۈنى خوتەندە داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 51 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

يازغۇچى قاھار جېلىل 1943-يىلى 7-ئايدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1962-يىلى شىنجاڭ پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1976-يىلى 4-ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ۋە خوتەن ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. شۇ يىلى 5-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، «تارىم» ژۇرنىلىدا 1982-يىلغىچە مۇھەررىر، 1982-يىلدىن 1988-يىلغىچە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1988-يىلدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ، مەخسۇس ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ 12 مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

قاھار جېلىل بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان. پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇش جەريانىدا مول ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن. قىزغىن ھەۋەس، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، جاپالىق ئىزدىنىش ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئىقتىدارلىق يازغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسى بولدى.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1961-يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «قۇياش ۋە مايسا» ناملىق ئەسىرى بىلەن باشلاندى.

ئەپسۇس، قاھار جېلىلمۇ، كۆپلىگەن ئەدىبلىرىمىزگە ئوخشاش، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زەربىگە ئۇچراپ، چەتكە قېقىلدى، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت

بىلەن تازا شۇغۇللىنىدىغان 10 يىللىق ۋاقتى بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قارا بورانلىرى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يازغۇچى ئىجتىھات بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قايتىدىن كىرىشىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

هازىرغىچە يازغۇچىنىڭ «چېچەكلەر»، «ئېزىتقۇ»، «چەۋەندار»، «كۆكۈل» ناملىق هېكايە توپلاملىرى، «تۇرمۇش قاينىمىدا»، «خىلۋەتتىكى كىشىلەر»، «مېھرىبان» ناملىق پوۋېستلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى، ئالتە پارچە ئەدەبىي ئوبزورى، بىر دىرامىسى ئېلان قىلىندى، «قىساس» ناملىق رومانى يېقىندا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بىر قىسىم ئەسەرلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى، بەزى ئەسەرلىرى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ «باهار تەنتەنىسى»، «ئاچالدا» ناملىق هېكايىلىرى، «تۇرمۇش قاينىمىدا» ناملىق پوۋېستى، «ياشلار» ناملىق دىرامىسى 1980-ۋە 1981-يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

قاهار جېلىل ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى، باشقىلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنەتتى، پۇرسەت تاپسىلا تۇرمۇش قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىنچىكە كۆزىتىپ، مول تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئىجادىيەتكە كىرىشەتتى، ئەسەرلىرىنى قايتا-قايتا پىششىقلاپ ئىشلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلىقى، كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان رېئال مەسىلىلەرنى يورۇتقانلىقى، تىلىنىڭ ساددا ۋە راۋانلىقى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. قاهار جېلىلنىڭ ئەدەبىي هايات يولى، ئۆزى ئېيتقاندەك، «يېڭىلىقلارنى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش، ئىجادىيەتنىڭ خىلمۇ خىل جاپا-مۇشەققەتلىرىنى يېڭىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش» جەريانى بولدى.

قاهار جېلىل تونۇلغان يازغۇچىلا بولۇپ قالماي، يەنە قابىلىيەتلىك، تىرىشچان مۇھەررىر ئىدى. ئۇ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن 12 يىل جەريانىدا ژۇرنال سەھىپىلىرىنىڭ مەزمۇنلۇق، رەڭدار چىقىشى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈردى، تالانتلىق ياش ئاپتورلارنى بايقاش، تەربىيىلەش جەھەتتە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاجىز هالقا بولۇپ كېلىۋاتقان پروزا ژانىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئايانماي تەر تۆكتى. بىز «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرىگە، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆركەم مەنزىرىلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، يازغۇچى ۋە مۇھەررىر قاهار جېلىلنىڭمۇ جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرىمىز.

يولداش قاهار جېلىل پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيەتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، يولداشلار ئارا ئىتتىپاقلىقنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايتتى، خىزمەتتە ئەستايىدىل، مۇئاسىۋەتتە سەمىمىي، تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا ئىدى، ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتاتتى.

بىز بۈگۈن خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك بىر يازغۇچىسىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. لېكىن ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك ئەسەرلىرى، ئېسىل ئەخلاقى-پەزىلەتلىرى بىز بىلەن دائىم بىللە.

يازغۇچى قاهار جېلىل خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ هايات!

# «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

## پوۋېستلار


ئەسئەت ئەمەت.......... يۇلتۇز ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەر.......... 1-سان

ماخمۇت مۇھەممەت.......... خاتىرەمدىكى سۈرەتلەر.......... 2-سان

خالىدە ئىسرائىل.......... ئۇرۇنتا.......... 3-سان

جالالىدىن بەھرام.......... قۇدرەتلىك ئىلاھ.......... 4-5-سان

سۇلتان ھاشىم.......... تىرىلگەن موردا (فانتازىيىلىك پوۋېست).......... 5-6-سان

ئەسئەت سۇلايمان.......... ئۆيىقۇغا كەتكەن كروران گۈزىلى.......... 6-7-سان

ئەختەم ئۆمەر.......... تاش مۇنار.......... 8-سان

سەمەت دۇگايلى.......... ئالتۇندىن قىممەت.......... 9-10-سان

زۇنۇن تاھىر.......... بۇلانغان ئايال.......... 9-10-سان

جالالىدىن بەھرام.......... قۇملۇقتىكى ئاتەش.......... 11-سان


## ئەدەبىي ئاخبارات، زىيارەت خاتىرىسى، ئەسلىمە ۋە روماندىن پارچە


ئۆمەر رەجەپ.......... زېمىندىكى پەرىشتىلەر (ئەدەبىي ئاخبارات).......... 1-سان

قەيسەر مىجىت.......... مەڭگۈلۈك ياشلىق (ئەدەبىي ئاخبارەت).......... 4-سان

زوردۇن سابىر.......... ئاخىرلاشمىغان زىيارەت (زىيارەت خاتىرىسى).......... 7-سان

قاھار جېلىل.......... شىپاگەرلەر (ئەدەبىي ئاخبارات).......... 7-سان

ئابلىز ئوسمان.......... ئوت ناخشىسى (ئەدەبىي ئاخبارات).......... 9-سان

قەييۇم تۇردى.......... گىلتاغدا باھار (روماندىن پارچە).......... 10-سان

ئەخمەت تۇردىيېۋ.......... باھادىر جەڭچى (ئەسلىمە).......... 11-سان

ئەركىن روزى.......... يىراق ماكاندىكى قىممەتلىك ساراڭلار (ئەدەبىي ئاخبارات).......... 11-سان


## ھېكايىلار


مەھەممەت ئۆمەر.......... پەرزىنىڭ يالدامىسى.......... 1-سان

ئوسمان ھوشۇر.......... ھەسرەت.......... 1-سان

ئەنۋەر ھوشۇر.......... نوتۇق تېكستى.......... 1-سان

تۇردىھاجى ئابدۇغوپۇر.......... خازانلىق يول.......... 2-سان

ئەنۋەر غوپۇر.......... سېرىق چاپان قىز.......... 3-سان

زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت.......... يېشىل سىرلىق دەرۋازا.......... 3-سان

ئابلجان ھېيت.......... ھەسرەتلىك گۈلدۇرمە.......... 4-سان

ياسىنجان سادىق.......... ئىھ، سەھرا.......... 4-سان

قاھار جېلىل.......... «ئولىمپىيە» رېستورانىدا.......... 5-سان

ئالىم مۇقىيىت.......... ئاداپ قارىي.......... 6-سان

يارمۇھەممەت تۇرسۇن.......... شەپقەتچى.......... 6-سان

ئالىمجان ئىسمائىل........ پالاكەت ..................... 6-سان
جېلىل مۇھەممەت..........پەۋقۇلئاددە ۋەزىپە ............... 6-سان
مۇھەممەت ئىمىن..........ئۇمۇرتقىسىز ئەرۋاھ .............. 7-سان
تۇرسۇن مەخمۇت..........نەي ئاۋازى ..................... 7-سان
ئەسئەت ئەمەت...........قاراڭغۇدىكى ئادەم .............. 7-سان
روزى ھوشۇر...........شانلىق ئىزلار ..................... 8-سان
پولات راخمان..........ئىككى ھېكايە ..................... 8-سان
ئەخمەت ئەمەت..........كۆڭۈلدىكى بارماق ئىزى............ 8-سان
ماخمۇت مۇھەممەت..........ئۈچ ھېكايە ..................... 8-سان
داۋۇت مەتنىياز..........ۋاقىتلىق ئامەت.................. 8-سان
مالىك كېۋىر..........تالاشتا قالغان قىز................ 9-سان
ئابدۇغۇپۇر ئابدۇراخمان..... ئاھ، سىرلىق دۇنيا............ 10-سان
سىدىق تۇرسۇن..........ئاھ، كەپتەر .................... 11-سان
غۇپۇر نۇر ........... دەرۋازىۋەن................... 11-سان
زۆھرە ئابدۇۋايىت.......... پەردىسىز دېرىزە............. 11-سان

## نەسىرلەر

مۇستاپا مۇھەممەت..........نەسىرلەر ..................... 4-سان
ئەرشىدىن قادىر..........تەپەككۇر دەرىخىدە پىشقان مېۋىلەر......... 6-سان
ئوسمان قاۋۇل..........چۈشۈمدىكى بىر ھەيتە.................. 6-سان
ئەرشىدىن توختى..........كۆڭۈل كۆكىدە چاقنىغان يۇلتۇزلار............ 11-سان
قەيسەر مىجىت..........خىيال دېڭىزىدىن چەشمىلەر.............. 11-سان
ئابدۇۋەلى كېرىم..........نەسىرلەر.................... 11-سان
ئەكبەر قادىر..........قەلب خىتابى.................... 11-سان

## مەسەل ۋە ساتىرىلار

م. سادايى..........كەمتۈك نۇسرەتلەر (مەسەللەر)............ 4-سان
ئەھەت ھاشىم..........مەسەللەر.................... 5-سان

## شېئىرلار

مەھەممەت خېۋىر..........غەزەللەر.................... 1-سان
جاپپار ئەمەت..........ھېسسىياتىم تامچىدۇر گويا............ 1-سان
غەنىزات غەيۇرانى..........رۇبائىي ۋەقتئەلەر.................. 1-سان
ماخمۇتجان ئىسلام..........قەشقەر سۆيگۈسى.............. 1-سان
مۇھەممەت سالىم.......... پەرىشتە قانىتىدا................ 1-سان

مۇتئەللا ئىبراھىم........ شېئىرلار.................... 1-سان
ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن.... غايىب بولغان سادالار.......... 1-سان
مامۇت زايىت.........سۆيۈمدىكى خىياللار........ ........ 1-سان
ئادالەت ئابدۇرېھىم.......رەسسام..................... 1-سان
جېلىل خېلىل............ئۆزۈمگە قايتىش.............. 1-سان
سەيپىدىن ئەزىزى.........ماۋ جۇشى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ..... 2-سان
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ....... رۇبائىيلار.................. 2-سان
مۇھەممەتئېلى زۇنۇن.......ئىككى مۇۋەششەھ............. 2-سان
غەنى رەشىدى..............سەھرادىكى رەسىدە قىز......... 2-سان
مەھەممەتجان سادىق..... ئىككى شېئىر.......... ........2-سان
پەتتارجان مۇھەممىدى..... ياشلىقىم..................... 2-سان
ئارسلان...................ئايرىلىش ھەسرىتى............ 2-سان
ئابدۇسەمەت خېلىل..........پۇركىنىپسەن گۈللەرگە بېغىم..........3-سان
نۇرىيە ئېلاخۇن............تاغ كۆيلىرى.................. 3-سان
ئاتىكەم زەمىرى............كەلگىن يارىم سۆيگۈ جامى ئىلىپ قولۇڭغا.. 3-سان
قۇندۇز مۇھەممەت.........ئۈمىد بىلەن گۈللىنىدۇ بۇ ئالەم. ......... 3-سان
راھىلە كامال..............كۆزىمىزدە ئۇخلار قىزىل نۇر ...... ......... 3-سان
شەمسىيە يۈسۈپ............ئايدىن تامغان مىسرالار.............3-سان
زۆھرەگۈل ئەخەت...........مەن كېچىدە گۈلگۈن ھىلال ئاي.......... 3-سان
ئىمىن ئەخمىدى.............چۆل لىرىكىلىرى..................... 3-سان
ھاجى مىرزاھىد كېرىمى...... ياپراقتىكى نەقىشلەر................. 3-سان
ھەبىبۇللا رەجەپ............روھىمغا چىرماشقان سېھىرگەر دۇنيا.........3-سان
ئەخمەت ھامۇت...............باھار لىرىكىلىرى..................... 3-سان
تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن...... لالە (داستان)......................... 3-سان
ئوسمانجان ساۋۇت...........سەن چىققان چوققىلار قالمسۇن پەسلەپ.. 4-سان
ئىمىن تۇرسۇن..............رۇبائىي دەپ يازسام................... 4-سان
ئابدۇكېرىم مەخسۇت.........ئۆمۈر سەپىرىدە ئىنسان ئارمىنى.........4-سان
روزى سايىت...............ئۈچ غەزەل.............. .............. 4-سان
مەھەممەت روزى............ئاق قۇلارنىڭ تىللىرىدا نورۇزلۇق. ......... 4-سان
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت.......غەزەللەر.............................5-سان
غەيرەت ئابدۇراخمان........چۈنكى بىزدە ئۆلمەس مۇھەببەت........... 5-سان
ئەركىن نۇر................مەسھ ئىدىك ماڭا مۇقەددەس.............5-سان
ئېلزاد ئابدۇلھەق.......... شائىرغا.............................. 5-سان
ھەسەنجان بوساق...........دوستلىرىم بار يۆلەكداش ماڭا.............5-سان
مامۇت زايىت...............بۇ شۇنداق جاھان...................... 5-سان
مەسۇم باست...............ئىككى شېئىر.......................... 5-سان
ھەززالى..................رۇبائىيلار......................... 5-سان
ئابلىز ھوشۇر............. سەپەر ئۈنچىلىرى......................5-سان

ئۆمەرجان مۇھەممەدى ..... ئىككى شېئىر .............. 5-سان
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ... بىردەملىك ئۆمۈرمۇ ئالتۇندىن ئەزىز ... 5-سان
ئەخمەتجان قۇربان ......... كېلىچەك ئىشقى .............. 5-سان
ئىبراھىم نىياز ......... چوغ .............. 5-سان
نەزەرى ............. ھايات .............. 5-سان
مۇسا ئەھەد ............. جىمجىتقىنا ياغار ئاپئاق قار ......... 5-سان
پەرھات باھايدىن ......... مۆدۈرۈلۈپ يۈرەر بىر تال پەي ......... 5-سان
مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ....... چاقىندى شاۋكەت تەپەككۇر مەشئىلى .... 6-سان
تۇرغان شاۋۇدۇن ......... ئاتاپ كەلدۇق تەگرى نامىدا ......... 6-سان
ئىمىن راشىدىن ......... يۇرت تۇپرىقى .............. 6-سان
تۇراپ دايىم ......... يىللار مېنى قويىدى ئۆزگەرتىپ ......... 6-سان
ئابدۇللا تالىپ ......... رۇبائىيلار .............. 6-سان
جاببار ئەمەت ......... سەھرا گويا پەرىزات .............. 6-سان
مەھەممەتجان سادىق ... سالام ساڭا ئوتتۇرا ئاسىيا ......... 7-سان
مەھەممەت شاۋۇدۇن ......... ئايلاندى تارىخقا سانسىز تاڭ، گۈگۈم ......... 7-سان
قىيۇم سوپى ......... كۆزىڭىزدە چاقنىغان كۈلكە ......... 7-سان
ئابابەكرى توختى ......... جۇدالىق — ئۇ جۇدۇن، قىش ئەمەس ......... 7-سان
مۇھەممەتجان راشىدىن ... ياندۇ قەلبىمدە قۇياش بوپ ئىنسان ......... 7-سان
توختى سابىر ......... سەن كېتىپ قالدۇق نېمىشقا بىز بەنە ...... 7-سان
مەھەممەتجان سەيدۇللا ... تاڭغا گۇۋاھ ئەقىدەم ......... 7-سان
ئەخمەتجان ئىسمايىل ......... چوغلانغان ئۇيۇقتا كەتتىم مەن سىڭىپ ... 7-سان
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم ......... يېرىم دۇنيا ناخشىسى ......... 7-سان
ئىبراھىم ئىزاقى ......... سۆيگۈ سەۋدالىرى ......... 7-سان
روزى سايىت ......... دەپتىرىمدىن يىغىندىلار ......... 7-سان
ئەسقەر ياسىن ......... كۆز تىكتىم بەختكە شۇنچە بىتەخىر ......... 7-سان
بىلقىز سۇلايمان ......... باھار .............. 7-سان
ئەنۋەر كەلپىن نەزەرى .... مەن سېنى سۆيەتتىم قايتىدىن ئىراق ... 7-سان
ئەركىن مۇھەممەت كامالى ...... ئىككى شېئىر .............. 7-سان
تاھىر تالىپ ......... قاراكۈنلەر ئاقىرىدۇ كۆگۈلدەك ......... 8-سان
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ......... گۈزەل سەھرا، گۈزەل تەبىئەت ......... 8-سان
تۇردى سوپى ......... پۇشايمان .............. 8-سان
سەلەي قاسىم ......... ئاي قۇياشقا قارايدۇ ......... 8-سان
نۇردۇن مۇسا ......... ۋىسال تەمەچلىرى ......... 8-سان
ئادىل تۇنىياز ......... بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى ......... 8-سان
مەھەممەت چاۋار ......... شائىر ئويچان، تاغلار ئاق ......... 8-سان
مەھەممەتجان ئەمەت ..... چۈشۈمدىكى تار چىغىر يولدا ......... 8-سان
ئەركىن داۋۇت ......... ئىلھام چاچقۇلىرى ......... 8-سان
مۇھەممەت ئەسئەت ..... ئىككى شېئىر ......... 8-سان

ئابدۇقادىر سادىر ........ ئۈچ غەزەل ........ 8-سان
مۇھەممەت روزى ........ زېمىن نۇرىنىڭ ئاشىقى ........ 8-سان
نۇرمۇھەممەت جېلىل ........ چۆلنى باغ ئەتسە كىشى ........ 8-سان
رەخمىتۇللا جارى ........ لوكچۇڭگە مەدھىيە ........ 9-سان
غەنى رەشىدى ........ مەن ساڭا سۆزلىدىم سۆيگۈ ھەققىدە ........ 9-سان
ئابدىكېرىم ئوسمان ........ مۇھەببەتكە يىلتىز تارتار نەپرەتنىڭ گۈلى... 9-سان
ئابلەت ئابدۇللا ........ قەلبىمدە بىر ئىزگۈ ئالەم ........ 9-سان
ۋاھىتجان ئوسمان ........ بىر پارچە ئوت كەتتى يۈرەككە ........ 9-سان
ئايگۈل روزى ........ نۇر دەستىسى سۇنۇپ كەتكەن جاي ........ 9-سان
مۇساجان يۇنۇس ........ كۈلۈپ ئال كۆزۈم ........ 9-سان
ئىمىن ئەخمىدى ........ ئانا لېرىكىلىرى ........ 9-سان
نەسرۇللا ئابلەت ........ ئانا تۇپراق ........ 9-سان
ماخمۇتجان ئىسلام ........ ئىلھام تامچىلىرى ........ 9-سان
مۇھەممەت تۇرسۇن ئەخەت ........ گۈزىلىم ئۈزۈكسەن ئاجايىپ دۇنيا ........ 9-سان
ماخمۇت مۇھەممەت ........ باناتزاردىن ئالمىزارغىچە ........ 10-سان
ياسىن زىلال ........ مەن ئەرشكە يېزىلغان سوئال ........ 10-سان
ئوسمانجان ساۋۇت ........ قىنىمغا پاتمايمەن، قۇچاقتا ئالەم ........ 10-سان
مۇسا ئەھەد ........ غەزەللەر ........ 10-سان
تۇرسۇنجان ھاشىمى ........ ھايات بەرگەن ئىلھاملار ........ 10-سان
ئېلى زاھىت ........ تاتلىق سۆزلەر بەرگەن مېھىر دەرياسى... 10-سان
ئەركىن مەمتىمىن ........ قارىچۇقتىكى چېغىر يول ........ 10-سان
ئابدۇ سەمەت خېلىل ........ مۇھەببەت لېرىكىلىرى ........ 10-سان
ئىمىن راشىدىن ........ قولۇمدىكى شۇ قىزىل ئالما ........ 10-سان
بارىجان زەپەر ........ پايانسىز قىرغاقتا پارلىغان سۆيگۈ ........ 10-سان
مەھەممەتجان سادىق ........ ئىككى شېئىر ........ 11-سان
ئىمىن تۇرسۇن ........ ئەلۋىدا غولام ........ 11-سان
رەخمىتۇللا جارى ........ دوستىمىز ھاجى غۇلام غوپۇرغا ياد.نامە ........ 11-سان
ئوسمانجان ساۋۇت ........ ھازا كۈيى ........ 11-سان
مەھەممەتجان راشىدىن ........ سىنىڭ روھىڭ ........ 11-سان
تەلئەت ناسىرى ........ ئۆز تىلىم ........ 11-سان
غەنىزات غەيۇرانى ........ رۇبائىي ۋە قىتئەلەر ........ 11-سان
جاپپار قاسىم ........ شېئىرلار ........ 11-سان
ئابلىز ھوشۇر ........ لېرىكىلار ........ 11-سان

## ئۈمىد چېچەكلىرى

(شېئىرلار)

ئادىل تۇنىياز ........ قەشقەر ۋاقتى سائەت ئالتىدە ........ 2-سان
ئايسىمە ئىدرىس ........ نەي چالىدۇ دالىدا چوپان ........ 2-سان

مۇسا ئەھەد..........ئىككى شېئىر.......... 2-سان
تۇراپ دايىم..........گۇل مەگزىدە قەترە سۆيۈندى..........2-سان
مۇھەممەت كامال..........شەرق ئەگەر چاچمىسا شەپەق.......... 2-سان
كەرىمە ئابدۇللا..........سۆيگۈ ئۈچۈن ياندۇ قۇياش.......... 2-سان
ئابدۇغېنى ھامۇدى..........سۆيگۈ غەزەللىرى.......... 2-سان
مۇھەممەت كامال.......... ئىلھامغا باي كېچىلەر.......... 4-سان
ئابابەكرى توختى.......... تەلەي.......... 4-سان
ئەركىن داۋۇت..........ئاپئاق نۇردا چاقنار يېشىللىق.......... 4-سان
نۇرشات مەمتىلى.......... ئىككى شېئىر.......... 4-سان
ئەركىن سابىر..........ھارۋا كېلەر توپىلىق يولدا.......... 4-سان
ئابلەت ئابدۇرېشىت.......... خەيرلەشكەن ئاخىرقى سەھەر.......... 6-سان
ئابدۇرېھىم زۇنۇن.......... سۆيگۈ نەزمىلىرى.......... 6-سان
نۇرمۇھەممەت توختىنىياز.......... يەلكەم ساڭا تەخت.......... 6-سان
مېھرىنسا مەتنىياز.......... داللارنى كېزىمەن سەھەر.......... 6-سان
مۇھەممەت سالىم..........سۆيگۈ ئالماشلىرى.......... 8-سان
ئابدۇلئەھەت داۋۇت..........ئالداشنى ئۆگەتتىدۇ ئالداشلار.......... 8-سان
ئابلىمىت تۇردى.......... ئىككى شېئىر.......... 8-سان
مەھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا..........گۇل بەرگىدەك خىياللار.......... 10-سان
ئىلھام ئۆمەر.......... ئارخىپ.......... 10-سان
غوجامۇھەممەت قابىز..........ئىككى ئاي.......... 10-سان
مۇھەممەت كامال..........يۈرىكىمدىن چىقىدۇ قۇياش.......... 10-سان
دولقۇن جاپپار.......... يىراق كەنت خاتىرىلىرى.......... 10-سان
ھۆسەيىن ئەسئەت.......... ئۆكۈنۈش.......... 10-سان
ئابلەت ئەخمەت..........ياشلىقنىڭكى خىياللار.......... 10-سان
شاۋكەت ئىبراھىم..........رۇبائىيلار.......... 10-سان
زۆھرەگۈل ئەخەت..........سەبىي مىسرالار.......... 10-سان
رابىيەم ئىسرائىل.......... ئۈنسىز سۆيۈش.......... 11-سان
ئەكبەر نىياز پەتتارى..........قوشماق كۈبلېتلار.......... 11-سان
ئابابەكرى تۇيغۇن..........قۇياشنى باشلاپ كەل يۇرتۇمغا بوۋا.......... 11-سان
ئۆمەرجان مۇھەممەدى..........شېئىرلار.......... 11-سان

## بالىلار ئەدەبىياتى

ئەخمەتجان قۇربان..........چۈغلۇق ۋە ئۇنىڭ ئۇيۇنچۇقلىرى (بالىلار چۆچىكى)...2-، 3-سان
زۇلخۇمار.......... مۇئەللىمگە بېرىلگەن پىكىر (ھېكايە).......... 6-سان
مەھەممەت روزى..........يۇلتۇزلارنى قۇچىمەن (شېئىر).......... 6-سان
مەمتىمىن بارى..........ئاي بۇزدى (شېئىر).......... 6-سان
ھەسەن تىلىۋالدى..........ئالتۇن ھالقاڭ تەگرىتاغدا (شېئىر).......... 6-سان

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن....... ئىككى ھېكايە.................. 8 - سان

## ماقالىلەر، مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئىسمائىل ئەھمەد........ يۈكسەك بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز بىلەن
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە
پايدىلىق تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى
ئىجاد قىلايلى........................ 1 - سان
قەييۇم تۇردى............ ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئىجادىيەتنى بىرلىكتە
گۈللەندۈرەيلى.......................... 1 - سان
قۇربان بارات.............. «ئالمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» رېئالىزملىق
ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلى .......... 1 - سان
ئابلىمىت ئىسمايىل.......... «ناۋايى ھەيكىلى ئالدىدا» دىكى نۇقسانلار... 1 - سان
فاڭ لى.................... ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرىدە سەرخىل
مەھسۇلات ئېگى بولۇشى كېرەك........... 1 - سان
جاڭ ۋاڭ.............. شەيتان ئەينەك ئىلھامى..................... 1 - سان
«كېيىنكى ئەسىردە مەشھۇر ئەسەرلەرنى كىم
ئوقۇيدۇ» ........................... 1 - سان
چى داخۇي.............. مەھەممەت باغراش ئىجادىيىتىدىكى زامانىۋى ئاڭ... 2 - سان
خەلچەم رىشىت............ قۇملۇقنىڭ چۈشى ئىنسان تەبىئىتى........... 2 - سان
نۇرمەھەممەت زامان...... ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى بەزى
مەسىلىلەر توغرىسىدا ......................... 2 - سان
ئىبراھىم ئىزاقى.......... «ئارمانىنىڭ ئارمىنى» ئىزگۈ ئارمان...... 2 - سان
مجىت ناسىر............... ماقالە .............................. 3 - سان
ئابدىرېھىم ئۆتكۈر ......... يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇرغا خەت............. 3 - سان
مەتىمىن ھوشۇر ......... «زەئىپ روھ ۋە زەئىپ مۇھەببەتكە قوشۇمچە ... 3 - سان
ۋۇزۇرىن.................. جۇڭگو ئەدەبىياتقا مۇھتاج................. 4 - سان
مەھەممەت شاۋۇدۇن....... يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ياش ئىجاد-
كارلار.................................... 5 - سان
مۇھەممەت ئىمىن........ رېئالىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى
توغرىسىدا.............................. 5 - سان
ئابدۇللا مۇھەممدى....... ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ پېسخىكىسى توغرىسىدا.... 6 - سان
گۈلجامال مەتىمىن........ رېئالىزم ۋە مودېرنىزم ھەققىدە دەسلەپكى
مۇلاھىزە.............................. 6 - سان
قەييۇم تۇردى............ شائىر ئەلقەم ئەختەم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا

سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز ................8-سان
قۇربان بارات..........ئەلقەم ئەختەمنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبى توغرىسىدا ...8-سان
تۇرغان شاۋۇدۇن..........ئىندىيىۋى ئىزچىللىق شائىر ئەلقەم ئەختەم
ئىجادىيىتىدىكى هاياتىي كۈچ.............. 8-سان
ئابدۇللا مەتقۇربان..........ئەلقەم ئەختەم ئىجادىيىتىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى... 8-سان
مۇھەممەت ئىمىن..........روھىي هالەت تەسۋىرى توغرىسىدا .......... 9-سان
لىيۇ يۇڭ..............يېزىلاردىكى كىتابخانىلارنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ...9-سان
ئابدۇۋەلى كېرىم..........شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى
توغرىسىدا ....................... 10-سان
ئابلىكىم ئابدۇراخمان...... مەھەممەتجان سادىق شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ
ئالاھىدىلىكلىرى......................10-سان
مىجىت ناسىر.............6-نۆۋەتلىك « خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى »
ۋە 2-قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز.......... 11-سان
قەييۇم تۇردى..........« خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى » پائالىيىتى
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشسۇن ۋە مىۋە بەرسۇن...11-سان
مەھەممەتتۇرسۇن ئېلى..... ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى توغرىسىدا.......... 11-سان
ئۇچقۇنجان ئۆمەر..........يۇمۇر ھەققىدە مۇلاھىزە.............. 11-سان


## ئەسەر ۋە باھا


ئالىمجان ئىسمائىل......... هايات سەھنىسىدىكى تەسىرلىك ئويۇن......... 3-سان
غەيرەت ئابدۇراخمان...... شەھلا كۆزۈڭگە نېمە گۇناھ؟ ........... 3-سان
ۋەلى كېرىم...........باشلامچىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى................ 4-سان
پازىل قادىر............يازغۇچى ۋە ئۇنىڭ بۇرچى.................4-سان
مەھەممەتتۇرسۇن ئېلى... « ئەدەبىي ئىجادىيەت پرىنسىپلىرى » ناملىق
كىتابتىكى مەنتىقسىزلىكلەر ۋە مۇجمەللىكلەر...4-سان
ئەنۋەر ئابدۇرېھىم.......... ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئىپتىلغان گۈزەللىك ناخشىسى... 5-سان
مەھەممەتتۇرسۇن جاپپار... « ناۋائى ھەيكىلى ئالدىدا » ھەققىي نادىر
ئەسەر.........................5-سان
خېلىچەم رىشىت...........« ئۇربىتا » دىكى سەييارىلەر پاجىئەسى ۋە
مەنىۋى نامراتلىق.................. 6-سان
تۇرسۇن مەھەممەتھۇسەين... ئاياللار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بىر قىسىم
ئەسەرلەر ھەققىدە.................. 6-سان
مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمى...« تومان باسقان مەھەللە » مۇ ياكى ئۆزىمىزنىڭ
سۆيۈملۈك مەھەللىسىمۇ؟................. 7-سان

**دۇنيا ئەدەبىيات ئېقىملىرىغا نەزەر**
مودېرنىزم ئەدەبىياتى ھەققىدە سوئال - جاۋابلار ...................... 3 - سان

**كىتابخانىلاردىن خەت**
ئابدۇللا مەتقۇربان ......... كىچىككىنە تەسىرات ............. 6 - سان

**بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز**
ئەدەبىي تەرجىمان راخمان مامۇت ....................... 2 - سان
يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىق ...... ......................... 3 - سان
يازغۇچى توختى ئايۇپ ............................... 4 - سان
ياش يازغۇچى غەيرەت ئابدۇللا ......................... 4 - سان
پېشقەدەم شائىر جاببار ئەمەت ......................... 5 - سان
يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ ............................... 6 - سان
پېشقەدەم شائىر ئابدۇسالام توختى ....................... 10 - سان
شائىر ئابدۇللا سۇلا يىمان ............................. 11 - سان

**كلاسسىك ئەدەبىياتتىن نەمۇنە**
سەككاكى ............... غەزەللەر ...................... 5 - سان

**بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىز**
مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ............................. 4 - سان

**نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى**
يەھيا سادىق .............. يېڭى لەتىپىلەر ............... 2 - سان
مىجىت مەھەممەت ............. لەتىپىلەر ................ 5 - سان
يەھيا سادىق ............. لەتىپىلەر .................... 4 - سان
يۇسۇپجان مەھەممەت، تۇردى نىياز ... لەتىپىلەر ............. 11 - سان

**تەرمە گۈللەر**
تۇرسۇنجان ئەمەت ........ داۋۇت دازىباۋ (ھېكايە) ............. 1 - سان
ئايمە ھەممەت سايىپ ...... تونۇردا (ھېكايە) ............... 4 - سان
سەلەي قاسىم ............ سەنمۇ شائىر بولامسەن (شېئىر) ......... 4 - سان
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ...... سىلەر ھايات كۆكىمدىكى ئاي (شېئىر) .... 4 - سان
ئابدۇساتتار ناسىرى ..... ھەسەت (شېئىر) ................... 4 - سان
يۇسۇپ توختى .............. ئاددىي ئادەم (ئەسلىمە) ............. 5 - سان
زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت ....... ئاققان يۇلتۇز (ھېكايە) .............. 8 - سان

**قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن**
ئەيدەنباي باجاي .............. شېئىرلار ................... 11 - سان

**چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن**
ئىساك باسۋىش سىنگىر .... تۇرخۇن تازىلىغۇچى ياش قارىۋاي (ھېكايە) .... 1 - سان
نادىمىن گودىمىر .......... تەقىت قىلىنغان مۇھەببەت (ھېكايە) ......... 2 - سان
تۇرگېنېۋ .................. ئورمان ۋە يايلاق (نەسىر) ............... 4 - سان
جىبران خېلىل جىبران ........ ۋەردە خانىم (ھېكايە) ................ 5 - سان
جالالىدىن موسايېۋ .............. ئۇستەك (ھېكايە) .................. 6 - سان

يولداش ئەزەمە تۇۋ............ئىككى مە سلىھەت ( ھېكايە ) ..................8 - سان
ئىلى پىلىن.................. بوغدىيى ئورۇۋېلىنمىغان ئېتىز ( ھېكايە ) ...... 9 - سان
لىلاكېپىك.................. بىر قاچا ئوگرە ( ھېكايە ) ............................. 10 - سان

## كورسانتلار ئەسەرلىرىدىن

ئابلىتىپ ھېمىت............. قوش جىنازا ( ھېكايە ) ............................ 1 - سان
ئابدۇھېلىم سەيدۇل..........مېنىڭ قېيىن ئاتام ( ھېكايە ) ...................... 1 - سان
ھۇسەيىن تاش..............ئىزدەش ( ھېكايە ) ...................................... 2 - سان
ھېلىمجان قارى..............دوغغاق جىگدە ( ھېكايە ) ...........................
قۇربان ئۆمەر ، بىلال سالاھىدىن ، توختاش يۇنۇس ، ئىسمائىل بارات ، ھەسەنجان ھاشىم ،
غېنى روزى ، خاسىيەت ئەمەت ، مۇتەللىپ ئوسمان ، رەيھانگۈل نىزام ، قادىر بولاق ،
روزىگۈل يۇنۇس............. ( شېئىرلار ) .................................... 2 - سان
گۈلنۇر جاپپار ............ ئانا قەلبى ( ھېكايە ) ................................ 3 - سان
ئەخمەتجان مۇھەممەت ، ئابدۇرېھىم مۇھەممەت ، مۇزەپپەر مۇھەممەت ، ئەركىن زوردۇن ،
ئالىمجان ئابلىز ، ئابلىكىم ئەخەت ، ئەلى ئوبۇل ، بىلال سالاھىدىن ، ئامىنەم
مىجىت ، بارات ئىمىن ، نۇرمۇھەممەت خېلىل ، ھېكماخۇن مەمەت ، خېنىگۈل مەخەت ،
ئابدۇۋايىت مۆلجەرى ........ ( شېئىرلار ) ........................................ 3 - سان
ئابلىكىم ئابلىمىت....... ساداقەت ( ھېكايە ) ...................................... 4 - سان
مەھەممەتجان ئوبۇل...... ئىمانسىز ( ھېكايە ) ...................................... 4 - سان
مەھەممەتئىمىن ياقۇپ..... ئۇنتۇپ قېلىش ( ھېكايە ) ............................. 4 - سان
ئەخمەتجان ئىسمائىل ، ئوسمانجان مۇسا ، چوپانى ، غېنى روزى ، ئىسكەندەر بېشىر
( شېئىرلار ) ........................................................................ 4 - سان
ئەخمەت رەھمەت..............دوختۇرخانىدا ( ھېكايە ) ............................. 5 - سان
ئەمەتجان مەھەممەت ، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت ، ئېلى ئابدۇقادىر ، روشەنگۈل
تۇنىياز ............. ( شېئىرلار ) ............................................... 5 - سان
ئابدۇھېلىم سەيدۇل..........موزدۇز ( ھېكايە ) .................................. 6 - سان
ئىزىز ھوشۇر ، ئەمەتجان مۇھەممەت ، تۇرغۇنجان ئىمىن ، ئابدۇۋايىت مۆلجەرى ،
ئەلى ئوبۇل ، ئەركىن زوردۇن ، ئامىنەم مىجىت ، ياقۇپجان قادىر ، تەلئەت جېلىل
كەنجى ، مەمەتجان روزى ، رەيھانگۈل نىزام ، ئېلى ئابدۇقادىر ... ( شېئىرلار ) ... 6 - سان
ئەركىن ئابدۇللا..............ئاپتوبۇستىكى لەتىپە ( ھېكايە ) .................. 7 - سان
ئىزىزجان ئابدۇراخمان...... بىھۇدە خىيال ( ھېكايە ) ............................ 7 - سان
قەدىردان قادىر..............مۆشۈك سېتىش ( ھېكايە ) ............................ 7 - سان
ئابلەت تۇرا............ ئوغرى ( ھېكايە ) ....................................... 7 - سان
سابىرجان سېيىت ، ئىلھام ئۆمەر ، گۈلسۈمئاي غوجامنىياز ، تاشقارى يۇسۇپ ، ئىدرىس
مەتسېيىت ، ئابلىز ئىبراھىم ، ئىسمايىل بارات ، پەرھات كېرىم ، قادىر بولاق....
( شېئىرلار ) ........................................................................ 7 - سان
غۇنچەم سەمەت..............ۋاپادار ( ھېكايە ) ......................................... 8 - سان

ئابدۇخالىق ئابدۇۋاقى...... نەسرلەر ............ 8 - سان
ماخمۇت بەكرى............ نەسرلەر ............ 8 - سان
ئابلىمت مجىت، سالامەت توختى، خەلچگۈل ئەھەد، ئېزىزنامان، مەخسۇت سىدىق،
مايمۇنە كېرىم، ئابلىكىم مۇساق، ئابلىمت رەخمىتۇللا، شىرئەلى مامۇت، ئابلاجان
ئۇسمان، ئابدۇلئەھەد ھەسەن بارچۇقى.... (شېئىرلار) ............ 8 - سان
ھۆرىيەت راخمان............ ئەتۇرنى ئۇڭشاش (ھېكايە) ............ 9 - سان
گۈلبەھرەم جاپپار............ قوشكېزەكلەر ئارزۇسى (ھېكايە) ............ 9 - سان
شاۋكەت مجىت، ئابدۇۋايت مۇلجەرى، ئېزىزجان ھوشۇر، ئابلاجان ئۇسمان،
ئۇسمانجان ئابدۇرېھىم، باتۇر ئىسرائىل، ئايگۈل شانىياز... (شېئىرلار)..... 10 - سان
ئابدۇۋايت مۇھەممەت.... تۇمانلىق سەھەر (ھېكايە) ............ 10 - سان
ئابدۇلئەھەد ھەسەن، تاشقارى يۈسۈپ، دىلشات مۇھەممەتنىياز، قۇربان نۇر،
ئەمەتجان مۇھەممەت، ئەلى ئوبۇل، خەلچگۈل ئەھەد، مۇختار قاسىم، ئابلىز
ئىبراھىم............ (شېئىرلار) ............ 11 - سان
توختاشگۈل ئۈمەر............ ئىككى ھېكايە ............ 11 - سان
پاشاگۈل ئىسمايىل............ ئانا (نەسر) ............ 11 - سان
ئەمەتجان مۇھەممەت، ئۇسمانجان ئابدۇرېھىم، خەنگۈل مەخەت، ئابدۇرېشىت مجىت،
ئېلى ھوشۇر، مۇنىياز ئېلى... (شېئىرلار) ............ 11 - سان

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

تەگرىتاغ ئېتەكلىرىدىن پايتەختكىچە ............ 1 - سان
ژۇرنىلىمىز تەھرىر ھەيئەتلەر يىغىنى ئۆتكۈزدى............ 1 - سان
5 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئىسمىلىكى
ۋە مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەر ............ 1 - سان
ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مۇشائىرە
ئۆتكۈزۈلدى ............ 2 - سان
گارسىيا ماركوسنىڭ يېڭى ئەسرى — «مۇھەببەت ۋە باشقا ئالۋاستىلار ھەققىدە» ... 6 - سان
«دوختۇر رىۋاگو» نىڭ ئورىگىنالى تالاش - تارتىشتا قالدى ............ 8 - سان
قايغۇلۇق خەۋەر ............ 8 - سان
تارىختىن بۇيان نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر ............ 9 - سان
شېكىسپىر ۋە ماللو ............ 10 - سان

يۇلتۇز تېيىپچان تۈزگەن

# «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى

ئۆتكەنكى ئۈچ قارارلىق كۇرسنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولدى. كۆپلىگەن كۇرسانتلارنىڭ ھېكايە، نەسىر، شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى ئوبدان ئەسەر يازالايدىغان، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان بەزى ئاپتورلار بايقالدى. بىز شۇنداق ئاپتورلارنى يېتەكلەش مەقسىتىدە بۇ كۇرسنى داۋاملىق ئېچىشنى قارار قىلدۇق.

ئوقۇتۇش ئۇسۇلى: كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى تاپشۇرۇق ئىشلەپ (شېئىر، ھېكايە، ئوبزور يېزىپ) ئەۋەتىدۇ. تاپشۇرۇقلارنى مەخسۇس مۇئەللىملەر كۆرۈپ تەكشۈرىدۇ ۋە تەلەپكە ئۇيغۇن بولغانلىرى ژۇرنالنىڭ كۇرسانتلار سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنىدۇ. ئوقۇتۇشتا ئەسەر ئېلان قىلىشتىن سىرت يەنە خەت ئارقىلىق يېتەكلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. تاپشۇرۇقلارغا باھا يېزىلىپ، كەمچىلىك-نۇقسانلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ ۋە ئېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىلىدۇ (بۇ كۆرسەتمە ۋە مەسلىھەتلەر كۇرسنىڭ ئاخىرقى ئېيىدا ئەۋەتىلىدۇ).

ئوقۇتۇش مۇددىتى سەككىز ئاي (1995-يىل 1-ئايدىن 8-ئايغىچە) بولىدۇ. مۇددەت توشقاندا ئوقۇش تۈگىتىش گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ.

ئوقۇتۇش ھەققى 100 يۈەن بولىدۇ. قايتا ئوقۇماقچى بولغان ئىلگىرىكى كۇرسانتلاردىن 70 يۈەن، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن 80 يۈەن ئېلىنىدۇ. كۇرسانتلارغا ھەر ئايدا بىر نۇسخىدىن «تارىم» ژۇرنىلى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ (بۇ، ئوقۇتۇش ھەققىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىمىزنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ).

كۇرسقا تىزىملانغانلار ئوقۇش ھەققى ئەۋەتكەن كۈندىن باشلاپ تاپشۇرۇق ئىشلەپ (شېئىر، ھېكايە، ئوبزور يېزىپ) ئەۋەتىشكە باشلىسا بولىدۇ (پوۋېست قوبۇل قىلىنمايدۇ). ئەۋەتىلىدىغان تاپشۇرۇقلارنىڭ سانىغا چەكلىمە قويۇلمايدۇ. تاپشۇرۇقلارنى ئۆلچەملىك قەغەزگە قۇر ئاتلاپ كۆچۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

تىزىملاش ۋاقتى ئېلان چىقىرىلغان كۈندىن باشلاپ 3-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولىدۇ.

ئوقۇتۇش ھەققى ئاددىي پېرېۋوت چېكى ئارقىلىق ئەۋەتىلىشى، ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، ئادرېسى، پوچتا نومۇرى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

خەت-چەكلەرگە «ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ < تارىم > ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئوقۇتۇش مەركىزىگە تېگىدۇ» دەپ يېزىلسا بولىدۇ.

پوچتا نومۇرى: 830000

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئوقۇتۇش مەركىزى





ئۆمەر تۇرسۇن
يىغىن ئەھلىگە
رەھمەت
ئېيتماقتا .



قۇتلۇقلاش



سەپداشلار



ئائىلە تاۋاباتلىرى
بىلەن بىللە

قەييۇم تۇرسۇن فوتوسى




《塔里木》文学月刊(维吾尔文) TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　组：«塔里木»编组部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：«博格达»电子排版中心
印　　刷：乌鲁木齐市印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅、零售：各地邮局所

1994-يىل 12-سان (406-سان)، 44-يىل نەشرى
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214)
...شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
...مەركىزىدە تىزىلدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا
...لدى، ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
...جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
...مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际标准刊号：ISSN 1002-9044
国内统一刊号：CN 65-1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58-66

...خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002-9044
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65-1010/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-66، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.20 يۈەن

定　价：2.20元

邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى: 830000

广告许可证：新工商广字010054199号